ئىمىنجان ئەخمىدى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر
ئىمىنجان ئەخمىدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN7—228—03889—4
I・1438(民文)定价:12.50元

*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇھەررىرى : ئابدۇشۈكۈر تۇردى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : لىيۇپېيچىن
مەسئۇل كوررېكتورى : پەرىدە ئېلى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر

ئىمىنجان ئەخمىدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى № 348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇ ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 8 × 1168 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 13 . 75 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1996 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1996 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 ـ 3,000
ISBN 7 —228 — 03889 — 4 / I • 1438
باھاسى : 12 . 50 يۈەن

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................ 1

### ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى نامايەندىلرى

تونيۇقۇق ........................ 1
يوللۇغ تېكىن ........................ 4
ئاپرىنچور تېكىن ........................ 6
پرتانراكشت ........................ 9
پراتيايا شرى ........................ 12
ئاتساڭ ........................ 14
ئەبۇ نەسىر فارابى ........................ 16
سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ........................ 21
يۇسۇپ خاس ھاجىپ ........................ 25
مەھمۇد قەشقەرى ........................ 33
ئەھمەد يەسسەۋى ........................ 39
ئەھمەد يۈكنەكى ........................ 45
جانبەگ ........................ 50
شۆئاڭفۇ ........................ 52
مازۇچاڭ ........................ 53
گۇەن يۇنشى قايا ........................ 55
سەئىدۇللا ........................ 59
كۇكۇن ........................ 61
رەبغۇزى ........................ 63

قۇتب ........................................................65
كى كى قۇرسا ئىچقۇ ..............................................67
خارەزمى ......................................................69
سەيفى سەرايى ..................................................72
هەيدەر خارەزمى .................................................75
دۇربېك ........................................................77
ئابدۇرەهىم هاپىز ...............................................79
ئاتائى ........................................................81
سەككاكى ......................................................83
لۇتفى ........................................................87
يۇسۇپ ئەمىدى ...................................................90
ئەهمەدى ......................................................92
يەقىنى ........................................................95
گەدائى ........................................................97
ئەهمەد هاجىبەگ .................................................99
سەئىد ئەهمەد ..................................................101
شاھ غېرىب مىرزا ................................................102
شاھ قۇلى ئۇيغۇر ................................................103
هۇسەيىن بايقارا ................................................104
ئەلىشىر نەۋائى ..................................................109
زەهىرىددىن مۇهەممەد بابۇر ......................................125
سۇلتان مەهمۇدخان ..............................................130
سۇلتان سەئىدخان ...............................................131
ئايازبېك قۇشچى .................................................134
مىرزا مۇهەممەد هەيدەر ..........................................137
قىدىرخان يەركەندى ..............................................143
سۇلتان ئابدۇرەشىد خان ..........................................145
ئامانىنساخان ...................................................149

مەجلسى ........ 151
شاھ مەھمۇد جۇراس ........ 154
ھىرقەتىي (گۇمنام) ........ 158
ئابىد قۇمۇلى ........ 165
موللا پازىل ........ 167
مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ........ 170
مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى ........ 174
سالاھى ........ 177
نەۋبەتى ........ 179
خوجاجاھان ئەرشى ........ 182
خوجا سىدىق فۇتۇھى ........ 186
موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ........ 188
موللا يۇنۇس يەركەندى ........ 189
موللا مۆمىن يەركەندى ........ 191
موللا ئابدۇلئەلىم (شائىراخۇن) ........ 193
مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ........ 194
مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ........ 199
ئۆمەر باقى ........ 201
مەھزۇن ........ 202
موللاھەيدەر ........ 204
موللا سالىھ ........ 206
موللا نىياز ........ 208
غەيرەتى ........ 211
قەلەندەر ........ 213
قاسىمى ........ 215
ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى ........ 216
مىرھەسەن سادائى ........ 219
موللا سىدىق يەركەندى ........ 221

ئەھمەد شا قارىقاشى ......................................233
ئىبراھىم مەشھۇرى ......................................225
ئىسمائىل بەگ ......................................227
ئابدۇرەھىم نىزارى ......................................228
نورۇز ئاخۇن زىيائى ......................................237
تۇردى غەرىبى ......................................241
ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ......................................244
زوھۇرى ......................................247
موللا نىيازى ......................................249
خۇشھال غەرىبي ......................................250
موللا قۇربان ......................................252
موللا بىلال نازىمى ......................................254
موللا ئىسماتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا ......................................259
موللا مۇھەممەد نىيازى ......................................261
موللا شاكىر ......................................263
دىلبەر دورغا ......................................265
مەھمۇد ھېكىم بەگ ......................................267
ئاشۇراخۇن غەرىبى ......................................272
ئاسىي ......................................273
سەيدمۇھەممەد ......................................275
موللائەلى بىننى موللا ئىمىن ......................................277
موللا مۇسا سايرامى ......................................279
موللا سەئىدۇللا ......................................284
موللا باقى ......................................286
سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر ......................................288
تەجەللى ......................................292
مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى ......................................295
ئابدۇللا شىرىپ ئوغلى خەستە ......................................297

## ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى


ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى ........ 330
ئىسمائىل هاجى ........ 304
هاپىز هاجى ........ 306
ئارۇپ قاسىمى ........ 308
هەمرا بارات ........ 310
ئابدۇللا هاپىز ........ 313
قۇتلۇق شەۋقى ........ 319
ناسۇها ئىمىن ........ 324
نەمەت خەلپەت ........ 329
دانىش هەنىفى ........ 333
ئابدۇجېلىل داموللا هاجى ........ 338
مۇهەممەد تۇردى قاسىم ........ 340
مەرۇپ سەئىدى ........ 343
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ........ 346
مەمتىلى توختاجى ........ 350
ئايۇپ مەنسۇرى ........ 355
ئەهمەدى ........ 358
مۇهەممەد روزى ........ 361
قاسىمجان قەمبىرى ........ 364
ئىبراهىم نورۇز ........ 367
ئابدۇراخمان شائىر ........ 371
ئەهمەد زىيائى ........ 375
خېلىل ساتتارى ........ 379
ئەنۋەر ناسىرى ........ 381
نۇر مۇهەممەت بوساقوپ ........ 385

ئابدۇللا روزى ........................................389
مۇھەممەت ئىمىن توختايوۋ ........................................392
بىلال ئەزىزى ........................................394
ئەمەت غوپۇرى ........................................398
لۇتپۇللا مۇتەللىپ ........................................400
بىبلىئوگرافىيە ........................................408

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن باي مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىچىدە ئۇيغۇر فولكلورى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىمۇ ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەشكىل قىلغان مەنىۋى بايلىق — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنىڭ تۆككەن قان - تەرى ۋە سىڭدۈرگەن ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە، ئەنە شۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى نامايەندىلەرنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى، ياراتقان ئەسەرلىرىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، كەچۈرمىشلىرى، تەربىيىلىنىش - يېتىلىش جەريانى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يورۇتۇپ بېرىشمۇ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ساھە، بۇ، بىرقەدەر مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخىنى يارىتىش يولىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىنى ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەر بىللە يۇغۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ۋە تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىپ، ئىزاھلاپ بېرىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدا ئۆزىمىزگە خاس بىر نەزەرىيىۋى خۇلاسە چىقىرىپ بېرەلەيدىغان، بىر قەدەر مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخى مەيدانغا كەلگۈچە، يەككە يازغۇچىلار توغرىسىدىكى ئىزدىنىشمۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ، مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئەدەبىيات تارىخى يېزىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەرنى يەككە ھالدا بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇشنى «تارىم» ، «بۇلاق» ژۇرناللىرى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئۆز سەھىپىسىدە نامايەندىلەرنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش كەڭ كىتابخانلار ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنىمۇ زور دەرىجىدە قوزغىدى . ئىزدەنگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى . يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرمۇ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى . بەزى يەرلىك ژۇرناللارمۇ سەھىپىلىرىدە ئۆز رايونى ۋە ئۆز دائىرىسى بويىچە يېڭى تېپىلغان نامايەندىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ، يازغۇچىلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى .

يۇقىرىقىدەك رىغبەتلەندۈرۈش ، ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلىرىمىزنى بىر قەدەر تولۇق ھالدا مەتبۇئات يۈزىدە كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلىدۇق . ئەمما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل ئەھمىيەتلىك ئىش ۋە ئوتتۇرىغا چىققان ماتېرىياللار ۋاقىت جەھەتتە ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريانغا سوزۇلدى ، ماتېرىيال مەنبەلىرىمۇ ئىنتايىن تارقاق بولدى . بۇ خىل ئەھۋال ، مەزكۇر ماتېرىياللارنى يىغىپ - رەتلەپ ، ئۇلارنى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ۋە يىل تەرتىپى بويىچە بىر سىستېمىغا سېلىپ (بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ، شۇنداقلا ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەڭ قارالدى) ، كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇپ ، نۇقسانلىرىنى تۈزىتىپ ، بىر پۈتۈن ئاپتورلار قامۇسى ئىشلەپ چىقىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغانىدى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆز پىلانىغا كىرگۈزۈپ قوللىشى ئاستىدا ، ئىمىنجان ئەخمىدى بىرقانچە يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق مەزكۇر ئەسەر بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاساسىدا قايتا ئىزدىنىپ بىر قەدەر ئىخچاملانغان ، پاكىتلار قايتا

ئېنىقلىنىپ ، خاتالار تۈزىتىلگەن ، خېلى دەرىجىدە يېڭىلىق كىرگۈزۈلۈپ ، قايتا ئەمگەك سىڭدۈرۈلگەن يېڭى نەتىجە بولۇپ ، بۇ ئىلمىي ئەمگەك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى ئەنە شۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە .

مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلەردىن 132 ئەدىبنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلغان . ئاپتور يەنە 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغان چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىگىمۇ ئۆز ئەسىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن بەرگەن . ئاپتور «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى» قىسمىدا ، ئاساسەن ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دېموكراتىك ئەدەبىيات دەۋرىگە مەنسۇپ نامايەندىلەرنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان . شۇڭلاشقىمۇ ، بۇ قىسىمدا تونۇشتۇرۇلغان نامايەندىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ، ئاز بىر قىسمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ياشاپ ، بەزى ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ ، لېكىن گەۋدىلىك ئىجادىي پائالىيىتى يەنىلا دېموكراتىك ئەدەبىيات دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ئەدىبلەردۇر . 1940 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھنىسىدە تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشتى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىنى ئۇقتىلىق ھالدا بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىگە قويۇپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» قاتارلىق ساناقلىق ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يازغۇچىلارنىڭ ئۆمۈر تارىخى ، ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان مەخسۇس تەزكىرە ياكى بايازلار ئىنتايىن كەمچىل . بۇ ھال ، بۈگۈنكى كۈندە يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىشىنى ئىنتايىن

قىينلاشتۇرماقتا. مەزكۇر ئەسەردە ھاياتى ۋە ئىجادى تونۇشتۇرۇلغان يۇقىرىقى نامايەندىلەر توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ بىر قىسمى تارقاق ۋە تولۇقسىز مەنبەلەردىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىدا ئەكس ئەتكەن بەزى ئىزنالاردىن ئېلىنغان بولغاچقا، ئۇنى يەنىلا مۇكەممەل بولدى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، بۇ جەھەتتىكى ئاقلىق، كەمتۈكلۈك ۋە نۇقسانلارنى يەنىلا داۋاملىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى كەڭ ھەۋەسكارلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ جەھەتتە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تېخىمۇ تىرىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تەتقىقاتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى ۋە شۇ ئاساستا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل تارىخىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى

# تونيۇقۇق

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ۋە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 5 - ئەسىرلەردىلا تۇرپان ئويمانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقى، مانىخي دىنىي ئەدەبىياتى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «خۇئاستۇئانىفت» («تۆۋە دۇئاسى») نىڭ مىلادى 5 - ئەسىردە بۆتۈرمىش تارقان ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىللەردىلا ئۆز ئەدەبىي تىل - يېزىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىلادى 8 - 9 - ئەسىرلەرنى ئۆزىگە دەۋر قىلغان «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى» دەۋرىدىن ئاۋۋالقى ئەسىرلەردىن بىزگە «خۇئاستۇئانىفت» تىن باشقا بىرەر ئەدەبىي يادىكارلىق يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇڭلاشقىمۇ، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي نامايەندىلىرى ئۈستىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، ئالدى بىلەن مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئاپتورلىرىدىن بىرى، دۆلەت ئەربابى ۋە ئەدىب تونيۇقۇقنى تىلغا ئالىمىز.

سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتتا ئۇيغۇرلار بىرقەدەر مۇھىم رول ئوينىغان كۆك تۈرك خاقانلىقى دەۋرى (552 — 744 - يىللار) دە ئۆزىنىڭ پاراسەتلىكى ۋە دانىشمەنلىكى بىلەن تونۇلغان تونيۇقۇق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشقا تېگىشلىك ئەدىبلەردىن بىرى. تونيۇقۇقنىڭ ئۆمۈر بايانى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلىپ تاشقا ئويۇلغان ئورخۇن يېزىقىدىكى «تونيۇقۇق

مەڭگۈ تېشى» دىن باشقا ماتېرىيال يوق . «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» مىلا-دىيە 712 ـــ 716 - يىللار ئارىلىقىدا تىكلەنگەن بولۇپ ، مەڭگۈ تاش تېكىستى ئىككى پارچە تاشقا ، جەمئىي 62 قۇر قىلىپ ئويۇلغان ھەمدە ئۇ 1897 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايىن - چوقتو دېگەن يېرىدىن تېپىلغان .

تونيۇقۇق كۆك تۈرك خاقانلىرىدىن ئېلتەرىش خاقان (682 ـــ 691 - يىللار) ، قاپاغان خاقان (716 - يىل) ۋە بىلگە خاقان (734 - يىل) قا-تارلىقلارغا باش ۋەزىر ، مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە يۇقىرىقى خاقانلارنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان . بۇ ھەقتە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 51 - 52 - ، 54 - 58 - قۇرلىرىدا : «... قاپاغان خاقان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا ، مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم ، تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيال-مىدىم . كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم . قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم ، قارا تەرلىرىمنى ئاققۇزدۇم . مەن دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوش-تۇم ... ئېلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى . ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن ، دۆلەت يەنىلا دۆ-لەت بولدى ، خەلق يەنىلا خەلق بولدى . ئۆزۈم قېرىدىم ، ئۇلۇغ بولدۇم . ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق ، خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولىدىكەن ، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن ؟ تۈرك بىلگە خاقان ئېلىگە مەنكى بىلگە تونيۇقۇق (بۇ مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرنى) يازدۇردۇم ...» ① دەپ يېزىل-غان .

مەڭگۈ تاش تېكىستىدىكى بايانلاردىن تونيۇقۇقنىڭ تۈرك خاقانلىقىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنىلا ئەمەس ، شۇنداقلا ، ئۇنىڭ ئۆز زاما-نىسىدا يېتىشكەن ئەدىب ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش مۇمكىن . مەڭگۈ تاش تېكىستى مۇقەددىمە ، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قى-

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 - يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى) نىڭ 60 - ، 61 - بەتلىرىگە قارالسۇن .

سمغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى دەۋر رىئاللىقى كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن جانلىق ، ئوبرازلىق بايانلار ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى رەڭدارلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلەر بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستىنى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قىممەتلىك ھۆججەت ، تىل - ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى ئورنىغا قويۇپ كەل- دى . 1950 - يىللاردىن كېيىنكى بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىدە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ئوخشاش بىر قاتار مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىل خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باغلىق بولغان قەدىمكى نەزىم ئەنئەنىلىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئالاھىدە بىر شېئىرىي شەكىل ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى .

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تونيوقۇق ھايات مەزگىلىدە تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈ تېشى بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى بايانلاردىن تونيوقۇقنىڭ 7 - ئە- سىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن . خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە تونيوقۇق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت قۇرغۇچى سەركەردىلەردىن لىجىڭ ، شۇجى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇلغان . مەسىلەن ، «كونا تاڭنامە» 194 - جىلد ، «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە : «تونيۇقۇق تەمكىن ، پاراسەتلىك ، ياشانغان دانىشمەن بولۇپ ، لىجىڭ ، شۇجىلار بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى .» دەپ يېزىلغان .

( «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 1 - سانىدىكى ئابدۇقەييۇم خوجا تەييار- لىغان«دۆلەت ئەربابى ۋە ئەدىب تونيۇقۇق»ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى).

# يوللۇغ تېكىن

كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە (ۋاپاتى مىلادى 734 - يىل) خاتىرىسىگە 735 - يىلى ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاشنىڭ غەربىي - جەنۇبىي يۈزىگە ئويۇلغان: «بىلگە خاقان بىتىگىن يوللۇغ تېكىن بىتىدىم. بۇنچا بارقىغ بەدىزىگ ... قاغان ئاتىسى يوللۇغ تېكىن مەن ئاي ئارتۇقى تۆت كۈن ئولتۇرۇپ بىتىدىم، بەدىزتىم ...» (مەنىسى: «بىلگە خاقان (مەڭگۈ تاش) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېكىن يازدىم. بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش، ئىپسىل (؟) ... بىلگە خاقانىنىڭ جىيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېكىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم...») دېگەن سۆزلەرنى ۋە بىلگە خاقانىنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئىنىسى كۆل تېكىنىنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ۋاپاتىدىن (مىلادىنىڭ 731 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان) بىر يىل كېيىن ئورنىتىلغان «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇب تەرىپى 13 - قۇردىكى: «بىتىدىم ئانى كۆرۈپ ئانچە بىلىڭ ئول تاش ... دىم. بۇ بىتىگ بىتىگمە ئاتىسى يوللۇغ تېكىن» (مەنىسى: «يازدۇردۇم، ئۇنى كۆرۈپ بىلىۋېلىڭلار، ئۇ تاش ... مەن ... دىم. بۇ مەڭگۈ تاشقا خەت يازغۇچى جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېكىن») دېگەن سۆزلەرنى ھەمدە كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا بۇ ئىككى مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ بىلگە خاقانىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن، بىلگە خاقان تىلىدا يېزىپ چىقىلغانلىقىنى، شۇنداقلا، يەنە يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن مەڭگۈ تاشلارغا ھۆسن خەت قىلىنىپ، نەقىشلىنىپ يېزىپ چىقىلغانلىقىنى بىلىمىز.

بىلگە خاقان، كۆل تېكىن مەڭگۈ تاشلىرى خۇددى تونيوقۇق

مەڭگۈ تېشىغا ئوخشاشلا شۇ دەۋر رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇپلا قالماي، شۇ دەۋر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور قىممەتكە ئىگە. ئۇ بىزگە قەدىمكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان شەكىللەرنى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئېلېمېنتلىرىنى ئايرىپ چىقىپ، بىزنىڭ ئەنە شۇ مەزگىلدىكى يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە روشەن چۈشەنچىگە كېلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەل ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەم قەھرىمانلىق داستانلىرى، ئەدەبىي تەزكىرە ھەم نەسىر، ھەم شېئىر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بىر خىل ئالاھىدە بەدىئىي شەكىلدۇر. كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىدىن ئېلىنىپ شېئىرىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەن تۆۋەندىكى قۇرلار بۇ پىكىرنىڭ مەلۇم ئىسپاتى بولالايدۇ:

ئۆتۈكەن يىر ئولۇرۇپ،
ئارقۇ، تىركىش ئوسەر.
نەڭ بوڭۇغ يوق
ئۆتۈكەن يىش ئولۇرسەر.

مەنىسى:
ئۆتۈكەن يېرىڭ بولسا،
پەقەت كارۋان جۆنەتسەڭ.
قايغۇ - غېمىڭ بولماس،
ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرساڭ.

يوللۇغ تېكىننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ئۇ يازغان ئىككى مەڭگۈ تاش تېكىستىدىن بىز ئۇنىڭ 8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

# ئاپرىنچور تېكىن

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مانىي دىنىي مۇھىتىدا يېزىلغان شې-ئىرلار ئىچىدىكى بىرقانچە پارچە شېئىر شائىر ئاپرىنچور تېكىنگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ شېئىرلار كۆپىنچە بىر ۋاراقنىڭ ئىككى بېتىگە يېزىلغان. ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىدىكى تەكرار ئىككىلىك شەكلىدىكى، ھەر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن ئۈچ كۇپلېت شېئىر «مانىفامەدھىيە» مەزمۇنىدا، كەينى بېتىدىكى ھەر كۇپلېتى ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلگەن يەتتە كۇپلېت شېئىر مۇھەببەت تېمىسىدىكى لىرىك شېئىردىن ئىبارەت.

شائىر ئاپرىنچور تېكىننىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ھېچقانداق ماتېرى-يال يوق. لېكىن ئۇنىڭ تۇرپان رايونىدا مانىي دىنىي مۇھىتىدا ياشاپ ئىجاد قىلغانلىقى، شېئىرلىرىنىڭ تىلىغا قاراپ، ئۇنى 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەرگە قويۇش مۇمكىن. ھالبۇكى، مانىي دىنىي تۇرپان رايونىدا 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ دىن مۇھىتىدا يېزىلغان ئە-سەرلەرنىڭ ۋاقتى كۆپرەك مۇشۇ مەزگىل ئىچىگە قويۇلۇپ كەلدى.

شائىر ئاپرىنچور تېكىننىڭ شېئىرلىرى ساپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مانىي دىنى مۇھىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە شائىرنىڭ ئېستېتىك دىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تۆۋەندە، بۇ شېئىرلاردىن بىرقانچە پارچىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

كۈن تەڭرى يارۇقىن تەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم،
كۈن تەڭرى يارۇقىن تەگ كۆ كۈزلۈگۈم بىلگەم
كۆرتلە تۈزۈن تەڭرىم كۈلۈگۈم كۈزۈنچۈم،
كۆرتلە تۈزۈن تەڭرىم بۇرقانىم بۇلۇنچسۇزۇم.

مەنىسى :

كۆڭلى كۈن تەگرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم ،
كۆڭلى كۈن تەگرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم .
گۈزەل پەزىلەتلىك ، شۆھرەتلىك قوغدىغۇچى تەگرىم ،
گۈزەل پەزىلەتلىك ، تەگداشسىز بۇرھانىم ، تەگرىم .

(«مەدھىيە» شېئىرىدىن)

1 . ئا ... ①
ئادىنىچىخ ئامراق ...
ئامراق ئۆز كىئەم ...

2 . قاسىنچىغىمىن ئۆيۈ قادغۇرارمەن
قادغۇردۇقچە قاشى كۈرتلەم
قاۋشىغسا يۇرمەن

3 . ئۆز ئامراقىمىن ئۆيۈرمەن
ئۆيۈ ئەۋدىدۇرمەن ئۆدۈ ... چۈن
ئۆز ئامراقىمىن ئوپۈكسە يۇرمەن

مەنىسى :

1 . ئا ...
بەكمۇ ئامراق ...
ئامراق ئايالىم ...

2 . يايرىمنى ئويلىسام قايغۇغا چۆكىمەن ،
قايغۇرغانسېرى ، ئىخ ، قارا قاشلىقىم ،

---

① چېكىت قويۇلغان ئورۇنلاردىكى سۆزلەر ئەسلى تېكىستتە ئۆچۈپ كەتكەن .

دىدارلىششقا شۇنچە ئىنتىزار بولىمەن .

3 . ئۆز ئامرىقىمنى ئويلىسام ،
ئويلاپ ، ئويلاپ ...
ئۇنى قايتىلاپ سۆيۈشكە ئىنتىلىمەن ①

(«مۇھەببەتنامە») ②

شائىر ئاپرىنچور تېكىننىڭ بۇ شېئىرلىرى ئۇسلۇبى ، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ جەزبىدارلىقى ، تىل قۇرۇلمىسىنىڭ جۇلالىقلىقى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخى ، مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر .

① شېئىرنىڭ تېكىستى ۋە مەنىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى .

② تۇركىيىلىك رىشت رەھمەتى ئارات «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىدا بۇ شېئىرنى «شېئىر (ئاپرىنچور تېكىن)» دېگەن ماۋزۇدا بەرگەن .

# پرتائراكشت

پرتائراكشت توخرى تىلدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئەسەر تەرجىمە قىلغان ئۆز زامانىسىنىڭ تەرجىمانلىرى ئىچىدە، ئۆزىنىڭ ساقلىنىپ قالغان چوڭ ھەجىملىك تەرجىمە ئەسىرى «مايترى سىمىت» ① ئارقىلىق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە توخرى تىلى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، تەرجىمە ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان تالانتلىق ئەدەبىي تەرجىماندۇر.

ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى چوڭ ھەجىملىك تەرجىمە ئەسىرى — «مايترى سىمىت» نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن تۇرپاننىڭ مۇرتۇق، سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق جايلىرىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئېلىپ كېتىلگەن. گاباينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدىن ئالتىسى بارلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىنى 1959 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇللۇق ئۇيغۇر چارۋىچى يەھيا رەھىم قۇمۇل تۆمۈرتىنىڭ «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان قارىغايلىق ئىدىرىدىن تېپىۋالغان. ھازىر بۇ نۇسخا (586 بەت) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

---

① مايترى — سانسكرىتچە [Maitreya] دىن كەلگەن بولۇپ، «مېھرىبان، شەپقەتلىك» دېگەن مەنىدە. مايترى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدىكى كەلگۈسى بۇرخان (بۇددا) نىڭ نامى. سىمىت — [samiti] دىن كەلگەن بولۇپ، «ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش» دېگەن مەنىدە.

«مايترى سىمىت» بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن بۇددا دىنى مۇرتلىرىنىڭ نەزەرىدە كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا: كىن كەلتەچى مايترى بۇرخان — دېيىلىدۇ)مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ 1 - ، 3 - ، 10 - ، 12 - ، 16 - ، 20 - ، 23 - ، ۋە 25 - بۆلۈملىرىنىڭ (پەردىلىرىنىڭ) ساقلىنىپ قالغان ئاخىرقى بەتلىرىدە، ئۇنىڭ قايسى تىللاردىن ۋە كىملەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر يېزىلغان. مەسىلەن، 3 - بۆلۈمنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ:

«بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان، ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچىنتىرى بۇدساتۋا ئۇستاز ئەنەتكەك تىلىدىن (سانسكرىت تىلىدىن) توخرى تىلىچە ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتانىراكشت كرماۋاژىك توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى.»

پرتانىراكشت كرماۋاژىك تەرجىمانىنىڭ دىنىي نامى ياكى تەخەللۇسى بولۇپ، سانسكرىتچە(Prajnaraksita Kramavasika)دىن كەلگەن. «پرتانىراكشت» — «ئەقىللىك ئەۋلىيا» دېگەن مەنىدە. «مايترى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ھەققىدە تېخى تولۇق بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. لېكىن 8 - ، 9 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشتىكىلەر نىسبەتەن كۆپ.

«مايترى سىمىت» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى گەرچە گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قولىدىكى نۇسخىلارغا قارىغاندا بىرقەدەر تولۇقراق ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇكەممەل تولۇق ساقلانغان نۇسخا بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا پرتانىراكشتنىڭ يۇرتىنىڭ نامى ئۇچرىمىدى. لېكىن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قولىدىكى نۇسخىلاردا ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ balik — il ئىكەنلىكى يېزىلغان. شۇنىڭغا ئاساسەن، گابايىن پرتانىراكشتنى ئىلى رايونىدا تۇغۇلغان دەپ

ھېساپلايدۇ . خاملتون il — balik نى el — balik دەپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى قوجۇ (تۇرپان) نىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولسا كېرەك ، دەپ قارايدۇ .

1980 ـ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ مۇزېيىدىكى ئىسراپىل يۈسۈپ ، ئابدۇقېيىيۇم خوجا ، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىق تەتقىقاتچى خادىملار «مايتىرى سىمىت» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدى . ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان نۇقتىلىق تەتقىقات نەتىجىسى — « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 〈 مايتىرى سىمىت 〉 » 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىندى . يۇقىرىقى تەتقىقات خادىملىرى ئۆز تەتقىقاتىدا «مايتىرى سىمىت» نى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتى .

# پراتىيايا شىرى

پراتىيايا شىرى ــــ بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىسىم بولۇپ، تەخەللۇس ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان. ھالبۇكى، «پراتىيايا شىرى» تەخەللۇسلۇق بۇ شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئەسلى ئىسمى ۋە تەرجىمىھالى بىزگە نامەلۇم.

پراتىيايا شىرىنىڭ ئىجادىدىن بىزگە «ئون تۈرلۈك نەزىر ئۇسۇلى»، «جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزمەك»، «ئىبتىراپ»، «توغرا يول»، «ياخشى تىلەك»، «ئىشەنچ»، «ياخشى نىيەت» قاتارلىق شېئىرلىرى. يەتتە قىسىمدىن ئىبارەت بولغان 50 كۇپلېت تۆتلىكى (ماۋزۇسىز) ھەمدە سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق 23 كۇپلېت تۆتلىك شەكلىدىكى شېئىردىن ئىبارەت بىرقەدەر كۆپ ئەدەبىي مىراسى يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسىرى پۈتۈنلەي بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى مەزمۇنىدا بولۇپ، ئۇ ئۆز تەخەللۇسىنى ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئېنىق قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان.

پراتىيايا شىرى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى ئەقىدىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوبرازلىق تىل، بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى، ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتىلگەن شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

تۆۋەندە، ئۇنىڭ «جانلىقلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» ناملىق شېئىردىن بىر كۇپلېت مىسال كەلتۈرىمىز:

كۆل سۈۋىنىڭ لىنخۇا ئاسى تەگ يۇقلۇنچسۇز ئارىيۇ،

كۆك ئايازنىڭ كۈن ئايى تەگ ئالىنچىسىز يورىيۇ ،
كوپ قىلىنچتىن نىشۋانتىن شىمنۇنۇڭ سىمىنتىن ،
كۆچەر بارىر يىرتىنچۇنۇڭ يولىندىن ئوشالىم .

مەنىسى :

كۆل سۈيىدە ئۆسكەن لەنخۇا گۈلىدەك غۇبارسىز ئايلىنىپ ،
كۆك ئاسماندىكى قۇياش ۋە ئايدەك توسقۇنسىز ئايلىنىپ ،
تۇرلۇك ھاۋايى - ھەۋەس ، ئىپلاسلىقتىن ، شەيتانلار زېمىنىدىن ،
ئۆتكۈنچى بۇ دۇنيانىڭ بارلىق يولىدىن ۋاز كېچەي .

تەتقىقاتچىلار تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى مەزمۇنىدىكى يازمىلارنى كۆپرەك 9 - ئەسىرگە قويۇشماقتا . مۇشۇ بويىچە قارىغاندا پراتيايا شىرى تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنى 9 - ئەسىردە ياشىغان دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن .

# ئاتساڭ

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە ئاتساڭ ئىسىملىك شائىرنىڭ بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق نومى بولغان ئاراتامساكا سوترانى مەدھىيىلەپ يازغان «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» ناملىق بىر پارچە شېئىرى بار. شېئىر جەمئىي 14 كۇپلېت بولۇپ، باشتىكى 13 كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن، ئاخىرقى كۇپلېتى 4 مىسرادىن تۈزۈلگەن.

شېئىرنىڭ 1 - كۇپلېت 7 - مىسراسىدىن بىزگە مۇئەللىپ ئىسمىنىڭ ئاتساڭ ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر باشقا بىرەر ماتېرىيال بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ھالبۇكى، شائىر ئاتساڭنىڭ بۇ بىر پارچە شېئىرىدىكى ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ماھىرلىقىدىن بىز ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن شائىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

مەسىلەن، شائىر شېئىرىنىڭ 2 - كۇپلېتىدا:

ئاياغۇلۇغ ئۇمۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا،
ئادىنلارنىڭ ئاسىغى ئۈچۈن كۈئۈكەلىگ ئۆز،
ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇر تاغلارقانى تەگ،
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كۆركلە ئەتئۆز بەلگۈردۈر.
ئازۇيىمە ئول قاگىمىز باغلاشىنۇ،
ئامرىلىپ ئىنچ تەررەمەدىن ئۇلۇرمىش ئۆدتە،
ئارتى نەڭ سىمەكسىزىن ئالقۇتىن سىگار،
ئاگىسىز ئۆكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇ كۆزۈنۇر.

مەنىسى :

هۆرمەتلىك پاسىبانىمىز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ،
باشقىلار ئۇچۇن بەخت ئىزلىگەندە ،
گويا ئاسمانغا تاقاشقان سۇمۇر تېغىدەك ،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ .
يەنە ئۇ ئاتىمىز سۇكۇتتە جىمجىت
چاڭزا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا ،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزلەش ھاجەتسىز ،
ئۇ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالدىدا كۆرۈنىدۇ .

شائىر ئاتساڭنىڭ بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتىكى بەدىئىي ماھارىتى بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

# ئەبۇ نەسر فارابى

«شەرق ئارىستوتېلى» نامى بىلەن تونۇلغان ئالىم ئەبۇ نەسر فارابى تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 259 ـ (مىلادىيە 870 ـ ) يىلى سىر دەريانىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىبن خەللىكاننىڭ 1299 ـ يىلى يازغان كۆپ قىسىملىق ئەسىرى ــ «ۋەپىياتۇل ئەيان ۋە ئەينەز زامان» («مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ۋاپات تېپىشى ۋە ئۇلارنىڭ زامانلىرى») دا «ئەبۇ نەسر مۇھەممەد تارخاننىڭ ئوغلى، تارخان ئۇزلۇقنىڭ ئوغلى، بۇلار فارابلىق تۈرك ئىدى» دېيىلىدۇ. فاراب شەھىرى ئەينى مەزگىلدە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلامىيەتنى مۇداپىئەلىنىش لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى ئىدى. فارابىنىڭ بوۋىسى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى بىلگە كۆل قەدىرخاننىڭ قول ئاستىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان. شۇڭا، فارابىنىڭ دادىسىنىڭ «تارخان» دەپ ئاتىلىشى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىكى مەنسەپ ياكى ئىمتىياز نامىنى ئىسىم ـ فامىلە سۈپىتىدىمۇ قوللىنىشتىن كېلىپ چىققان.

مىلادىيە 892 ـ 893 ـ يىللىرى سامانىلار سۇلالىسى خانى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد قاراخانىلار سۇلالىسىگە «غازات» ھۇجۇمى قوزغاپ فاراب شەھىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. نەتىجىدە، بىر ئەسىر داۋام قىلغان دۈشمەنلىك ۋە يوللارنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى فارابلىق توققۇز ئوغۇز خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان خاقانىيەدىن ئايرىۋېتىپ، سامانىلار سۇلالىسى مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى. دېمەك، فارابى 30 ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دەسلەپ قاراخانىلار سۇلالىسى مەدەنىيىتى، كېيىن سامانىلار سۇلالىسى مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە دۇنيا قاراشلىرىغا مۇشۇ مەزگىل

ئىچىدە ئاساس سالدى ۋە يۆنىلىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىدى.

فارابىنىڭ باغدادقا قايسى يىلى كەلگەنلىكى نامەلۇم. ئۇ باغدادتا ئەرەب تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان ۋە مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تىبابەتچىلىك ئىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە داۋاملىق ئۆگىنىش، بولۇپمۇ پەلسەپە ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش نىيىتىدە ھەرران شەھىرىگە بېرىپ خرىستىئان دىنىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ يۇھەننا بىننى ھەيلان جىلەدىن پەلسەپە، لوگىكا ھەمدە ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تىبابەتچىلىك، پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىدىن تەلىم ئالغان. فارابى ئۆز ھاياتىنىڭ بۇ دەۋرىدە ئەرەب، سۈرىيە، گرېك تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ ۋە ئەرەب يېزىقىدا مۆرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەر، گۈزەل شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز ئۇستازلىرىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

فارابى ھەرراندىن باغدادقا قايتىپ كەلگەندىن (تەخمىنەن 921 - 922 - يىللار) كېيىن باغدادتا 20 يىل تۇرغان. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كىتابلىرى ئەنە شۇ مەزگىللەردە باغدادتا يېزىلغان. ئۇ باغدادتا يەنە ئىز-چىل تۈردە ئۆگىنىش، ئىلمىي تەتقىقات، ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دەرس ۋە لېكسىيىلەر سۆزلەش قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

فارابى 941 - يىلى باغدادتىن ھەلەپ (شام) شەھىرىگە بېرىپ، ئۇزۇن تۇرمايلا دەمەشققە كېتىپ قالغان. ئۇ دەمەشق شەھىرىدە ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن، ئۆز ھەرىمىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇستاز تۇتۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. فارابى دەمەشقتە تۇرۇش مەزگىلىدە 948 - يىلى مىسىرغا بېرىپ كۆپلىگەن ئالىملار بىلەن تونۇشقان، ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇغان ۋە بىر قاتار مۇنازىرىلەردە ئۇستۇنلۈك ئېلىپ، زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردە فارابىنىڭ 941 - يىلى دەمەشققە كېلىشتىن بۇرۇن باغداد خەلىپىلىكىدە يۈز بەرگەن سىياسىي قالايمىقانچى-لىق سەۋەبى، ياكى پۈتۈنلەي ئۆز يۇرتىغا قايتىش مەقسىتى بىلەن ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى سامانىلار سۇلالىسىگە كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بۇ ھەقتە 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەۋلانا لۇتفى ئۆزىنىڭ «نۇر مەنبەلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە، فارابىنىڭ سامانىلار دۆلىتىگە كەلگىنىدە «ئىككىنچى تەلىمات» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى سامانىلار ھۆكۈمرانى مەنسۇر ئىبنى نوھقا تەقدىم قىلغانلىقى، مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ فارابىغا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن شۆھرەتلىك نام بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. لېكىن، فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزۇن تۇرالماي دەمەشقە كېتىپ قالغان. ئۇنىڭ ۋەتەندىن قايتا ئايرىلىش ئالدىدىكى ھېسسىياتى تۆۋەندىكى شېئىرىدا ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلىنىدۇ:

چەكسىمۇ زەخمەت ـ مۇلاقات سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە ـ قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان.
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مېنى،
زوق، ئۈمىد ئىككى سەۋەب دەل سىز تەرەپكە دائىمان.
قوزغىلىپ چىقسام سەپەرگە سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.
سىزدىن ئەبزەلرەك دىيار ـ ئەل گەر تەئەررۇز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەبۇ نەسر فارابى ھىجرىيىنىڭ 339 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 950 ـ يىلى) ماھى رەجەپتە (12 ـ ئايدا) سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ شۇ چاغدا 80 ياشقا كىرگەن بولۇپ، قەبرىسى دەمەشق شەھەر سېپىلىنىڭ «بەبەس سەغىر» دەرۋازىسى يېنىدىن ئورۇن ئالغان.

فارابى ئارىستوتېلنىڭ ئون نەچچە پارچە پەلسەپە ئەسىرى ۋە باشقا يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرقانچە پارچە ئەسىرىنى ئەسلى نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىپ شەرھىنامە ۋە تەپسىر يازغان، شۇنداقلا ئۆزىمۇ پەلسەپە تەتقىقاتىغا دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ، پەلسەپە تارىخىدا «ئىككىنچى

ئارىستوتېل» دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ لوگىكا، تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، تىبابەتچىلىك، مۇزىكاشۇناسلىققا دائىر كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەزمۇندىكى، ئىلمىي مۇنازىرىلەر خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ شەرق مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە، يېتىلگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. تۈركىيە ئالىمى ئەخمەد ئاتەشنىڭ «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» ناملىق كىتابىدا فارابىنىڭ ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يازغان 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەن.

فارابىنىڭ تىل، ئەدەبىياتشۇناسلىق، مۇزىكاشۇناسلىق جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇ «خۇسۇسۇل ھېكمەت» («ھېكمەت مەنبەلىرى») ناملىق ئەسىرىدە «ئىنسان ئەقىل ۋە سەزگۈ ۋاسىتىسى بىلەن بىلىم ھاسىل قىلىدۇ، سەزگۈلەر ياردىمى بىلەن ھېسسىي ئوبرازلار جىلۋىلىنىدۇ، ھېسسىي ئوبرازلار ياردىمى بىلەن تەپەككۇر ئوبرازلىرى ھاسىل بولىدۇ» دېسە، «كىتاب ئەرە ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» («پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى ھەققىدە») ناملىق ئەسىرىدە بىلىش جەريانلىرىنى ھېسسىي بىلىشتىن تەپەككۇر ئىقتىدارىغىچە بولغان ئىككى ئاساسىي باسقۇچقا ئاجرىتىدۇ ھەمدە ئىنساننىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ياردىمىدە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەر خىل بىلىملەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. فارابى «ئەل ماسائىلۇل فەلسەفىيە ۋەلجەھا بەئەنھا» («پەلسەپىلىك سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى») ۋە «ھېكمەت مەنبەلىرى» ئەسىرىدە ئوبراز ۋە ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن ھاسىل بولىدىغان تەسەۋۋۇرنى تاشقى ئالەمدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشى سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە ئوبرازلارنىڭ ھاسىل بولۇشى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى ھەققىدە»، «رىسالەفى ئەتتەنبىھئەلا ئەسبابۇسسائادە» («بەختكە ئېرىشىش سەۋەبلىرى ھەققىدە») ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي گۈزەللىك

ۋە غايىۋى گۈزەللىك ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، گۈزەللىكنىڭ غايىۋى تۇرمۇش ۋە بەخت - سائادەتنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر «كىتابۇ شىئىر» («شېئىرىيەت ھەققىدە»)، «كالام فى شىئىر ۋەل قافى» («شېئىر ۋە قاپىيىلەر ھەققىدە سۆز»)، «رىسالەفى قانۇن سەنائەت ئەششىئىر» («شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە رىسالە») قاتارلىق بىر بۆلۈك ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەت، يېزىقچىلىققا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىدۇ، شېئىرىيەت تىلى، ۋەزىن ۋە قاپىيە ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ.

فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى بولۇپ، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بىر مۇنچە پەلسەپىۋى شېئىرلارنى يازغان ①. ئۇنىڭ ھەر خىل مەنبەلەر ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرىدا ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، گۇمانىستىك ئىدىيىلىرى، كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىقى ئوبرازلىق تىل ۋە ئوخشىتىشلار ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەنگەن.

فارابىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىققا دائىر ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە «كىتابۇل مۇسقۇل كەبىر» («مۇزىكا ھەققىدە بۈيۈك كىتاب») ناملىق ئەسىرى بىر قەدەر نوپۇزلۇق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

فارابى پۈتۈن ھاياتىنى، بارلىق زېھنى - قۇۋۋىتىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا بېغىشلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نادىر، مول ۋە ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر جاھان ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، بەلكى، غەرب دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

---

① فارابىنىڭ توققۇز پارچە شېئىرى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

# سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 850 — 1250 - يىللار) دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن پارلاق دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە نۇرغۇنلىغان شائىر، يازغۇچى، ئەدەبىي تەرجىمانلار مەيدانغا كەلگەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى، سانسكرىت، توخرى، خەنزۇ، سوغدى، تۆبۈت (تىبەت) تىللىرىدىن قىلغان تەرجىمىلىرى، ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەر قوشقانىدى.

سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئەسەر تەرجىمە قىلغان شۇ دەۋردىكى تەرجىمانلار ئىچىدە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەرجىمە ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان بولۇش بىلەن بىللە، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان ئالىمدۇر.

سىڭقۇ سەلىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تەرجىمە ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. «ئالتۇن يارۇق» —

گېرمانىيىنىڭ 3 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1906 - 1907 - يىللىرى تۇرپان مۇرتۇقتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئونچە ۋارىقىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. 1908 - يىلى

مۇللىر (F. W. Muller) بۇ ۋاراقلارنى ئېلان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى TiiiT. V. 56 نومۇرلۇق ۋاراقتا «بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان» لىقى يېزىلغان. 1910 - يىلى مالوۋ (S. E. Malov) گەنجۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىلىڭ شىگۇ دېگەن تاغلىق كەنتىدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ كاڭشىنىڭ 26 - يىلى (1687 - يىلى) غا تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ باسما نۇسخىسىنىڭ 397 ۋارىقىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ خاتىمىسىدە: «... بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىنچىلەپ تەرجىمە قىلغان ئالتۇن ئۆڭلۈك نۇرلۇق - يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك تۈگىدى» دېگەن سۆزلەر بار.

«ئالتۇن يارۇق» — بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرى تەشۋىق قىلىنىدىغان ھېكايە، قىسسىلەر سۆزلەنگەن ئەسەر. ئۇنىڭدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر قىسسىدە چامبو دىۋىپ (سانسكرىتچە —Jambudripa) ئېلىنىڭ خانى ماخارادى (Maharatha) نىڭ كەنجى ئوغلى ماخاساتتۋى (Mahasattra) تېكىنىنىڭ يەتتە كۈچۈكى بىلەن جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن چىشى يولۋاسنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى چىشى يولۋاسقا ئوزۇق قىلىپ بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، باشقا جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش» ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنىدۇ.

2. «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» («بۇدساتۋا - ئۇلۇغ تاڭ نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى») نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى -

شۈەنجۇاڭنىڭ شاگىرتى خۇيلى تەرىپىدىن يېزىلىپ، كېيىن يەنجۇڭ تەرىپىدىن كېڭەيتىپ ئىشلەنگەن بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى 1930 - يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ 250 ۋارىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا، 123 ۋارىقى پارىژ گۇيمىت مۇزېيىدا، 23 ۋارىقى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېتربۇرگتىكى تارمىقىدا ساقلانماقتا. مەزكۇر ئەسەرنىڭ گېڭ شىمىن ئەپەندى ئېلان قىلغان 7 - بۆلۈمىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇنى سىڭقۇسەلى

تۇتۇڭ «قايتىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان» لىقى ئېيتىلىدۇ. شۇەنجۇاڭنىڭ ھاياتىدىكى پائالىيەتلىرى، بۇددا دىنى ئىلمىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان بۇ مەشھۇر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ پۈتۈنلەي ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىسى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئۇسلۇبى بويىچە ئىجادىي تەرجىمە قىلىشقا تىرىشقان.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەر توغرۇلۇق ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە خېلى كۆپ ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

3. 1965 - يىلى، تۈركىيىلىك شىناسى تېكىن غەربىي گېرمانىيىنىڭ ماينتس (Mainz) شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدىن سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان يەنە بىر نومنىڭ (ئىسمى ئېنىق ئەمەس) بىر ۋارىقىنى ئېلان قىلدى.

4. 1975 - يىلى، گېئورگى خازاي (Georg Hazai) سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «تەننى، كۆڭۈلنى كۆرمەك ئاتلىق نوم» نىڭ بەش ۋارىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا «胜光法师» دېگەن خەنزۇچە خەت كۆرۈلگەچكە، خازاي «سىڭقۇ» نى «胜光» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

5. 1985 - يىلى 8 - ئايدا قاھار بارات 1984 - يىلى 9 - ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم يېزىسىدىن تېپىلغان 13 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقنىڭ ئىچىدىكى سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان نومنىڭ بىر ۋارىقىنى ئېلان قىلدى. كېيىن، دولقۇن قەمبىرى ئۇنىڭ كەمتۈك قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ترانسكرىپسىيە قىلدى. دولقۇن قەمبىرى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ترانسكرىپسىيىگە ئاساسلانغاندا، سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىن «سەككىز يۈكمەك» نىمۇ تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

سىڭقۇ سەلىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەرجىمە ئەسەرلىرىدە، ئۇنىڭ بېشبالىقلىق ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بېشبالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ تەخمىنەن 15 كىلومېتر

شىمالىدا بولۇپ ، بۇ قەدىمكى شەھەر ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان .

سىڭقۇ سەلىنىڭ ياشىغان دەۋرى توغرىسىدا گاباين قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 923 ـ يىلدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئۇنىڭ 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ . خۇاڭ شىڭجاڭ ئەپەندىمۇ ئۆز ماقالىسىدە بۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ .

«سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ» ـــ تەرجىمانىنىڭ دىنىي نامى بولۇپ ، گېئورگى خازاي «سىڭقۇ» (4 ـ ۋە 5 ـ تەرجىمە ئەسەرلەردە «شىڭقۇ» دەپ يېزىلغان) نى خەنزۇچە «胜光» دىن كەلگەن دىنىي لەقەب دەپ تونۇيدۇ . فرانسىيىلىك خامىلتون «سەلى» نى سانسكرىتچە acarya (ئۇستاز) نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلما ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان « 阇梨 » دىن كەلگەن ، «تۇتۇڭ» خەنزۇچە «都统» دىن كەلگەن بولۇپ ، 9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ ئەمەل نامىنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ ھېسابلايدۇ .

سىڭقۇ سەلىنىڭ ئۇيغۇرچە ئەسلى ئىسمى تېخى مەلۇم ئەمەس .

# يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 880 — 1212 - يىللار) مەيدانغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» («بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم») ناملىق زور ھەجىملىك داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۈيۈك بىر ئابىدە تىكلىگەن شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قىسمەن مەلۇماتلاردىن باشقا مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان ئۈچ پارچە لىرىك ئىلاۋىنىڭ ئۈچىنچىسىدىكى «كىتاب ئىدىسى يۇسۇف ئۇلۇغ ھاجىب ئۆزىگە پەند بەرۇر» (كىتاب ئىگىسى يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى) دېگەن سەرلەۋھىدىن ۋە شۇ سەرلەۋھە ئاستىدا بېرىلگەن 6627 - بېيىتتىكى:

«ئەي يۇسۇف كەرەك سۆزنى سۆزلە كۆنى
كەرەكسىز سۆزۈڭ كىزلە قىلغا قورا»
(يۇسۇپ، سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك، قارا.)

دېگەن مىسرالاردىن ھەمدە كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، داستاننىڭ باش قىسمىغا قوشۇپ تۈپلەنگەن نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەردىن (تۈركىيە ئالىمى ر. ئارات بۇ مۇقەددىمىلەرنىڭ داستاننىڭ 2 - ۋە 3 - كۆچۈرۈلۈشىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ) بىز ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ

بالاساغۇنلۇق كىشى، ئىسمى يۇسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۆز يۇرتىدا يېزىشقا باشلاپ، قەشقەردە قايتا تۈزىتىپ تاماملىغانلىقىنى، ئەسەرنى تاۋغاچ بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلغانلىقىنى، خاننىڭ ئەسەرنى ئالاھىدە يۇقىرى باھالاپ، مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ»① لىقتىن ئىبارەت يۇقىرى ئۇنۋان بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپنىڭ «يۇسۇپ خاس ھاجىپ» نامى بىلەن تونۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپىمىز.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭغا بىلىمى ۋە قەلىمىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن «خاس ھاجىپ» لىقتەك يۇقىرى ئۇنۋان بەرگەن «تاۋغاچ بۇغرا قاراخان» — شۇ مەزگىلدىكى خاننىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇنۋان ۋە ئۇلۇغلاش نامىدۇر. داستاننىڭ فەرغانە نۇسخىسىدىن مەزكۇر قاراخانىلار سۇلالىسى خانىنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان» ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەبۇ ئەلى ھەسەن قاراخانىلار سۇلالىسى مىلادى 1040 - يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلار خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، شەرقىي قاراخانىلار خانى بولغان سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ ئىنىسى توغرول تېكىن يەنى مەھمۇد ئىبنى يۇسۇپ قاراخانىلار سۇلالىسى تەختىنى قولغا ئالغاندا (مىلادى 1059 - يىلى) ئىنىسى بىلەن بىللە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. مىلادى 1074 - يىلى ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «قاراخان» نامى بىلەن خانلىق تەختىگە چىقىپ، تارىختا «ھارۇن بۇغراخان II » نامى بىلەن تونۇلغان شەخستۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى 50 ياشقا قەدەم قويغىنىدا يېزىشقا باشلىغىنىنى، 30 يىل ئىزدەنگىنى ئاساسىدا ئەمدى قەلەم تەۋرەتمىسە، يېشى 60 قا كىرىپ قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىنىدا ئۆز

① «خاس ھاجىپ» ئەرەب تىلىدا ئارىچى، ۋەكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، قەدىمكى تۈركىي تىلدا بولسا بۇ سۆز «تاياگۇ» يەنى، تايانچ، سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېگەندەك مەنىلەردە كېلەتتى.

ئالدىغا قويغان بۈيۈك مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسەرىنىڭ 365 ـ ، 366 ـ ، 367 ـ ، 368 ـ ۋە 380 ـ بېيىتلىرىدا ئېيتىدۇ. ئۇ ئەسىرىنى تولۇق بىر يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھىجرىيە 462 ـ (مىلادىيە 1069 ـ 1070) يىلى تاماملىغان (بۇ ھەقتە 6623، 6495 ـ بېيىتلاردا ئېنىق ئېيتىلىدۇ). ئەگەر بىز ئۇ داستاننى يېزىپ تاماملىغان ھىجرىيە 462 ـ يىلى 52 ياشقا كىرگەنىدى، دەپ قارىغىنىمىزدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن ھىجرىيە 410 ـ (مىلادىيە 1019 ـ 1020) يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان مەزگىلىدىكى تارىخى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان ئۈچ پارچە لىرىك ئىلاۋىدىكى بايانلاردىن يەنە شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلى دۆلەت نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چىقىپ، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ئەخلاقى بۇزۇلغان، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ھەرقايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت، ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە دۆلەت پارچىلىنىپ، خەلق ئېغىر كۈلپەت ئاستىدا قالغان بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل «كىشىلىك، جىمى ياخشىلىق ۋە قائىدە ـ يوسۇن يوقىلىپ، رەزىللىك قالغان، ۋاپا قەھىتى بولۇپ، جاھانغا جەۋر تولغان، جاھىللار ئارىسىدا ئۆزىگە ئەلەم يەتكەن» (قاراڭ: «قۇتادغۇبىلىك» 6566 ــ 6602 ـ بېيىتلار) بۇ زاماندىن قاتتىق ئاغرىنغان ۋە بۇ خىل مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىغا باشقا بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈمىدىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ «ئومۇمىيەتچىل، ئادىل ۋە پاك ھۆكۈمدار، ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دوستى سۈپىتىدە تونۇلغان» ① خاقانى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەخت ۋارىسلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا بېغىشلىغان. ئاپتور ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقىت دەل ھەسەن بىننى

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئىستانبۇل، 1977، 6 ـ توم، 260 ـ بەت.

سۇلايمان بالا ساغۇندا ئىككىنچى ئورۇندىكى خاقان — ئارسلانخان نامىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئەسەرنى قايتا ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ، ھەسەن بىننى سۇلايمان مىلادىيە 1074 - يىلى «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان» نامى بىلەن قەشقەردە قاراخانىلار سۇلالىسى تەختىنى ئىگىلىگەندە ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. مەلۇمكى، «بۇغرا قاراخان» قاراخانىلاردا ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمرانىنىڭ نامى ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسلى قول يازما نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە (ياكى نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېنا نۇسخىسى مىلادى 1439 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (ھىجرىيە 843 - يىلى — قوي يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 4 - كۈنى) ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قاراسايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، مىلادى 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پۇرگشتال بۇ نۇسخىنى ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن، ھازىرمۇ شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىدۇ. بۇ نۇسخا يەنە كۆچۈرۈلگەن جاينىڭ نامى بىلەن «ھىرات نۇسخىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب ھەرىپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ.

پەرغانە (نەمەنگان) نۇسخىسى ئەرەب ھەرىپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، باشقا نۇسخىلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم 1914 - يىلى ئاشكارىلانغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ئىلگىرى تېپىلغان نۇسخىلاردىكى ئېنىقسىز مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ بىر قەدەر تولۇق تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ نۇسخا

ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىدۇ.

1947 - يىلى تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئارات بۇ ئۈچ خىل نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش ئارقىلىق بىر قەدەر تولۇق بولغان ترانسكرىپسىيىلىك مەتىن (تېكست) نى تۈزۈپ چىقتى. مۇشۇ مەتىن بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» داستانى 85 باب ۋە ئاخىرىدىكى ئۈچ پارچە لىرىك ئىلاۋىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، جەمئىي 6645 بېيىتنى (13290 مىسرا) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ باشتىكى 11 بابى دىباچە (باشلانما، كىرىش) قىسمى بولۇپ، داستاننىڭ ئاساسىي ھېكايە لىنىيىسى 12 بابتىن تارتىپ باشلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي ھېكايە لىنىيىسىنى تەشكىل قىلغان بۇ بابلاردا ئاپتورنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى غايىۋى قاراشلىرى، يەتمەكچى بولغان غايىۋى جەمئىيەت ھەققىدىكى يۈكسەك ئارزۇ - ئىستەكلىرى، تونۇش ۋە ئىزدىنىشلىرى ئىجتىمائىي تۈرنى، ھايات قارىشى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تۆت ئاساسىي پېرسوناژ — ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ، بەخت ۋە سائادەت سىمۋولى ۋەزىر ئايتولدى، ئۇنىڭ ئوغلى، بىلىم ۋە ئەقىل سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىد) نىڭ دراماتىك سۆھبىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر؛ 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى ھەم قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسىدۇر. ئۇ قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەلسەپە ۋە دىن، ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ، ئەدەبىيات ۋە

سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن؛ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا شۇ زامانغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي داستان ۋە شېئىرىي درامىدۇر. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر ئەسەردۇر①.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان غايە، ئىدىيە، تەشەببۇسلىرىنى؛ پېرسوناژلار خاراكتېرى؛ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى جانلىق ۋە يارقىن ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەسەردىكى خېلى كۆپ تەركىبلەر دىداكتىك خاراكتېرىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىداكتىكىدا قۇرۇق، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەند - نەسىھەت، دىنىي سەپسەتىلەر بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى خىلمۇ خىل تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا جۇغلانغان، رېئال تۇرمۇش ئوچقىدا تاۋلانغان، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان پىكىر جەۋھەرلىرىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى، يازما ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، شۇنىڭدەك، قېرىنداش ۋە قوشنا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئىجادىي ئىلھام ئالغان. ئۇ ئەسىرىدە قايسى ماۋزۇدا سۆز ئاچسا، ئۆز پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئىسپاتى ۋە دەلىلى سۈپىتىدە شۇ ساھەنىڭ خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇ، داستاندا بېرىلگەن 170 تىن كۆپرەك تۆتلۈكلەردە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى). مىللەتلەر نەشرىياتى 1984. «مۇقەددىمە» 1 -، 6 - بەتلەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەتمەكچى بولغان غايىۋى جەمئىيەت نىشانى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن بىر «ئۇتوپىيە» (خىيال) بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. بولۇپمۇ، بۇ ئەسەرنىڭ يېرىم سەھىپىسىنى تەشكىل قىلغان ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار مۇنازىرە، سۆھبەتلەردە گەۋدىلىك ۋە روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىنگلىز تىلىدا نەشرگە تەييارلىغۇچى روبېرت دانكوۋ: «سىياسىچى ئۆگدۈلمىش بىلەن تەرىقەتچى زاھىد ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە بىرلىك جەھەتتە يۈسۈپنىڭ ئىلىپ بارغان دراماتىك بايانلىرى بۇ ئەسەرنى ئىسلام ئەدەبىياتىدا يېگانە ئورۇنغا ئىگە قىلدى» ① دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز قىممىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان يۇقىرى ئورنىنى مۇقىملاپلا قالماستىن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەۋردىن دەۋرگە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىشى يولىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمەلەردىكى ئەسەرگە بېرىلگەن باھالاردىن، ئەسەرنىڭ كېيىن كۆچۈرۈلۈپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ پارچە قول يازما نۇسخىسىدىن، شۇنداقلا، ئەسەر تىلى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەسىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»: داستانى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دۇنياغا قايتا مەلۇم بولغاندىن بۇيان خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن

---

① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى (چىكاگو 1983) نىڭ كىرىش سۆزى 26 - بەت.

بىرى بولۇپ قالدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئىلمىزدە «قۇتادغۇبىلىك»
تەتقىقاتى نۇقتىلىق قولغا ئېلىنىپ، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەر
ئىشلەندى. 1984 - يىلى داستاننىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بىلەن ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى، 1986 - يىلى خەنزۇچە
تەرجىمىسى، 1991 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي يەش-
مىسى ئارقا - ئارقىدىن نەشىر قىلىندى. نۆۋەتتە، «قۇتادغۇبىلىك»
داستانى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق قانات يېيىپ،
تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىككە، چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولماقتا.

# مەھمۇد قەشقەرى

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆمۈر بايانى ھەققىدىكى مەلۇماتنى بىز پەقەت ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى — «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى». تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) دىن ئالىمىز.

«دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا ئالىم «ئوپال» ۋە «ئازىغ» سۆزلىرىگە: «بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ نامى» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ. لېكىن باشقا يېزا ياكى جايلارنىڭ نامى ئىزاھلانغاندا «بىزنىڭ» دېگەن بۇ 1 - شەخسكە تەۋە ئېنىقلىغۇچى ئىبارە ئىشلىتىلمەيدۇ.

1983 - يىلى بىر بۆلۈك ئىلمىي خادىملار قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» دەپ ئاتىلىپ، كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتقان مازارنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى، «ئازىغ» دېگەن يۇرتنىڭمۇ ئوپالدىكى بىر كەنت ئىكەنلىكىنى (بۇ كەنتنىڭ نامى كېيىن «قۇمباغ» قا ئۆزگىرىپ كەتكەن) ئىسپاتلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەشقەردىكى ئوپال يېزىسىنىڭ ھازىرقى قۇمباغ كەنتىدە تۇغۇلغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولدى.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا ئۆز نەسەبى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازغان:

«ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىننىڭ پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز» ①، «بارسغان — ئافراسىيابنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى،

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981) 1 - توم، 1 - بەت.

بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان . بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر» ① .

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد خان جەمەتىدىن بولۇپ ، بارسغان شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغانىدى . مىلادىيە 1056 ـ 1057 ـ يىللىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ ئاكىسى سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپنىڭ قولىدىن خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ ، ئۇ تەختتە ئاران 15 ئايلا ئولتۇرۇپ ، 1058 ـ يىلى تەختنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە (مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دادىسى) ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق سۇيىقەستتە ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلۈپ ، سۇيىقەستچىلەر ھوقۇق ئىگىلەيدۇ . نەتىجىدە مەھمۇد قەشقەرى ئۆز يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ ، باغدادقا — ئۆز جەمەتىدىن بولغان تۈركەن خاتۇن (سالجۇقىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ ئايالى) قېشىغا بارىدۇ ۋە تۈركەن خاتۇننىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ ئىككى كىتابىنى (ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم ، لېكىن بۇ ئەسەر زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن) يېزىپ تاماملايدۇ .

مەھمۇد قەشقەرى باغدادقا بېرىشتىن بۇرۇنلا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر ئىزدىنىشلەردە بولغان . ئۇ بۇ ھەقتە : «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆز مەنلىرىدىن ، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن ، ئەڭ زېرەكلىرىدىن ۋە ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم . تۈرك ، تۈركمەن ، ئوغۇز ، چىگىل ، ياغما ، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى . مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ ، ئوبدان

① يۇقىرىقى ئەسەر ، 3 ـ توم ، 569 ـ بەت .

تـەرتـىپكە سېلىپ چىقتىم .

ئـەبـەدىي يـادىـكـارلـىـق ۋە پـۈتـمـەس ـ تـۈگـىـمـەس بىـر بـ-ـايـلـىـق بـولـۇپ قـالـسۇن دەپ ، ئۇلۇغ تەگرىگە سىغىنىپ ، بۇ كىتابنى تـۈزۈپ چـىـقـتـىـم ۋە ئۇنـىـڭـغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ــ تۈركىي تىللار دىـۋانـى» دەپ ئات قـويـدۇم ① دەپ يـازىـدۇ . ئاپـتور كىتابىنىڭ يېزىلغان ۋاقـتـى ھەقـقىدە «دىۋان» نىڭ ئاخىرىدا : « كىتابنى 464 ـ يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەلـنـىـڭ بـاشـلـىرىدا يېزىشقا كىرىشكەنىدىم ، تۆت قېتىم قايتا يېزىپ ، تـۈزىـتىپ ۋە تەھرىرلەپ 466 ـ يىلى جۇمادىيەل ئاخىرىنىڭ 10 ـ كۈنى دۈ-شەنبە تۈگەتتىم» ② دەيدۇ .

پـروفـېـسـسور زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بـارغـان تەتقىقاتىغا ئـاسـاسـلانـغاندا ، «دىۋان» مىلادىيە 1072 ـ يىلى 1 ـ ئايـنـىـڭ 25 ـ كـۈنـىـدىـن 1074 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە يېزىلىپ تـامـاملانـغـان ۋە 1076 ـ ، 1077 ـ يىللىرى تەكرار تۈزىتىلىپ ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 ـ خـەلـىـپـىـسـى ئـوبـۇلقاسىم ئـابدۇللا مـۇقـتەدى بـىـئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنغان .

ئالـىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يـوق . ئالـىـمـنـىـڭ «دىـۋان» دىكى «بۇ كىتاب مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يـەتـكـۈزدى» دېـگەن سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئۇنى 11 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا تۇغۇلغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن .

كـېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئالىم 11 ـ ئەسىر-نـىـڭ 80 ـ يىللىرى ئەتراپىدا باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ، ئوپالغا ئورۇنلاشـقـان ۋە ئۇ يەردە كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن «مەدرىسەئى مەھمۇ-دىيە» دەپ ئاتالغان بىر مەدرىس بىنا قىلىپ ، ئۆزى مـۇدەرىسلىك قىلغان ،

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم ، 2 ـ ، 3 ـ بەتلەر .
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم 611 ـ بەت .

سەككىز يىلدىن كېيىن 97 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ئۆز يېزىسىغا (ئوپالغا) دەپنە قىلىنغان ①. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» نىڭ 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغىنىدىن، ئالىمنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنىڭ 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

«دىۋان» ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان لۇغەت بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قائىدە-يوسۇنلىرى، ئىقتىساد، مەدەنىي ھاياتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، قانۇن-تۈزۈملىرى، پەلسەپىۋى-ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل قامۇستۇر.

ئۆز ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيگەن ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىغان ئالىم ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللار ئىچىدىن خاقانىيە تىلىنى قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل دەپ تونۇپ ۋە ئۇنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىققان تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ بۇ سېلىشتۇرما لۇغىتى ئارقىلىق 11 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللارنىڭ لۇغەت فوندى ۋە لېكسىكا تەركىبىنى ئىلمىي بوسۇندا چۈشەندۈردى، تۈركىي تىلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شۆھرەتلىك تىل دەپ تونۇلغان «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش» تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قايىل قىلارلىق تىل پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن تەخمىنەن يەتتە مىڭ بەشيۈزدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز - ئىبارە) نى ھەرپلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەرەبچە ھىجا ئۇسۇلىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ، سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى تولۇق بىلدۈرۈپ، ئىخچام جۈملىلەرنى تۈزگەن؛ گاھىدا بىر سۆزلەمگە تەئەللۇق ھېكمەتلىك سۆز،

① «مەھمۇد قەشقەرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1985)، 3 -، 19 -، 23 - بەتلەر.

قاپىسىلىك نەسىر ، تەمسىل ، قوشاق ، بېيىت ، شېئىرغا ئوخشاش ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلانغان . مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە خەلق تىلى ، قەدىمكى تىل ۋە باشقا تىل ئامىللىرىنى بىر مەنبە سۈپىتىدە يوغۇرۇپ بەرگەن .

شۇنىسى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى ، «دىۋان» 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەدەبىي ھايات ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا بىر قەدەر ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان بىگانە مەنبەدۇر . ئەسەردە نەقىل قىلىنغان بېيىت - قوشاقلار ، ماقال - تەمسىللەر ، نەسىر ، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ، خىلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدىبلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ، جۈملىدىن ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بىر ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ .

«دىۋان» غا تۈرلۈك تېمىدا جەمئىي 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن . بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى داستانلاردىن پارچىلار ، قوشاقلار ، پەند - نەسىھەت مەزمۇنىدىكى شېئىرىي پارچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈر كۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ . بۇ قوشاق ۋە شېئىرىي پارچىلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەجدادلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ، بەخت - سائادەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ، خۇشاللىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى جانلىق ، روشەن ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن . قوشاق ۋە شېئىرىي پارچىلارنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرى رەڭمۇ رەڭ بولۇپ ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، ئىستىئارىلارغا باي ، تەسەۋۋۇر كۈچى يۈكسەك ، ئوبرازلىرى روشەن ، ۋەزنى ھەر خىل ، شەكلى مۇكەممەل . بۇ ، شۇ دەۋردىكى ئەدىبلىرىمىزنىڭ ماھارىتىنى ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ بەدىئىي كامالىتىنى نامايان قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان» دا بېرىلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر ، ماقال - تەمسىللەر 200 دىن ئاشىدۇ . بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ، ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ھايات تەجرىبىلىرىنى ، دۇنيا ۋە مەئىشەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى

ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە .
«دىۋان» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئەل ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىچىدە يەنە ئۇنىڭدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ . ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرى بولغان ، ئىجتىمائىي ھايات بىلەن باغلىق ۋەقە - ھادىسىلەر خىيالىي شەكىلدە ھېكايە قىلىنغان بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە .
ھازىر ئىستانبول كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بېينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇش ئارقىلىق مىلادى 1914 - يىلى دىيابەكىرلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان ، مەتبۇئاتچىلاردىن كىلىسلى رىفئەت ئەپەندى بۇ نۇسخىنى 1914 — 1917 - يىللىرى مىخ مەتبەدە تىزدۇرۇپ باستۇرغان ، شۇنىڭ بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دۇنياغا مەلۇم بولغان .
ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئېنسكلوپېدىك يازغۇچىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - ، 1983 - ۋە 1984 - يىللىرى ئۈچ توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنىپ كەڭ تىل - ئەدەبىياتشۇناسلار ئۈچۈن قىممەتلىك قورال كىتاب ، تەتقىقات ماتېرىيالى بولۇپ قالدى .

# ئەھمەد يەسسەۋى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شائىر خوجا ئەھمەد يەسسەۋى 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سايرام - ئىسپىجاپ شەھىرىنىڭ سايرام بازىرىدا ئىبراھىم ئىسىملىك چوڭ شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يەتتە يېشىدا ئىنىسى بىلەن بىللە كېيىن تۈركىستان نامىنى ئالغان يەسسى شەھىرىگە كېلىپ بۇۋىسى يېنىدا يەرلەشكەن ۋە ئارسلان بابا ناملىق مەشھۇر شەيخنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. ئارسلان بابانىڭ مەشھۇر تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان تەسىرى ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «ھېكمەت» لىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن. ئارسلان بابا قازا تاپقاندىن كېيىن ئەھمەد يەسسەۋى ماۋەرائۇننەھرىدىكى مۇھىم ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مەركىزى بۇخاراغا كەلگەن ۋە مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بولغان: ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ نوپۇزى ئۇستازى ھايات ۋاقتىدىلا تىكلەنگەن ۋە ئۇستازىنىڭ نوپۇزى بىلەن باراۋەر ھەممە يەرگە تارىغان. يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1157 - يىلى ئەھمەد يەسسەۋى ئۇنىڭ 3 - خەلىپىسى سۈپىتىدە بۇخارادا شەيخ تونىنى كىيگەن. ئۇ ۋاپاتىغا قەدەر زور ۋە كەڭ تەسىر كۈچىگە ئىگە بىر تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلىق بولغان بۇ تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيە ساھەسىدە بەلگىلىك ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى. شۇنداقلا، ئۇ ئۆز تەسىرىنى ئىرانغىمۇ ئۆتكۈز-

گەندى.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ نامى بىلەن «يەسسەۋىيچىلىك» دەپ ئاتالغان بۇ تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئۇستىدە سۆز ئاچقاندا، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپ ۋە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى يەككە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىدىغان مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئېقىمدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋۋال تەسەۋۋۇپنىڭ ئايرىم سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان كۆرۈنۈشلىرى مەۋجۇت ئىدى. لېكىن، ئۇ ئاساسەن ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن راۋاجلاندى ۋە سىستېمىلاشتى؛ ئۆزىنىڭ بىرقانچە تارماقلىرىغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلاندى. ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈرەلمىسى بولغان زاھىدلار مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ باغداد، بەسرە شەھەرلىرىدە بارلىققا كېلىپ؛ ئەرەب ئاببasiيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ بىرقانچە تارماقلىرىغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلانغان. «سۇفىي» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ»، «يۇڭدىن قىلىنغان كىيىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ سۇفىلار پەيدا بولغان دەۋردە قوي يۇڭىدىن توقۇلۇپ تىكىلگەن بىر خىل رەڭسىز، قوپال جەندىلەرنى كىيىش ئۆز گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى، ئىسلام دىني ئەقىدىلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر تارقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىمۇ بۇ سۇلالە زېمىنىغا تەڭلا ئېقىپ كىردى. چۈنكى، مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باغداد ۋە ئىراندا زەربىگە ئۇچرىغان تەسەۋۋۇپچىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا سۈرۈلگەن ۋە بۇ رايوندا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن

دەسلەپكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەينى دەۋردە يامراپ كەتكەن يارىماس، بوغۇق ئىجتىمائىي مۇھىت، چىرىكلىك، قاتمۇقات زۇلۇم، ئېكىسپىلاتاتسىيىگە قارشى ھالدا، «گۇناھقا تولغان دۇنيانى ۋە ئىنسان روھىنى قۇتقۇزۇش» قاتارلىق شوئارلىرى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ «ئاللاھ روھى بىلەن بىرلىشىش، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش» قاتارلىق ئەقىدىلىرى، «بەرەھمەن» (روھىي پاكلىق، جىسمجىتلىق، ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇش مەنىلىرىدە) ئىلاھى بىلەن بولغان روھىي بىرلىكنى ھەم بۇ روھىي بىرلىككە يېتىش ئۈچۈن، ئۆز نەپسىنى يىغىشنى، ھەر خىل مۇرەككەپ پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنى، ئۇزاق مۇددەت بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئوي- تەپەككۇر قىلىشنى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، ئۆز گۇناھىغا تۆۋە قىلىشنى، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن خالاس قىلىپ، بەرەھمەن روھى بىلەن ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «يوگا» (بىرلىشىش) ئورنىغا ئىگە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەقىقىدىكى تەشەببۇسلىرى، شۇنىڭ بىللە، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قەدىمكى ھىندى دىنى يوگاسارا (يوگاسلار) مەزھىپىنىڭ يۇقىرىقى ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە بەرەھمەن ئىلاھىنىڭ ھەر خىل سۈپەتلىرىنى سانايدىغان تەسۋى تارتىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى سانىشىدەك تەرەپلىرى① تەسەۋۋۇپنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يېڭى تەرەققىيات زېمىنىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ھەرقايسى ئېقىم، مەزھەپ، سۇلۇكلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاساسچىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىزچىل ۋارىسلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆز نۆۋىتىدە تونۇلغان ئەدىبلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۆز پىر- ئۇستازلىرىنىڭ ئىدىيە، تەلىمات ۋە قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ھەم تارقىتىش يولىدا ئەدەبىياتنى مۇھىم بىر ۋاستە قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن

① توماس لىپمان: «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسى». 1985- يىل نەشرى، 188- بەت.

ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىياتتا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بىر مۇھىم مەزمۇننى تەشكىل قىلدى. دەسلەپكى دەۋرلەردە (9 ـــ 13 ـ ئەسىرلەردە) تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەدەبىياتتا نامە ژانىرى، دىداكتىك داستانچىلىق ۋە تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى پەلسەپىۋى ـ دىداكتىك شېئىرلار مۇھىم ئورۇن تۇتتى. كېيىن ئۇ لىرىك ۋە ئېپىك تۈرنىڭ ھەممە ژانىر، شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

تەسەۋۋۇپنىڭ تونۇلغان پىرلىرىدىن بىرى بولغان ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز ئىدىيىلىرىنى يېيىشتا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبى، خەلق جانلىق تىلىغا يېقىن، يۇقىرى بەدىئىيلىك، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولغان شېئىرلىرى «ھېكمەت» دەپ ئاتىلىپ، مۇرت ۋە مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەس ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئۇلار بۇ «ھېكمەت» لەرنى ھەممىلا يەردە زىكرى ـ سانا قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرىنى خەلق ئىچىگە زور كۈچ بىلەن تارقىتىشقان ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەسسەۋى «ھېكمەت» لىرىگە تەقلىد قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەدەبىياتمۇ بۇ رايونلاردا تېزدىن باش كۆتۈردى ۋە راۋاجلاندى.

ئەھمەد يەسسەۋى ئۆزىنىڭ «قۇل خوجا ئەھمەد» نامى بىلەن يازغان «ھېكمەت» لىرىدە بۇ دۇنيا، تەبىئەت ئۆزىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىنى تەشكىل ئەتكەن خۇدا ئالدىدا، ئۇ دۇنيا ئالدىدا غەيرىي كامىلدۇر، ئۇنىڭ قىممىتى ھېچ (يوق) تۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوۋۇتۇش، ۋاز كېچىش كېرەك، دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ئاساسىي مەقسىتى خۇدا ۋەسلىگە يېتىش، ئۇنىڭدا فانىي (يوق) بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىك (ۋەھدەت) تەشكىل ئېتىشتۇر. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىپ، جېنىنى قەپەزدىن (تەندىن) خالاس ئېتىشى، ئۆزىنى خىلۋەتكە تارتىپ ھەم پىكرىنى ھەم زىكرىنى خۇداغا بېرىش، سەزگۈ يولى بىلەن ئۇنى (خۇدانى) ئىدراك ئېتىشكە تىرىشىش،

ھەرقانداق ئازابلارغا چىداش، بېشىنى ياستۇققا ئەمەس، تاشقا قويۇشى شەرت.

ئەھمەد يەسسەۋى «ھېكمەت» لىرىدە فېئودال ئەكسىيەتچىلىك، مىستىك تەسەۋۋۇپنىڭ خەلققە سالغان روھىي كىشىنى بولغان تەقدىرچىلىك تەرغىپ قىلغان مىسرالارمۇ خېلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

زالىم ئەگەر جەپا قىلسا ئەللاھ دىگىل،
ئىلگىڭ ئاچىپ دۇئا قىلىپ بويىن سۇنغىل.

ئەھمەد يەسسەۋى شېئىرلىرىدا كەمبەغەل - يېتىملەرگە شەپقەت قىلىش، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، نادانلار ۋە بىلىمسىزلەر بىلەن بىللە بولماسلىق ۋە ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتمەسلىكتەك مەزمۇنلار ھەمدە زوراۋانلىق بىلەن مال - دۇنيا ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلارنى، ئۆز نەپسانىيىتى يولىدا ئاقنى قارا قىلىدىغان موللا، قازى، مۇپتى، ئىماملارنى، پارىخور، ھارامتاماق ئەمەلدارلارنى «ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغان ئېشەكلەر» دەپ تەنقىد قىلغانلىقتەك تەرەپلەرمۇ مەۋجۇت. بۇ، ئەھمەد يەسسەۋى ئىجادىيىتىدىكى ئىجابىي ئامىللار بولۇپ، بۇ خىل ئىجابىي ئامىللار ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تا يېقىنقى يىللارغىچە كەڭ تارقىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەھمەد يەسسەۋى شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممىتى ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. يەسسەۋى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭرى تارقىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى، شېئىرىي تىلىنىڭ راۋان، ساپ ۋە پۈتۈنلەي خەلق جانلىق تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقىدا بولسا، يەنە بىرى، بۇ شېئىرلارنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۆتلۈك شەكلىدىكى خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبى، ھىجاۋەزنىدە يېزىلىپ، تولىمۇ خىتابەتلىك، ۋەزنلىك، رېتىملىق بولغانلىقىدا. ئەھمەد يەسسەۋى شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ مۇئەييەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يەسسەۋىچىلىكنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى تەسىرىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئەھمەد يەسسەۋى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى يەسسىگە قايتىپ كەلگەن ۋە مىلادىيە 1116 - يىلى ۋاپات بولغان . جەسىتى يەسسى (تۈركىستان) شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قېرىنداش ۋە جەمەتىدىكىلەر زە-رەتكالىقتا قويۇلۇپ ، مازىرى تىكلەنگەن . 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ مازىرى تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن مەسچىت ۋە خانىقا بىلەن قوشۇلۇپ ھەشەمەتلىك قىلىپ قايتا ياسالغان .

# ئەھمەد يۈكنەكى

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، مەشھۇر ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىغا دائىر مەلۇماتلارنى بىز پەقەت ئۇنىڭ دىداكتىك مەزمۇندا يارالغان داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن ۋە بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىلىرىغا باشقا شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان ئىزاھ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى يازمىلاردىن ئالىمىز.

ئاپتور داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى توغرۇلۇق:

ئەدىب ئەھمەد ئاتىم، ئەدەب - پەند سۆزۈم<br>
سۆزۈم مۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم<br>
(ئېتىم ئەدىب ئەھمەد، سۆزۈم پەند - نەسىھەت،<br>
جىسمىم كېتەر، سۆزۈم مۇندا قالۇر.)

دەپ يازغان مىسرالاردىن ۋە 15 - ئەسىردىكى تۆمۈرىيلەر خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن يېزىلىپ، داستانىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان:

ئەدىبنىڭ بەرى ئاتى يۈكنەك ئەرۈر،<br>
سافالىغ ئەجەب يەر كۆكۈللەر يارۇر.<br>
(ئەدىبنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى يۈكنەكتۇر،<br>
ئۇ كۆكۈل يايرايدىغان ساپ ھاۋالىق ياخشى يەردۇر.)<br>
ئاتاسى ئاتى مەھمۇدى يۈكنەكى،<br>
ئەدىب ئەھمەد ئوغلى يوق ئول ھېچ شەكى.

(ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكىدۇر ،
ئەدىب ئەھمەد ئۇنىڭ ئوغلى ، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر .)
تامامى ئەرۇر كاشغەرى تىل بىلە ،
ئايتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە .
(ئەسەر پۈتۈنلەي قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان ،
ئەدىب بۇنى چىن دىلدىن چىقىرىپ ئېيتقان .)

دېگەن مىسرالاردىن بىز ئەدىبنىڭ ئىسمى ، يۇرتى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز .

تارىخىي مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتچىلاردىن يۈكنەك شەھىرىنىڭ سەمەرقەند ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى مەلۇم . «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىسى ۋە تىلى ئۇنىڭ غەربىي قاراخانىلار خانلىقى ئەمىر (ئىلىكخان) لىرىدىن مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگكە تەقدىم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت تەرەپلىرىگە قاراپ ، ئۇنى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن كېيىنرەك ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىكى نامەلۇم بىر كاتىپ تەرىپىدىن يېزىغان 1 ـ ئىلاۋىدا :

«تۇغا كۆرمەز ئەردى ئەدىبنىڭ كۆزى
تۈكەدى بۇ ئون تۆرت باب ئىچرە سۆزى»
(ئەدىبنىڭ كۆزى تۇغما كۆرمەس ئىدى ،
سۆزى بۇ ئون تۆت باب ئىچىدە تاماملاندى .)

دەپ يېزىلىپ ، ئەدىبنىڭ تۇغما ئەمالىقتىن ئىبارەت جىسمانىي ئاجىزلىقى ئۇقتۇرۇلغان .

بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» («مۇھەببەت شاماللىرى») ناملىق ئەسىرىدە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ كۆزى ئەما ئىكەنلىكىنى ، لېكىن ئۇنىڭ دىل كۆزىنىڭ ئوچۇق ، ساق كىشىلەرگە

قارىغانىدىمۇ روشەن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان شەيخلەر قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شۇنداقلا ئەدىبنىڭ داستانىدىكى:

«تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر»
(تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر ئۇ قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ)

دېگەن مىسرالىرىنى ئۆز ئەسىرىدە كەلتۈرىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىغا قاراپ، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنى 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىرلاردىن بىرى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى ئىلىم دۇنياسىغا مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مەلۇم بولدى. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بەش خىل قول يازما نۇسخىسى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ، مىلادى 1444 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى («A» نۇسخا) ھازىر ئىستانبولدىكى ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلادى 1480 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ («B» نۇسخا) ئوخشاشلا ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق بولمىغان «C» نۇسخا ئىستانبولدىكى توپقاپى ـ سارايى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ تولۇق بولمىغان يەنە ئىككى نۇسخىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەنقەرە كۇتۇپخانىسى بىلەن بېرلىندىكى پروسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىدۇ.

داستان ئۆزىنىڭ «B»، «C» نۇسخىلىرىدا ئېيتىلغان نامىغا ئاساسلىنىپ، دەسلەپ «ھىبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت سوۋغىسى») دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ھەممىدىن قەدىمكى ۋە بىر بىرقەدەر تولۇق بولغان «A» نۇسخىنىڭ تېپىلىشى ۋە بۇ نۇسخىدا داستان نامىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»

(«ھەقىقەت بوسۇغىسى») دەپ ئاتالغانلىقى، شۇنداقلا، بۇ نامنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، ھازىر ئۇ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دەپ ئاتالماقتا.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە دەسلەپكى نەشرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئىشى تۇنجى قېتىم تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن ئورۇندالدى. ر. ئارات 1951 - يىلى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھازىر بار بولغان نۇسخىلىرى ئاساسىدا دەسلەپكى مۇكەممەل تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىققان.

دىداكتىكا مەزمۇنىدىكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى 14 باب، 484 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان ئۈچ پارچە شېئىرنىمۇ بىللە ھېسابلىغاندا، داستان 514 مىسرا بولىدۇ.

داستاننىڭ ھەمدۇ سانا، نەئىت ۋە كىرىش قىسمىنى تەشكىل قىلغان، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بەش بابىدىن كېيىن، ئالتىنچى بابتىن باشلاپ ئاپتور تۆتلۈك شېئىرىي شەكىل بىلەن بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى؛ تىلنى تىزگىنلەش؛ دۇنيانى توغرا تونۇش؛ مەردلىك ۋە بېخىللىق؛ كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق، ئاچكۆزلۈك، كەڭ قورساقلىق ۋە سەۋرچانلىقتىن ئىبارەت 11 مەسىلە توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي مەسىلىلەر، كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراش نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەلىم - تەربىيە، پەند - نەسىھەت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەنئەنىلىرى ئىزىدىن ماڭغان. داستاندىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر (مەسىلەن، بىلىم، تىل، كىشىلىك ۋە كىشىلىك ئەخلاقى مەسىلىلىرى) دە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ مەسىلىنى قو-يۇشى ۋە قاراشلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى، تۆتلۈكلەر ئۇسلۇبى بويىچە، ئوخشاشلا مۇتەقارىپ بەھرىنىڭ مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ

ياكى مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەقسۇر ۋەزىندە يېزىلغان. يۇقىرىقى تەرەپلەر، شۇنداقلا، ئاپتورنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن خۇددى يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشى، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇ دەۋرلەردە ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ داۋام ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنىڭ فونېتىك، گراماتىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىر تەرەپتىن «قۇتادغۇبىلىك»كە يېقىنلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن «قىسسەئى رەبغۇزى»غا يېقىندۇر. ئەسەردە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى» (ئەسەردە بۇ تىل «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا، «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنىڭ ئامىللىرىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ، تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنى تىل جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي تىلى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇھىم «كۆۋرۈك» لۈك رول ئوينىغان، دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

# جانىبەگ

1910 - يىلى 11 - ئايدا، روسىيە تاتارىستان ئۆلكىسىنىڭ قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنىدىغان «شۇرا» ناملىق ژۇرنالدا بىر بابى ئېلان قىلىنىپ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان، بېرلىن شەھىرىدىكى پروسسىيە پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان «ئۆگتۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ناملىق يىرىك تارىخىي قىسسە ئەدەبىياتىمىزغا جانىبەگدىن ئىبارەت بۇ ئەدىبنى ئېلىپ كىردى. «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1 - بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، جانىبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئانا يۇرتى ئىسسىق كۆل بويلىرى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن ئوقيا ئېتىشقا، چەۋەندازلىققا ھەۋەس قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەن. 15 يېشىدا چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە قېتىلىپ، چىڭگىزخان ۋە نەۋرىسى باتۇخان قوشۇنىدا جەڭچى، خەۋەرچى بولغان. ئۇ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئاساسىدا بۇ تارىخىي قىسسىنى يېزىپ چىققان. جانىبەگ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «... ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئۆگتۈلمىش ئوغلىغا قەدەر چىڭگىزخاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ، ھەم ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايىزكۇخان دەپ ئاتالغان باتۇخاننىڭ تارىخىنى بۈگۈنگىچە ھېچ كىشى يازماپتۇ. مەن بىر ئاجىز بەندە. كۆپ يىللار قاغان ھەم ئوغۇللىرى، ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايىزكۇخان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، ئۇرۇش قىلغانلىقىمدىن بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى يازار بولدۇم. ئۆز خەلقىمىز بۇلارنى ئوقۇپ دۇنيانى ئېلىش ئۈچۈن نەقەدەر تىرىشىپ، قانچە مۇشەققەتلەرنى كۆرۈپ، كۆپ ئۇرۇشلارنى قىلغانلىقىمىزنى بىلىشسۇن.

يات ئەللەرنىڭ كۆزىمىز كۆرگەن خەۋەرلىرىنى بىلىشسۇن . » ①

بۇلاردىن بىز يازغۇچى جانىبەگنىڭ 13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخان ئېلىپ بارغان ئىستىلاھچىلىق ئۇرۇشى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى تارىخىي قىسسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز .

① شەرىپىدىن ئۆمەر : «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1988) ، 157 ـ بەت .

# شۆئاڭفۇ

شۆئاڭفۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا شېئىر يېزىپ داڭقى چىققان ئەدىبلەردىن بىرى. يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب تاۋزۇڭيى ئۆزىنىڭ «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى «ئۇيغۇر 回纥人» دەپ يازغان.

شۆئاڭفۇ (薛昂夫) نىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شېئىرلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما نەسرىي غەزەللىرى بىرقەدەر كۆپ. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» (全元散曲) گە ئۇنىڭ كىچىك كۈيلىرىدىن 65 كۇپلېت، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلىرىدىن ئۈچى كىرگۈزۈلگەن.

شۆئاڭفۇ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرى تارىخنى كۈيلەش، قەدىمكىنى كۈيلەش مەزمۇنىدىكى ياكى ئۆزى كەزگەن تاغ - دەريالارنىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر، مەشھۇر، داڭلىق قەدىمىي جاي، زىيارەتگاھ، ئورۇنلارنى كۆرگەندە تەسىرلىنىپ يازغان ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تولىمۇ پاساھەتلىك بولۇپ، مەردانىلىك، جانلىقلىق، زوق - شوخلۇق كەيپىياتى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بىر ئالاھىدە تەرەپ ئىدى. ئەدىبنىڭ «جۇڭلۇ، تاغ باغرىدىكى قوي»، «غەربىي كۆلدىكى ئارىلاش مەدھىيىلەر، باھار»، «قەسىر ئالدىدىكى خۇشاللىق» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

بەزى ماتېرىياللاردا شۆئاڭفۇنىڭ 1302 - يىلدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

# مازۇچاڭ

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (1279 — 1368) ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشاپ، ئېلىمىز مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە مازۇچاڭنىڭ نامى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. مازۇچاڭ (1278 — 1339) تونۇلغان ئەدىب ۋە خەلق شائىرى بولۇپ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان تارىخنامىلەردىن ئورۇن ئالغان.

مازۇچاڭ ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا تىرىشىپ ئىلىم ئىگىلىگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. مازۇچاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. كېيىن يۇرت ئىمتىھانىدا بىرىنچى، ئوردا ئىمتىھانىدا ئىككىنچى بولۇپ، جاڭ گۇڭلىنىنى ئۇستاز تۇتقان. بىر مەزگىل نامراتلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلغان. بۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئېزىلگەن، خارلانغان كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، زالىم، تەييارتاپ ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشنى پاش قىلىشتەك خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. ۋاڭ شۇچىڭ مازۇچاڭنىڭ «شتيەن توپلىمى» غا يازغان كىرىش سۆزىدە: «مازۇچاڭ 30 ياشقا كىرە-كىرمەي تۇرۇپلا ئاجايىپ كاتتا ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان ... ئۇنىڭ بۇ 〈شتيەن توپلىمى〉 ھەقىقەتەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. بۇنىڭدا كىشىلەر ئەزەلدىن شېئىرلىرىغا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن سۆزلەر ئاز بولغانلىقى سىرتىدا، يېڭى سۆز، يېڭى شەكىللەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالدى» دەپ يازغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب

سۇتيەنجۇ «يۈەن سۇلالىسى ئەدەبىياتى تۈرلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزگەندە، ئۇنىڭغا مازۇچاڭنىڭ 160 كۇپلېت شېئىرىنى، يىگىرمە نەچچە پارچە ماقالە ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تاللاپ كىرگۈزگەن.

مازۇچاڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ «پايتەخت قوۋۇقىغا بېغىشلانغان 100 بېيىت» دېگەن شېئىرى مىڭ سۆزلۈك، «ئىرادە ھەققىدە 80 بېيىت» دېگەن شېئىرى 800 سۆزلۈك ئىدى. بۇ شېئىرلارنى ئاتاقلىق شائىر دۇفۇنىڭ «شىمالغا سەپەر» ناملىق شېئىرىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

مازۇچاڭ يەنە كۆپلىگەن تارىخىي شېئىرلارنى يازغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «يىللار خاتىرىسى»، «قارىغايلىق ھۇجرا خاتىرىسى» ۋە «شتيەن توپلىمى» قاتارلىقلار داڭلىق ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ «شتيەن توپلىمى» يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، مەزمۇنى مول، تېمىسى كەڭ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام ۋە ئىلغار ئىدى. ئۇنىڭ بەش جىلد شېئىرى، ئون جىلد نەسرىي ماقالىسى بار ئىدى.

مازۇچاڭ يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخچى، تەرجىمانلاردىن بولۇپ، «يىگىرۈك خان ھەققىدە خاتىرە» نى يېزىشقا، «پادىشاھ رەسمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى»، «چىڭگىزخاننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» غا ئوخشاش داڭلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان.

# گۈەن يۈنشى قايا

ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق نەسرىي غەزەل (散曲) يازغۇچىسى، دراماتورگ؛ ماھىر خەتتات، رەسسام ۋە مۇزىكانت گۈەن يۈنشى قايا (كۈن سۈيۈنچ قايا) ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نامايەندىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

گۈەن يۈنشى قايا (غۇربىتى) نىڭ بوۋىسى ئېلى قايا ئەسلى جىمىسارلىق كونا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بولۇپ، رەسساملىق ۋە شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇنى قۇبلايخان ئۆز ئوردىسىدا خىزمەتكە قويغان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىر بولغان. گۈەن يۈنشى قايا مىلادىيە 1286 - يىلى بېيجىڭدا، ئۆزىنىڭ دادا ۋا ئانا تەرەپ جەمەتلىرى ئولتۇراقلاشقان «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دە دۇنياغا كەلگەن.

گۈەن يۈنشى قايا ياشلىقىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپتەرەپلىمىلىك قابىلىيەتكە ئىگە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. شۇڭا ئۇ ئوردا تەرىپىدىن ئۇچقۇر چەۋەندازلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىنىپ، خۇبېي - خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يۇڭفىڭ ئايمىقىدا تۇرغان. بۇ تالانتلىق بىلىم ئىگىسى كېيىن رىنزۇڭ خان تەرىپىدىن باش ئۆلىمالىققا ۋە باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ پەقەت 39 يىل ئۆمۈر سۈرۈپ، 1324 - يىلى ۋاپات بولغان بولسىمۇ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تونۇلغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب تاۋزۇڭيى ئۆزىنىڭ «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» ناملىق ئەسرىدە گۈەن يۈنشى قايانىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مەشھۇر ئەربابلاردىن بولۇپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ

مەدەنىيەت ئەمەلدارى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىمگە قەۋەتلا ئۇستا ئىكەنلىكىنى، شاگىرتلىرىنىڭمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى يازغان.

گۇەن يۈنشى قايا مەشھۇر شائىر بولۇپ، نەسرىي شەكىلدىكى غەزەلدىن ئىبارەت بۇ يۈەن دەۋرى شېئىرىي شەكلىدە خېلى داڭق چىقارغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياڭ چاۋيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» ناملىق كىتابقا ئۇنىڭ كىچىك نەسرلىرىدىن 36 پارچىسى، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلىرىدىن بىر پارچىسى؛ «تىنىچ مۇزىكا مەھكىمىسى» ناملىق كىتابقا كىچىك كۈيلىرىدىن 30 پارچىسى، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلىرىدىن ئالتە پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. سەۋنچ قىيا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياڭ جياۋيىڭ ئۇنىڭ ۋە يېقىن دوستى شۈزەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ «سۈنتيەن مۇزىكا مەھكىمىسى» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» غا سەۋنچ قىيانىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

سەۋنچ قىيا ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋەتىنىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى زوق - شوخ بىلەن كۈيلىدى. ئوغۇل - قىزلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، ۋاپاسىز ئاشىق - مەشۇقلارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ھېسسىياتى، زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق خاھىشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگەلەيدۇ.

تاۋزۇڭيىنىڭ كۆرسىتىشىچە، گۇەن يۈنشى قايانىڭ 1312 - يىلدىن ئىلگىرى يازغان «قۇمۇش گۈللۈك يوتقان» ناملىق شېئىرى يۇقىرىقى توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق بۇ شېئىر يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نۇرغۇن شائىرلار بۇ نەزمىنى كۆچۈرۈۋېلىشقان، رەسساملار نەزمىنىڭ مەزمۇنىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، رەسىم سىزىپ چىققان. ياڭ لىيەنىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭ بۇ شېئىرى «پىنھان قارىغايلىق نەزمىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەنىكەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»

نىڭ 143 - جىلدىدىكى «گۇمىن يۈنشى قايانىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرسىتىلىشىچە، شائىرنىڭ «قاشالانغان كۈيلەر» ناملىق نەسرىي غەزەللەر توپلىمى يۇمىن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى قەلەمكەشلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شائىرنىڭ ئون نەچچە شېئىرلار توپلىمى بولغان. بۇلارنىڭ ئاساسلىقى نەسرىي غەزەل، قالغانلىرى داستان، قىسسە ۋە باشقا ھەر خىل شەكىلدىكى ئەسەرلەردىن تەركىب تاپقان.

جۇشۇ يازغان «تەيخې كۈيلىرى» ناملىق ئەسەر بىلەن شۇۋىي يازغان «جەنۇب، تېكىستلىرى بايان قىلىنغان خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، گۇمىن يۈنشى قايا يۇمىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر دراماتورگلار قاتارىدا تۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى دراماتورگلارغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولغان. ئۇ دراما ئەسەرلىرىنى يېزىش، ئاھاڭغا سېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماستىن، داڭلىق تىياتىرچىلار - ئارتىسلار بىلەن بىرلىكتە كۆپلىگەن دراما ئەسەرلىرىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشىگە كۈچ چىقارغان. ئېيتىلىشىچە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە ئۆتكەن مەشھۇر قىزىقچى ئارتىس جۇيۇتۇن ئۇنىڭ جەمئىي 31 خىل دراما ئەسىرىنى سەھنىدە ئويناپ چىققان.

گۇمىن يۈنشى قايا نەي ۋە بىلى چېلىشقىمۇ ماھىر بولغان. يۇمىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «پارچە كۈيلەر» ناملىق توپلامدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ئىجاد قىلغان پارچە كۈيلەر پۈتكۈل يۇمىن سۇلالىسى كۈيلىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكىلىرى يەتتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان.

گۇمىن يۈنشى قايانىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۆز تېمىسىنىڭ ئاكتىۋاللىقى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسى ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چەت ئەللەردىكى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئامېرىكىلىق خەنزۇشۇناس دوكتور بىچارد جوخولون گۇمىن يۈنشى قايا ئەسەرلىرىنى ئامېرىكا جامائەتچىلىكىگە

تونۇشتۇرۇش يولىدا بەلگىلىك رول ئوينىدى. 1980 - يىلى ئامېرىكا بوستون تېخوئىن نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «گۈەن يۈنشى قايا» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. بىچارد جوخولون ئۆز ئەسىرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە: «يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان يازغۇچى گۈەن يۈنشى قايا مەيلى كلاسسىك شەكىلدىكى شېئىرىي ئىجادىيەتتە بولسۇن، ياكى يېڭىچە ئاممىباب شېئىرىي - نەسرىي ئىجادىيەتتە بولسۇن ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى» دەپ يازدى. بىچارد جوخولوننىڭ بۇ ئەسىرى «تېخوئىن دۇنيا يازغۇچىلىرى مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلدى.

# سەئىدۇللا

سەئىدۇللا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبى. ئۇنىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرى ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى چېن يۈەن ئەپەندى (1880 — 1971) «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە: «سەئىدۇللا ئۇيغۇر، پامىرنىڭ شەرقىدىن، بۇرۇن مانى دىنى مۇرتلىرىدىن ئىدى. كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان» دەپ يازغان. يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب تاۋزۇڭيى ئۆزىنىڭ «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى جىلدىدە تۇنجى قېتىم سەئىدۇللانىڭ ھاياتى ئۈستىدە توختىلىپ، ناھايىتى ئېنىق ھالدا «سەئىدۇللا ئۇيغۇر، تەخەللۇسى—天锡 (تەڭرىگە مەدھىيە) ئىدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

سەئىدۇللا تەخمىنەن 1300 - يىلى تۇغۇلغان، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.(بەزىلەر، 1355 - يىلى ۋاپات بولغان، دېيىشىدۇ). سەئىدۇللانىڭ تۇرمۇشى ئەمەلدار بولۇشتىن ئىلگىرى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ 1327 - يىلى ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لەنفاڭ دېگەن يېرىگە ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن. «يېڭى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» نىڭ «سەئىدۇللا تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «سەئىدۇللا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ياساۋۇللار ئوردىسىدا ئولتۇراقلاشقان. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ھاسىسىنى دولىسىغا سېلىپ ئەتراپنى ئايلىنىپ، مەنزىرىسى گۈزەل جايلارنى سەيلە قىلىپ، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشقاندا يېقىملىق نەغمە كۈيلەرنى تۈزەتتى» دېيىلگەن.

سەئىدۇللانىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان «يەنمىن توپلىمى»

(ئۈچ جىلد) ، «تويلام سىرتىدىكى نەزمىلەر» (بىر جىلد) ، «سەئىدۇللا شېئىرلار تويلىمىنىڭ باش - ئاخىرى» (ئىككى تويلام) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . سەئىدۇللانىڭ نەزمە - كۈيلىرى مەيلى سان ، مەيلى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن ، يۇمن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ . چېن يۇمن ئەپەندى : «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا يۇمن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز ، سەئىدۇللانى تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دېگەنىدى . قەدىمدىن تارتىپ بۇگۈنگىچە نۇرغۇن ئەدىب ، ئالىملار يۇمن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىر - ناخشىلارنى تەتقىق قىلغاندا ، «يەنمىن تويلىمى» نى يۇمن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەزمە - كۈيلەر بابىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ ، دەپ يۇقىرى باھالىغان .

سەئىدۇللا ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇرۇش پاجىئەلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ ، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ . بۇ شېئىرلار ئىچىدە «تىلەمچى قىز» ، «تاڭ گۇمن ئۆتكىلىدىن ئۆتىۋېتىپ» ، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن .

سەئىدۇللا يەنە مەشھۇر كومپوزىتور ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سالغان . بۇ ناخشىلار يۇمن ناخشىلىرى قاتارىدا كەڭ ئوقۇلغان ۋە تەسىرى زور بولغان . شۇڭلاشقىمۇ كېيىنكىلەر ، يۇمن دەۋرى ناخشىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى سەئىدۇللا كۈي - ناخشىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن ، دېيىشكەن .

سەئىدۇللانىڭ نامى چەت ئەللەرگىمۇ تونۇش . ياپونىيىلىك ئالىم سىماداخا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ياپون جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇردى . مىسىر ئالىمى رۇۋادى «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى سەئىدۇللانىڭ ئىسمىغا نىسبەتەن يات تونۇشتا ئەمەس» دەپ يازدى .

ئۇيغۇر شائىرى سەئىدۇللا (ساتيەنشى) نىڭ خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

# كۇكۇن

كۇكۇن (يۈەن سۇلالىسىگە دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 克恭 دەپ، بەزىلىرىدە 高 خېتى قوشۇپ يېزىلغان) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ ئائىلىسى دەسلەپتە داتۇڭدا، كېيىن يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) دا ئولتۇراقلاشقان. كۇكۇننىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار دىڭ ۋېنيۈەن يازغان «باشى توپلىمى» (巴西文集) دا تەپسىلىي بېرىلگەن.

كۇكۇن 1248 - يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولۇپ، شاگىرتلىرى ئۇنى «ئۇزۇن ساقاللىق جاپۇ ئۇستاز» دەپ ئاتىشاتتى. كۇكۇن دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىشىپ، 1275 - يىلى تەمرات پىرقىسىنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى، كېيىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا تەپتىش ئەمەلدارى بولغان. 1279 - يىلى خېنەنگە باش تەپتىش بولغان. 1302 - ، 1304 - يىللىرى مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ مۇئەككىلى ۋە جازا پىرقىسىنىڭ مۇئەككىلى، 1305 - يىلى دامىڭ (بۈگۈنكى خېبېي ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلار) غا باش بۇغ بولغان. 1310 - يىلى 2 - ئايدا بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ، دىۋان بېگى بولغان. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 63 يېشىدا ۋاپات بولغان.

كۇكۇن يۈەن سۇلالىسىنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدە تونۇلغان شائىرلاردىن بىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇسىلى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» 2 - توپلام C قىسمىدا كۇكۇننىڭ شېئىرىي تەپەككۇر قابىلىيىتى يۇقىرى، قەلىمى كۈچلۈك، ھېسسىياتقا باي، تەسۋىرلەش دائىرىسى كەڭ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. يۈەن سۇلالىسى

دەۋرىدىكى ئەدىبلەر ئۇنىڭغا «مەنزىرىكەش رەسسام، تەسۋىرىكەش شائىر» دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇنىڭ «تەرىققەتخانىغا مۇقەددىمە»، «ۋۇششەن تېغى خاتىرىسى»، «گۇياگدىن ئۆتكەندە»، «شىنخۇدىن ئۆتكەندە» ۋە «جىڭ-كۇدىن ئۆتكەندە» قاتارلىق شېئىرلىرى بىرقەدەر مەشھۇر بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئەينى زاماندا يۈەن سۇلالىسى تەسۋىرىي شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىغان. شائىر كۇكۇن يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر تارىخىي جايلارنى تەسۋىرلەپ «پەيخۇك راۋىقى»، «تاغ راۋىقى كۆزگە چېلىققاندا»، «يۇياڭ راۋىقى» ئوخشاش كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى «يۈەن نەزمىلىرى-دىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلگەن.

# رەبغۇزى

ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ 13 - ئەسىردىن كېيىنكى يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ناسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رەبغۇزىدۇر.

رەبغۇزى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ، ئىجاد قىلغان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئايرىم مەنبەلەردە رەبغۇزىنىڭ خارەزىم ۋادىسىدىكى «رەبات ئوغۇز» دېگەن جايدا ياشىغانلىقى ۋە قازى كالان بولغانلىقى قەيد قىلىنىدۇ.

رەبغۇزى شەرق ئەدەبىياتى، ئىسلام تارىخى ۋە پەلسەپىسى قاتارلىق ئىلىملار بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن بۈيۈك ئالىمى بولغان. ئۇ يالغۇز ئۆز بەدىئىي ئىجادىيىتى بىلەنلا ئەمەس، يەنە بىر بۈيۈك مۇتەپەككۇر سۈپىتىدىمۇ ئەينى دەۋر ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تونۇلغان.

ناسىرىددىن رەبغۇزى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر «قىسسەئى رەبغۇزى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يازغۇچى بۇ ئەسىرىنى پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە تارىخىي قىسسەلەرگە ئاساسەن 1309 - 1310 - يىللىرى يېزىپ چىققان. ئەسەر 72 بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەسەردىكى قىسسىلەر ئىچىدە «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قىسسىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى مەشھۇر پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1020) دىن كېيىن رەبغۇزى ئىجادىي يوسۇندا قايتا ئىشلەپ چىقىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. «قىسسەئى رەبغۇزى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بويىچە، خاقانىيە (ئۇيغۇر) لەھجەسىدە يېزىلغان.

ناسىرىددىن رەبغۇزى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىدە قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت، پاك سۆيگۈ، سەمىمىي دوستلۇق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى مۇكەممەل بەدىئىي ماھارەت بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «قىسسەئى رەبغۇزى» ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئەسەر 1859 - يىلدىن 1881 - يىلغىچە قازان شەھىرىدە ئارقا - ئارقىدىن بەش نۆۋەت نەشر قىلىنغان بولۇپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئەسەرنىڭ مىلادىيە 1669 - يىلى كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسلىنىپ تەييارلانغان «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قىسسەسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىندى. بۇ نەشرىيات 1988 - يىلى ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نامىدا نەشر قىلدى. خەلق ئارىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ ئوخشىمىغان قول يازما نۇسخىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ناسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رەبغۇزىنىڭ «قىسسەئى رەبغۇزى» (كېيىنكى قول يازمىلار ۋە نەشرىي نۇسخىلاردا «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دەپمۇ ئاتالغان) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئەينى دەۋردىكى كلاسسىك پروزىمىز ۋە پوئېزىيىمىزنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئەدەبىي تىلنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز قىممىتىنى ئەسىرلەر بويى ساقلاپ قالدۇ.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 6 - سانىدىكى مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى).

# قۇتب

قۇتب نىزامىنىڭ «خەمسە» سىدىن ئورۇن ئالغان فارس تىلىدىكى «خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانىنى تۇنجى قېتىم تۈركىي تىلدا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىجادىي ئىشلەپ چىققانلىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

قۇتب ئالتۇن ئوردا شائىرلىرىدىن بولۇپ، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان. شەرقشۇناس ئالىم ئا. تاھىرجانوۋ «خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانىنى 1330 ـ 1336 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان دەپ تەكىتلەيدۇ. قۇتب داستاننىڭ «كىتاب نەزم قىلماققا سەبەب بايان ئايۇر» بابىدا بېرىلگەن سەتىرلەردىن شائىرنىڭ داستانىنى يېزىپ ئالتۇن ئوردا خانلىرىدىن بولغان تانىبەگكە تەقدىم قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئېغىر شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، كۆپ ۋاقىت سەپەر ئازابى ئىچىدە ئۆتكەنلىكى مەلۇم. لېكىن، شائىرنىڭ كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

«خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە«ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن كېيىنكى نادىر نەمۇنە بولۇشقا مۇناسىپ. قۇتب نىزامىنىڭ شۇ ناملىق داستانىنى تۈركىي تىلدا قايتا ئىشلەش داۋامىدا، ئۇنى ئۆزىنىڭ غايىسى، ئىدىيىسى، 14 ـ ئەسىرنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى ۋە بۇ مەقسەتكە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يېتىپ، «خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانىنى ئانا تىلدا يارىتىلغان، يۈكسەك غايىۋى ـ بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان نادىر ئەسەر قىلىپ ئىشلەپ چىقتى.

«خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانى 100 بابتىن ئىبارەت بولغان، ئالتە

مىڭدىن كۆپرەك بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ سيۇژىتقا ئىگە يېرىك ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپ، قۇتب ئۆزىنىڭ بۇ داستانى ئارقىلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يۈكسەك بىر نەمۇنە تىكلىدى. داستانىنىڭ ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان، 1383 - 1384 - يىللىرى كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسى پارىژدىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

# كى كى قۇرسا ئىچقۇ

«ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇھىم ئەدەبىي - تارىخىي يادىكارلىقى سۈپىتىدە، ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىمىز ۋە خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلدى. ئۇ، گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىسى گاۋچاڭ يېزىسىنىڭ ئابىدەساي (高昌乡石碑沟) دېگەن يېرىدىن تېپىلىپ، 1933 - يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى تەلىم - تەربىيە سارىيىغا قويۇلغان بولۇپ، ھازىر ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدا ساقلانماقتا.

بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ كەڭلىكى 173 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 182 سانتىمېتىر بولۇپ (بۇ پەقەت ساقلىنىپ قالغان قىسمى) بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت شېئىر بولۇپ (جەمئىي 257 قۇر). ئاخىرقى 61 - كۇپلېتىدىن بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ مىلادىيە 1334 - يىلى، كونىچە ئىت يىلى 10 - ئايدا تىكلەنگەنلىكى، تېكىستنى جامبالىقلىق (ھازىرقى سانجى تەۋەسىدە) كى كى قۇرسا ئىچقۇ دېگەن كىشىنىڭ يازغانلىقى مەلۇم.

«ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇسلۇبى بويىچە، مىسرالارنىڭ بېشى قاپىيىداش قىلىنىپ يېزىلغان، شۇنداقلا، مىسرالار ئاخىرىدىمۇ قاپىيە مەۋجۇت. ھەر بىر كۇپلېت شېئىر تۆت مىسرادىن قۇرۇلغان بولۇپ، تاشقا ئويۇلغاندا مىسرالار چېكىت بىلەن، كۇپلېتلار غۇجمەك تۆت چېكىت بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن.

كى كى قۇرسا ئىچقۇ تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستىنى بىر ئەدەبىي - تارىخىي تەزكىرە دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، موڭغۇل دۆلىتى پارچىلىنىشقا باشلاپ، شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي خانلىقى ۋە ئوگداي خانلىقى شەكىللەنگەندىن كېيىن، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۇرپاننى تاشلاپ گەنسۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنكى بىر پۈتۈن تارىخىي جەريانى، يەنى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىندىن تارتىپ تايپىنۇ خانغىچە بولغان ئالتە ئەۋلاد ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن.

كى كى قۇرسا ئىچقۇنىڭ تەرجىمىھالى نامەلۇم. ئۇ يازغان مەڭگۈ تاش تېكىستىدىن ئۇنىڭ 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەدىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. «قۇرسا» ئاپتورنىڭ ئىسمى بولۇپ، تەتقىقاتلاردىن، «كى كى» نىڭ توخار (توخرى) تىلىدىن كەلگەن بىر خىل دىنىي لەقەم، «ئىچقۇ» نىڭ ئىدىقۇت ئوردىسىدىكى مەلۇم ئىچكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنسەپ نامى ئىكەنلىكى مەلۇم.

# خارەزمى

13 - ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى «چاغاتاي خانلىقى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان تۆمۈرىلەر سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قايتىدىن جانلىنىشقا ئىگە بولدى. بۇ جانلىنىش 13 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرىگە قەدەم قويدى. لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى قاتارلىق مەشھۇر نامايەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ياراتقان بۇ ئەدەبىي تىل كېيىنكى دەۋرلەردە باشقىلار تەرىپىدىن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى. «چاغاتاي تىلى» ئەينى ۋاقىتتا «چاغاتاي ئۇلۇسى» ① دائىرىسىدە ياشىغان مىللەت ۋە خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيىتى يۇقىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان يېزىق ئەدەبىي تىلىنى، نەۋائى تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر ئىبارەتى» (ئۇيغۇر ئىبارىلىرى) نى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تىل ئىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چاغاتاي تىلى دەۋرىگە قەدەم قويغان مەزگىلدە يارىتىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىچىدە خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

---

① چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەۋە قىلىپ بېرىلگەن، شەرقتە ئېۋىرغول (قۇمۇل) دىن غەربتە ئامۇ دەرياسى ۋە خەزىنىگىچە، شىمالدا قورغاستىن جەنۇبتا دېھلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلار «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالغان.

«مۇھەببەتنامە» نىڭ ئاپتورى خارەزمىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان مەنبەلەر يوقنىڭ ئورنىدا. بىز پەقەت «مۇھەببەتنامە» نىڭ ئايرىم قىسىملىرىدا بېرىلگەن بايانلاردىن بۇ ئەسەرنىڭ «خارەزمى» تەخەللۇسلۇق ئاپتور قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئالتۇن ئوردا خانى جانىبەگنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد خوجابەگنىڭ تەكلىپى بىلەن 754 - ھىجرىيىدە (مىلادى 1353 - يىلى) يېزىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئەسەرنىڭ يېزىلغان جايى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا سىر دەريا بويىدىكى سىغناق شەھىرى تىلغا ئېلىنىدۇ.

«مۇھەببەتنامە» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، بەدىئىي تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ خاتىمىسىگە قوشۇپ بېرىلگەن بىر فارسىي ھېكايىدىن، لېيدىن ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان خارەزمى قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان غەزەلدىن، شۇنىڭدەك 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ياكى 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياراتىلغان خوجەندى تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ «لەتافەتنامە» ئەسىرىنىڭ «مۇھەببەتنامە» گە جاۋاب تەرىزىدە يېزىلغانلىقىغا قاراپ، شائىرنىڭ فارس، تۈركىي تىللاردىكى يازما ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، غەزەل، مەسنەۋى، قىتئە، فەرد قاتارلىق ژانىرلارنىڭ ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ زامانىسىدە خېلى كەڭرى تارقالغان ۋە ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

«مۇھەببەتنامە» كىرىش قىسىم، ئەسەرنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغان نامەلەر (بۇ نامەلەردىن پەقەت بىرىلا باشقا مەزمۇندا)، يەنى ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىغا ئاتىغان شېئىرىي مەكتۇپلىرى ۋە خۇلاسە قىسمىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى تەرغىب قىلىش، ئىنسانىي پەزىلەتلەر ۋە پاك مۇھەببەتنى مەدھىيىلەش، ھايات نېمەتلىرىدىن بەھرە ئېلىشقا چاقىرىش، ئومۇمەن، ھايات قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر بىلىپ يەتكەن ئەركىن، ئىقتىدارلىق، يېتىلگەن بىر شەخسنىڭ مۇھەببەت ۋە ھاياتقا بولغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى كۆز قارىشى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

«مۇھەببەتنامە» دە ئاساسىي ماۋزۇ بىلەن باغلىق ھالدا مەي تېمىسىمۇ مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىكى مەي ئوبرازى ئەنئەنىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شاتلىق سىمۋولى، ھىجران ئازابلىرى ۋە تۈرلۈك ئەندىشىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. قىسقىسى، «مۇھەببەتنامە» دە خارەزمى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى مەسىلىلىرى بىلەن ياخشى تونۇش بولغان ۋە ئۇنىڭ ھايات بىلەن باغلىنىشلىق تەرەپلىرىنى پىششىق بىلگەن ئىلغار پىكىرلىك ئىجادكار سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

دەۋرىمىزگە «مۇھەببەتنامە» نىڭ ئىككى قول يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ قەدىمكىسى شاھرۇھنىڭ ھىراتتىكى سەركەردىسى مىر جالالىددىننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن باخشى (كاتىپ) بەكىر مەنسۇر تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 835 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ باشلىرىدا (مىلادى 1432 - يىلىنىڭ مارت ئېيىدا) يازد شەھىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، ھازىر بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدۇر. ئەسەرنىڭ ئەرەب يېزىقىدا ھىجرىيە 914 - يىلى (مىلادى 1508 - 1509 - يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن ئىككىنچى نۇسخىمۇ بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

# سەيفى سەرايى

شائىر سەيفى سەرايى 14 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سەيفى سەرايى مىلادىيە 1321 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1396 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر سەيفى سەرايىنىڭ هاياتى داۋالغۇپ تۇرغان يىللارغا توغرا كەلگەن. بۇ خىل شارائىت شائىرنى كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇ ماۋەرائۇننەھردە، ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ پايتەختى سەرايدا ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان، ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ مىسىر ۋە تۈركىيىلەردىمۇ تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ خىل هاياتى، كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىلەنگەن.

سەيفى سەرايىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن لىرىك ـ ئەسىرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ھەمدە ئۇ دىۋان ھالىتىگىمۇ كەلتۈرۈلمىگەن. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن بىزگە «گۈلىستان بىت تۈركى» ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمى ۋە ئاخىرقى بەتلىرىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان «فى ئەۋسافى شۇئەرا» ناملىق مەسنەۋىسى، «كۆكگۈل»، «تېپىلماس»، «كۆزلەرىڭ»، «ئېرۇر»، «قەمەر يۈزۈڭدىن»، «يېڭى ئاي»، «تۇرۇر»، «تۇتار»، «كۆرىنۇر» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە غەزەل، قەسىدە، قىتئە، رۇبائى ۋە بىر پارچە «باھار تەسۋىرى» تېمىسىدىكى شېئىرى، «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» ناملىق داستانى، «سىندبادنامە»، «گۈلىستان» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىي تەرجىملىرى يېتىپ كەلگەن.

سەيفى سەرايى شېئىرلىرىدا شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكىنى

مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ . ئۇنىڭ لىرىكىسى ۋەزىن ۋە قاپىيىلەرنىڭ خىلمۇ خىللىقى ۋە ئۆزىگە خاس سۆز سەنئىتى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ .

مەسىلەن ، ئۇ «ئېرۇر» رادىپلىق غەزىلىدە :

«دىلبەرىمنىڭ زۇلفى سۇنبۇل ، چېھرەسى گۇلزار ئېرۇر ،
بويىنە ئاشىق سەنەۋبەر ، يۈزىنە گۇل زار ئېرۇر .
ئاغزى فىستۇق ، كۆركى تاكسۇق ، ئۇز مۇشفىق ① يار ئېرۇر ،
ھۆسنىنىڭ چاۋى خىتاۋۇ ، چىن ئىچىندە بار ئېرۇر .
ئەسلى ئەلچىن ، سۆزلەرى چىن ، كۆزلەرى تاتار ئېرۇر ،
مىلك ياشار ھەم كىم دۇداغى ② شەربەتىن تاتار ئېرۇر .
ئىشقىنىڭ ئەلچىسىنە كۆڭۈل مۇنەققەشۋار ئېرۇر ،
زۇلفىنە تۇشكەن كۆڭۈللەرنىڭ مەقامى دار ئېرۇر .
نېچە كىم ئىشقى ئوتى بۇجان ئىچىندە بار ئېرۇر ،
قەھرەبا ئۇزرا كۆزۈمدىن دەم ـ بەدەم دۇر بار ئېرۇر .
شاھىد سۆزى ، ئارىفى ③ ئۆزى ، ۋاقىفى ئەسرار ئېرۇر ،
ۋەسلى بوستانىدا خۇش ئاشىقلىرىن ئەسرار ئېرۇر .
ۋەسفىنە سەيفى سەرايىنىڭ ئىشى ئەشئار ئېرۇر ،
ئاندىن ئۆزگە بىرلە ئاشىققە يېمەك ئاش ، ئار ئېرۇر .»

دەپ يېزىپ ، كامالەتكە يەتكەن سۆز سەنئىتى ئارقىلىق گۈزەل دىلبەر ئوبرازىنى يارىتىدۇ .

سەيفى سەرايىنىڭ « سۇھەيل ۋە گۇلدۇرسۇن » داستانى 1966 ـ ، 1967 ـ يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ، ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ئوبلاستىدىن تېپىلا ـ

① مۇشفىق ــ مۇلايىم .
② دۇداغ ــ لەۋ .
③ ئارىف ــ تونۇغۇچى ، بىلگۈچى .

ىغان «يادىكارنامە» ناملىق قول يازما ئارقىلىق ئاشكارىلانغان ①. مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان مەزكۇر داستان 82 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆرگەنچ شەھىرىگە قىلغان هۇجۇمى نەتىجىسىدە تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلانغان كېلىشكەن، پالۋان يىگىت سۇهەيلگە ئەمىر تۆمۈرنىڭ قىزى گۈلدۇرسۇننىڭ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى، گۈلدۇرسۇننىڭ سۇهەيلنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ، بىرلىكتە قاچقانلىقى، چۆلدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن هالسىراپ يىقىلغان گۈلدۇرسۇننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇهەيلنىڭ نان ۋە سۇ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكى، قايتىپ كەلگىنىدە، گۈلدۇرسۇننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ماڭا ياخشى يار بىرلە ئۆلمەك، نە لازىم غەم بىلەن دۇنيادا قالماق!» دەپ نالە قىلىپ ئۆزىگە تىغ ئۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ جەسىتى كۆچمە قۇم ئارىسىدا قالغانلىقىدەك بىر قاتار جەريانلار يۇقىرى بەدىئىي ماهارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاشىقلار پاجىئەسىگە بولغان ئېچىنىشى، ئۇرۇش - جاڭجاللارغا بولغان غەزىپى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەيفى سەرايى فارس خەلقىنىڭ بۈيۈك شائىرى سەئدى شىرازىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم تۈركىي تىلغا «گۈلىستان بىت تۈركىي» نامى بىلەن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئۇ «گۈلىستان» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزى ياشىغان دەۋر روهىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى يېڭى هېكايەتلەر، قىتئە، بېيىتلار بىلەن بېزەپ چىقتى.

سەيفى سەرايىنىڭ «گۈلىستان بىت تۈركىي» ناملىق ئەسىرىنىڭ دۇنيا بويىچە بىردىنبىر بولغان تولۇق قول يازما نۇسخىسى هازىر گوللاندىيىنىڭ لېيدىن ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

---

① مىلادىيە 1398 - يىلى كۆچۈرۈلگەن مەزكۇر قول يازما هازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەلىشىر نەۋائى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا.

# ھەيدەر خارەزمى

شائىر ھەيدەر خارەزمى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان .

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ئەسىرىدە ھەيدەر خارەزمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ : «سۇلتان ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىقىدا پازىل كىشلەردىن ... مەۋلانا ھەيدەرلەر بار ئىكەن . مەۋلانا ھەيدەرنىڭ تۈركىي ۋە فارسىي تىللاردا يازغان ياخشى شېئىرلىرى بار ۋە نىزامىينىڭ ‹ مەھزەنۇل ئەسرار › نى تۈركىي تىلدا جاۋاب يېزىپ، ئۇنى شاھزادە ئىسكەندەر نامىغا بېغىشلىدى» دەپ يازغان بولسا ، ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى مەجلىسىدە «مەۋلانا ھەيدەر تۈركىيگوي» ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ، ئۇنىڭ «مەھزۇنۇل ئەسرار» ئەسىرىدىن تۆۋەندىكى بېيىتنى مىسال كەلتۈرىدۇ :

«ھىممەت ئىلىدۇر — يادى بەيزا دېگەن ،
ئەر نەفىسدۇر — دەمى ئىسا دېگەن .»

ئەلىشىر نەۋائى يەنە «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ئەسىرىدە ئەمىر تۆمۈر كوراگانىنىڭ ئوغلى ۋە ئىزباسارى شاھرۇخ سۇلتان دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر قاتارىدا ھەيدەر خارەزمىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ .①

ھەيدەر خارەزمى ئىجادىنىڭ تونۇلغان مەزگىلى تۆمۈرىيلەردىن ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر مىرزا دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ . ئەپ-

---

① ئەلىشىر نەۋائى : «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» (مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1988) ، 46 ـ بەت .

سۈسكى، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ھەيدەر خارەزمىنىڭ شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

شائىر ھەيدەر خارەزمىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «مەھزەنۇل ئەسرار» («سىرلار خەزىنىسى») ناملىق ئەسىرى تۈركىي تىلدىكى ئەخلاقىي - پەلسەپۋى داستانچىلىقنىڭ يىرىك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھەيدەر خارەزمى «مەھزەنۇل ئەسرار» دا دەۋر تەلىپى بىلەن باغلىق ھالدا مەركەزلەشكەن دۆلەت ۋە ئادىل ھۆكۈمدار غايىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەسەر مەسنەۋى شەكلىدە 639 بېيىتتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تىلىنىڭ ساددىلىقى، پىكرىنىڭ ئىخچام ۋە جەزىبىدار ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىنىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن نىزامىينىڭ ئەسىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ ئەسىرىدە ھېكايەتلەرنى شېئىرىي شەكىلدە يازىدۇ. ھەر بىر كىچىك ھېكايەتتە چوڭ ۋە مۇھىم بولغان بىر تېمىنى ئېچىپ بېرىشكە، خاراكتېرلىك ئوبراز ۋە پورترېتلار يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. قىسقىسى، «مەھزەنۇل ئەسرار» ئەسىرىدىن ھەيدەر خارەزمىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن بىلىمدانى، شائىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ھەيدەر خارەزمىنىڭ «مەھزەنۇل ئەسرار» ناملىق ئەسىرى ئەلىشىر نەۋائىيغىچە بولغان مەزگىلدە چاغاتاي (تۈركىي) تىلىدا يارىتىلغان نادىر ئەدەبىي مىراسلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

# دۇربېك

شائىر دۇربېكنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار بىزگە پەقەت ئۇنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا تېپىلغان داستانى — «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» دىن كەلگەن.

شائىر داستانىنى مىلادىيە 1409 - يىلى (ھىجرىيە 812 - يىلى) بەلخ شەھىرى قامال ئىچىدە تۇرغان مەزگىلدە يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەلخ شەھىرى شاھرۇخ تەرىپىدىن 1409 - يىلى ئىيۇلدىن سىنتەبىرگىچە ئۈچ ئايغا يېقىن قامال قىلىنغان بولۇپ، شائىر داستانىدىكى:

«قەلئەئى بەلخ ئولدى چۇ دەرۋازە بەند،
پايانى زۇلۇم ئولدى بەغايەت بەلەند.
ئۇشبۇ قەبىل خەلق ئۈچ ئاي تەمام،
يار ئېدىلەر غۇسسەيۇ غەم سۇبھى شام.»

دېگەن مىسرالىرىدا قامال ئىچىدە قالغان بەلخ خەلقىنىڭ ئېغىر، كۈلپەتلىك ھاياتىنى بايان قىلىدۇ.

دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئەدىبلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان شۇ نام، شۇ سيۇژىتتىكى ئەسەرلەردىن ئەينى دەۋر رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئىشقىي - رومانتىك تۈسكە كىرگۈزۈلگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. داستاندا 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر، بەلخ قامالى ۋە بەلخ شەھىرى خەلقىنىڭ ئازابلىرى يۇسۇپ ۋە زۇلەيخانىڭ رومانتىك سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا ۋاستىلىك ياكى ياندىن بېرىلىدۇ. داستاندا يەنە بىر قاتار ئىجابىي ئوبرازلار يارىتىل-

غان .

دۇربېك «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىدا خەلق جانلىق تىلى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان . ئۇنىڭ ئەسىر-
دىكى «باقاۋۇل ، ياساۋۇل ، چېرىك ، ئىلىك ، جانابىي ئالىيلىرى» دېگەن
سۆزلەر ۋە كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر بۇنى ئىسپاتلاپلا قال-
ماي ، يەنە ئەسەرنىڭ تەتقىقات قىممىتىنىمۇ ئاشۇرغان .

شائىر دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى 1959 - ۋە 1960 -
يىللىرى تاشكەنتتە ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىنغان .

# ئابدۇرەھىم ھاپىز

تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئەلىشىر نەۋائىيغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆزىنىڭ چاغاتاي تىلىدا ياراتقان ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئەينى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى ـــ شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىز (ھاپىز خارەزمى) دۇر.

شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ «دىۋان ھاپىز تۈركىي» ناملىق زور ھەجىمدىكى لىرىك شېئىرلار توپلىمى ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد شەھەرىدىكى «سەلار جەڭ مۇزېيى» دا 4298 ـ نومۇر بىلەن ساقلانغان. مۇزېي خادىملىرى بۇ ئەسەرنى مەشھۇر فارس شائىرى خوجا ھاپىز شىرازى (1320 ـــ 1389) شېئىرلىرىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى دەپ تونۇپ كەلگەچكە، مەزكۇر ئەسەر يېقىنقى يىللارغىچە جامائەتچىلىككە مەلۇم بولمىغان. 1975 ـ يىلى 18 ـ مايدا ئۆزبېك ئالىملىرى ـــ فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور خەمىت سۇلايمانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بايقىشى بىلەن مەزكۇر ئەسەر ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزغا مەلۇم بولدى.

«دىۋان ھاپىز تۈركىي» ناملىق مەزكۇر قول يازما ئەسەر 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ 1052 غەزەل، بىر مۇخەممەس، ئىككى مۇستەھزاد، تۆت تەركىببەند، ئۈچ تەرجىببەند، 31 قىتئە، 11 رۇبائىدىن تەشكىل تاپقان.

ئابدۇرەھىم ھاپىز دىۋانىدىكى شېئىرلار ئەمىر تۆمۈرنىڭ 1379 ـ يىلى خارەزمنى قولغا كىرگۈزۈشىدىن تاكى 1435 ـ يىلى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆزىگە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، بۇ شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى

يىپرىمىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ ئىجاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

«دىۋان ھاپىز تۈركىي» نىڭ مەزمۇنىدىن يەنە شائىرنىڭ خارەزمىلىك ئىكەنلىكىنى ، ئاخىرقى ئۆمرى شىرازدا ئۆتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بۇخارا ، سەمەرقەند ، خوجەند ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنىڭ نامىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ، لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرلەردە تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقى نامەلۇم .

ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختالغان غەزەللىرىنىڭ بىرىدە :

«خاس ئۆز قولىنغە لۇتف ئېتىپ رەھىم قىلسە يار ،
مۇجلىس قەدىمي قۇل ئاگا ئابدۇرەھىم ئېرۇر .»

دەپ يېزىپ ، ئۆز ئىسمىنىڭ ئابدۇرەھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن . ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ «دىۋان ھاپىز تۈركىي» ناملىق ئەسىرى لىرىك شېئىرىيەت بويىچە شۇ دەۋردىن يېتىپ كەلگەن يىرىك يادىكارلىق بولۇپ ، شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىز ئۆزىنى خوجاھاپىز شىرازى ئىدىيىلىرى ۋە لىرىكا ماھارىتىنىڭ ۋارىسى ئورنىدا قويۇپ ، خوجاھاپىز شىرازى شېئىرىيىتىنى تۇنجى قېتىم تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تونۇشتۇرغان ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىدە «ھاپىز تۈركىي» ئۇسلۇبىنى يارىتىشنى مەقسەت قىلغان .

ئابدۇرەھىم ھاپىز شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى خىلمۇ خىل ھەم رەڭدار بولۇپ ، ئىدىيە جەھەتتىن ئۇ خوجا ھاپىز شىرازى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ باھائىددىن نەقشبەندىي تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن فانتېئىزملىق قاراشلارغا ، يەنى ، ئىشقى ھەقىقى (ئىلاھى ئىشق) قا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشقىي مەجازى (ئىنسانىي ئىشق) باسقۇچىنى بېسىش توغرىسىدىكى پىكىر ئېقىمىغا يېقىندىن يانداشقان .

شائىر ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ نادىر شېئىرىي مىراسلىرى 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر .

# ئاتائى

ئاتائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان 15 - ئەسىردىكى بۈيۈك سەنئەتكارلارنىڭ بىرىدۇر . ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە : «( ئاتائى شېئىرلىرى ) نىڭ ئەينى زاماندا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كۆپ شۆھرەت تاپقان» لىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئاتائى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھايات تارىخىدىكى قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس سۈپىتى بىلەن خاراكتېرلىنىپ كەلمەكتە .

ئەپسۇسكى ، ئاتائىنىڭ ھايات يولى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە ئائىت يېتەرلىك يازما مەلۇمات يوق . «مەجالىسۇن نەفائىس» ، «مۇھاكەمە تۇل لۇغەتەين» گە ئوخشاش ئايرىم مەنبەلەردە ئاتائىنىڭ تاشكەنت بىلەن سايرام ئارىلىقىدىكى ھېزدىيان دېگەن قىشلاقتىن بولۇپ ، نەسەب جەھەتتىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئاتا ئەۋلادىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ .

ئاتائى گەرچە ئاتالار (سوفىيلار) ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ ، لېكىن ئىجتىمائىي ھاياتقا تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارىغان ۋە ئىلغار ئىجادىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۈيۈك شائىردۇر .

15 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى ئاتائى ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ - راۋاجلانغان دەۋرى بولۇپ ، شائىر بۇ دەۋرنى ھىرات ، سەمەرقەند ۋە بەلخ قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئۆتكۈزگەن .

تالانتلىق شائىر ئاتائىنىڭ بىرلا شېئىرى دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن . بۇ يېگانە قول يازما نۇسخا ھازىر روسىيە پەنلەر

ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېتېربۇرگ بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

ئاتائىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋان شەيخزادە ئاتائى» ناملىق يېگانە قول يازما ئەسىرى 260 غەزەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ غەزەللەرنىڭ ئاساسىي قىسمى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان لىرىكىلاردىن ئىبارەت.

شائىر بۇ غەزەللەردە ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىكنى كۈيلەيدۇ، جاپا - مۇشەققەتنى يەڭگەندىلا ئاندىن يار ۋەسلىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسىيەتچىل ئەمەلدارلار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

ئاتائى لىرىكىلىرىدا ئوخشىتىش، مۇبالىغە، كىنايىلەر زور ماھارەت بىلەن قوللىنىلغان بولۇپ، «ئاھۇيى خوتەن»، «مۇشكى خوتەن» گە ئوخشاش تەسۋىرلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاتائى ئىجادىيىتىدە مەزمۇن ۋە شەكىل ئورگانىك يوسۇندا بىرىكىپ كەتكەن. بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئورىگىناللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ئاتائى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا تولىمۇ يېقىنلىقى، راۋانلىقى، ساپلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ ھال شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدە «مەلىكۇل كەلام» ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

بۈيۈك شائىر ئاتائى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىل 6 - سانىدىكى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى).

# سەككاكى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 15 - ئەسىردىكى بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى سەككاكىدۇر.

سەككاكىنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگىمۇ مەشھۇر، لېكىن شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق تارىخىي ھۆججەت ساقلانمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى، ئەسلى ئىسمى نەمەلۇم. شائىرنىڭ نامى پەقەت ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەنلا ئاتىلىپ كەلمەكتە.

سەككاكى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى بولغان ئاتاقلىق ئاسترونوم، ئالىم ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە سەمەرقەنتتە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نافائىس» ناملىق ئەسىرىدە: «مەۋلانامە سەككاكى ماۋەرائۇن - نەھرلىكتۇر. سەمەرقەنت ئەھلى ئاڭا كۆپ مۇئتەقىد① دۇرلەر ۋە بىغايەت تەئرىفىن قىلۇرلار» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا ئىبنى نېئمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: « ‹مۇقامنىڭ › ئون ئالتىنچى پىرى ھەزرەتى يۈسۈف سەككاكىدۇر.» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ دەلىلگە ئاساسەن، شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى يۈسۈپ بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىمىز.

سەككاكىنىڭ ياشىغان دەۋرىنى بىلىشتە، ئۇنىڭ تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغبەگدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدارى خېلىل سۇلتانغا بې-

---

① مۇئتەقىد — ئېتىقاد.

غىشلىغان قەسىدىسى بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ. خېلىل سۇلتان شاھرۇخ تەرىپىدىن 1410 - يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بولۇپ، شائىر بۇ قەسىدىنى 1410 - يىلدىن بۇرۇن يازغانلىقى ئېنىق. شۇ ھالدا سەككاكىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى 14 - ئەسىرنىڭ تۆتىنچى چارىكىگە توغرا كېلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى مىلادى 1467 — 1469 - يىللىرى سەمەرقەنتتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سەككاكى بىلەن ئۇچراشقانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇ ھالغا ئاساسەن سەككاكىنى شۇ يىللاردىن سەل ئىلگىرى ۋاپات بولغان دېگەن پەرەزگە كېلىمىز.

سەككاكى ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. نەۋائى تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «كامالەتكە يەتكەن پاساھەتلىك شائىر» ئىدى.

تالانتلىق شائىر يەقىنى ئۆزىنىڭ «ئوق ۋە يامۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە «سەككاكى تۈرك شائىرلىرىنىڭ مۇجتەھىدىدۇر.» ① دەپ قەيت قىلىدۇ. خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا ئىبنى موللانېئمەتۇللا «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «... بۇ ئەزىز ھەم تەمامى ئىلىمدە ھەزرەتى فارابى، ھەزرەتى لۇتفىلادەك ئىدىلەر ... ئىلمىي فەساھەت ۋە ئىلمىي بەلاغەتتە ئەسىرىنىڭ يەكتاسى ئىدى. ئىلمى ئەشئاردا مۇغۇلستاندىن ② چىققان مۇتەفەككۇرلارنىڭ ھەممىسىدىن فايىق ئىدى.» دەپ ئالاھىدە باھا بېرىدۇ.

تالانتلىق شائىر سەككاكىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر دىۋانى بولۇپ، بۇ دىۋان ھازىر قول يازما ھالىتىدە بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. دىۋاندا ئېلىپ (ا) تىن نۇن (ن) غىچە بولغان رادىفلىق غەزەللىرى يوق. دىۋان شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىتاب

---

① مۇجتەھىد — غەيرەت - شىجائەت كۆرسەتكۈچى.

② مۇغۇلىستان — ئەسلىدە شەرقتە قاراشەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربى، شىمالدا بالقاش كۆلى، جەنۇبتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماكلاي سويە) قاتارلىق چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار تارىختا «مۇغۇلستان» دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادى 1348 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر بىرقانچە پادىشاھلىق، بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇغۇلستان خانلىقىنى قۇرغان.

تۇزۇش تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن، يەنى ئەڭ ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسەنا، پەيغەمبەرلەرگە نەئت بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن خوجا مۇھەممەد پارسا ۋە خەلىل سۇلتان نامىغا بېرىدىن قەسىدە بېغىشلىنىدۇ. مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە ئارسلان خوجا تارخان ناملىرىغا تۆتتىن قەسىدە بېغىشلانغان. پۈتۈن دىۋان 12 قەسىدە ۋە 50 تىن ئارتۇق غەزەلدىن تەركىب تاپقان.

سەككاكى لىرىكىلىرىدا مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ لىرىكىلاردا شائىر ئاجايىپ پوئېتىك ئوبراز ۋە ئەدەبىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ. ۋاپادارلىق ۋە سەمىمىيلىكنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. يار ۋەسلىگە يېتىش يولىدىكى ھەر خىل جەبىر - جاپالارنى دادىللىق بىلەن يېڭىشكە ئۈندەيدۇ ھەم رېئال ھايات گۈزەللىكلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلەيدۇ. شائىر گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خوتەننى بىر قانچە مىسرالاردا ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇناپىقلىق، ئاچكۆزلۈك، ساختىپەزلىك، رىياكارلىقلارنى تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ.

سەككاكى پوئېزىيەسىدە قەسىدە ژانىرى خېلى سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ قەسىدىلەر ئۆزىنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، شەكلى خىل ۋەزىن شەكىللىرى ۋە پاساھەتلىك تىلى بىلەن دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. خۇسۇسەن، شائىرنىڭ دۆلەت ئەربابى، مەشھۇر ئالىم ۋە ئەدىب ئۇلۇغبەگكە يازغان قەسىدىسى بەدىئىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شائىر بۇ قەسىدىدە، بىر تەرەپتىن ئۇلۇغبەگنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرسەتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمىتىنى تولۇپ تاشقان ئىپتىخار بىلەن قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئۆزىنى ئۇلۇغبەگ بىلەن بىر سەپتە ـــ تەڭ ئورۇندا قويىدۇ؛ ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۇلۇغبەگكە قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەينى زامانىدىكى خوجا ئەھرار ۋەكىللىك قىلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىغا زەربە بېرىدۇ. بۇ ھالنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

« . . . . . . . . .
سەلاتىن دۇنيەدە كۆپ كەلدىيۇ كەچتى ، سىنىڭدەك بىر ،
فەلەكنىڭ گەرتىلى بولسا ئەيتسۇنكىم ، قاچان كەلدى ؟»
« ... ... ... ... ...
فەلەك يىللار كېزەك سەير ئەتسە يۇ كەلتۇرسە ئىلكىگە ،
مېنىڭدەك شائىرۇ تۇركۇ ، سېنىڭدەك شاھى دانانى .»

سەككاكى لىرىكىلىرى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى ، ئىستىلىستىكىلىك ۋاستىلەرنىڭ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . سەككاكى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ يارقىن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى كلاسسىكلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى .

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 7 - سانىدىكى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى) .

# لۇتفى

لۇتفى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان نامايەندىلەرنىڭ بىرى. نەۋائى لۇتفىغا «ئۆز دەۋرىنىڭ مەلىكۇل كەلامى» (سۆز پادىشاھى) دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

لۇتفىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات ساقلانمىغان. پەقەت ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەجالسۇن نەفائىس»، «ھالاتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر»، خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق»، شەمسىددىن سامىنىڭ «قامۇسۇل ئەئلام» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە لۇتفى ھاياتىغا ئائىت قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ مەنبەلەر ئارقىلىق شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىر قەدەر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

مەۋلانا لۇتفىنىڭ ئەسلى ئىسمى نامەلۇم. لۇتفى ئۇنىڭ تەخەللۇسى ھېسابلىنىدۇ. زاماندىشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مەۋلانا لۇتفى — لۇتفى ھىرى (ھىراتلىق لۇتفى) دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ ھىراتلىق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مەلۇمكى، مەۋلانا لۇتفى 1366 - يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ھىرات شەھىرىنىڭ دېھكەنار خىيابانىدا پەقىرانە ھايات كەچۈرگەن.

لۇتفى ياشلىقىدىن باشلاپ ئۆز زامانىسىنىڭ مەۋجۇت ئىلىملىرىنى ئىگىلەشكە كىرىشتى. مەشھۇر ئالىم شاھابىددىن خىيالى ھوزۇرىدا ئەرەب ۋە فارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، مەلۇم مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلدى. شائىر ئىجتىھاد بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىدە يۇقىرى مەلۇماتقا ئېرىشتى. ئۇ، 15 - ئەسىردىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولغان خوجا ھافىز شىرازى، ئۆمەرھەييام ۋە كامال خوجەندى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر غايىۋى - بەدىئىي ئوزۇق ئالدى.

مەۋلانا لۇتفى ئازغىنا كەم يۈز يىللىق ئۆمرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىدى. ئۇ ساراي شائىرلىرىنىڭ قەسىدىۋازلىق يولىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئامماباب شەكلى — غەزەل ژانىرىنى تاللاپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى لىرىك شېئىرلاردىن باشلىدى. شائىر ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلى ۋە فارس تىلىدىن ئىبارەت ئىككى تىل بىلەن يازدى. 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن خۇراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھىردە زور شۆھرەت قازاندى. دىۋانلىرى ئىران ۋە خۇراسانغىچە بولغان جايلارغا كەڭ تارقالدى.

لۇتفىنىڭ فارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرى دىۋان ھالىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەمما، ئۆز ئانا تىلىدىكى دىۋانىنىڭ بىرقانچە مۇكەممەل قول يازما نۇسخىلىرى بار. بۇ نۇسخىلار ھازىر لېنىنگرات، تاشكەنت، ئىستامبول، لوندون قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. يالغۇز ئۆزبېكىستان دۆلەت مۇزېيىدا لۇتفى دىۋانلىرىدىن تۆت نۇسخا ساقلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى قول يازمىلار 280 پارچە غەزەل؛ 40 پارچىغا يېقىن رۇبائى، قىتئە، تويۇق؛ ئىككى پارچە قەسىدە؛ چوڭ ھەجىمدىكى «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەۋلانا لۇتفىنىڭ ئىجادىيىتى ئىچىدە «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 120 باب، 2400 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شائىر بۇ داستانىنى 1411 - يىلى يېزىپ تاماملايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى دەۋرنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى شارافىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى فارس تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا شېئىرىيەتنىڭ مەسنەۋى شەكلى بويىچە 1425 - يىلى تەرجىمە قىلىپ چىققىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

لۇتفى كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇ رېئال ھاياتى تېمىلىرىنى ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىگە ئايلاندۇردى.

مەۋلانا لۇتفى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىيلەر ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ياشاپ ئىجاد قىلدى. شائىرنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى، چىن سۆيگۈ - مۇھەببەت، ساداقەت، تەرەققىيپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانىي ئەركىنلىك غايىلىرىنى روشەن ئىپادىلىدى، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنى قارىلىدى.

لۇتفى تەڭسىز ئىجتىمائىي ھايات قوينىدا ساداقەتلىك يار، خازانسىز باھار، گۈلباھار چېغىدا ئېچىلىدىغان مەڭگۈ ئارزۇ قىلىپ، پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ھاياتقا مۇھەببەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.

مەۋلانا لۇتفى ئۆزىنىڭ لىرىك قەھرىمانىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭ نازۇك ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي خەزىنىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى. خىلمۇ خىل ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، ئوبرازلىق ئىبارىلەر لۇتفى لىرىكىسىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ئىدى. بۇ ھەقتە نەۋائىي لۇتفىغا «ئۇيغۇر ئىباراتى (تىلى) نىڭ بۇلبۇلى» دەپ يۈكسەك باھا بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 15 - ئەسىردىكى يېتەكچى نامايەندىسى مەۋلانا لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1465 - يىلى ۋاپات بولدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، مەۋلانا لۇتفى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «پەسىخ ۋە بەلىخ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدىبى»، «ئەزىز ۋە تەبەررۇك كىشىسى» دۇر. شائىرنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىلى 6 - سانىدىكى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى).

# يۇسۇپ ئەمىرى

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن يۇسۇپ ئەمىرى ئەدەبىياتىمىزغا خارەزمىي ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ياراتقان نامە ژانىرىدىكى ئەسىرى — «دەھنامە» ، مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسىرى — «بەڭ ۋە مەي ئارىسىدىكى مۇنازىرە» ۋە غەزەل ، تۇيۇق ، قەسىدە ھەم باشقا ژانىردىكى شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان بىر لىرىك دىۋانى بىلەن مەلۇمدۇر .

نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا يۇسۇپ ئەمىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ : «تۈرك ئەردى ۋە تۈركچە شېئىردىن ياخشى ۋاقىئى بولۇبدۇر» دېگەنىدى .

شائىرنىڭ ھىجرى 833 - يىلى (مىلادى 1429 - يىلى) يازغان «دەھنامە» ناملىق ئەسىرى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئىشقى مەكتۇبلىرى ، ھېكايەتلەردىن ئىبارەت . «دەھنامە» دىكى شېئىرىي شەكىللەر ئاساسەن مەسنەۋى ، غەزەل ، فەرد شەكلىدە بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇھەببەت ، ھىجران ، ۋىسال ، ھايات لەززىتى ۋە مەي ھەققىدە قىزغىن ، گۈزەل لىرىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . ئۇنىڭدىكى غەزەللەر ئادەتتىكىدەك 6 - 7 - بېيىتتىن ئەمەس ، بەلكى 20 - 30 - بېيىتتىن تۈزۈلگەندۇر .

يۇسۇپ ئەمىرىنىڭ «بەڭ ۋە مەي ئارىسىدىكى مۇنازىرە» ناملىق ئەسىرى نەسرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر . ئەسەردە شېئىرىي مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر قىسمى ئاپتور قەلىمىگە ، بىر قىسمى باشقا مەشھۇر شەرق كلاسسىكلىرى قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇ بۇ شېئىرىي پارچىلاردا شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ نۇرغۇن نادىر

تۈرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى ۋە قىممىتىنى ئاشۇرغان.

«بەڭ ۋە مەي ئارىسىدىكى مۇنازىرە» دە ئاپتور مەجازى ۋاسىتىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ماختانچاقلىق، چوڭچىلىقنى تەنقىد قىلىپ، ئىشرەتپەرەسلىكنى قامچا ئاستىغا ئالىدۇ. ئەسەردىكى بەڭ يېشىل كىيىم كىيگەن تەركىدۇنياچى سوفى، دەرۋىش سۈپىتىدە؛ مەي قىزىل كىيىم كىيگەن پالۋان يىگىت قىياپىتىدە سۈرەتلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز سۈپەت ۋە خاسىيەتلىرىنى تەرىپلەپ قارشى تەرەپنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش داۋامىدا قۇرئانغا ۋە شەرقنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى پىكىرلىرىگە تايىنىشىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مەي: «... ئەگەرچە زاھىردە ھەيئەتىمىز مۇخالىپتۇر، ئەمما باتىندە ھالەتىمىز مۇۋاپىقتۇر ... مېنىڭ خاسىيەتىم يۈزنى قىزارتماقتۇر ۋە سېنىڭ ئادەتىڭ سارغايتماق ...» (مەنىسى: «... گەرچە تاشقى شەكلىمىز ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئىچكى ھالىتىمىز ئوخشاشتۇر ... مېنىڭ خاسىيىتىم يۈزنى قىزارتماقتۇر ۋە سېنىڭ ئادىتىڭ سارغايتماق ...») دەيدۇ. بەڭ خۇش بولۇپ تەگرىنىڭ ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ يۇرتى، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئۆز ئەسەرلىرى ۋە باشقا مەنبەلەردىن ھېچقانداق ماتېرىيال بىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

# ئەھمەدى

14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي تىلى) دا مۇنازىرە ژانىرىدا يېزىلغان بىرمۇنچە ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. شائىر ئەھمەدىنىڭ «سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى ئەنە شۇ دەۋردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

مۇنازىرە ژانىرىدا يېزىلغان « سازلار مۇنازىرىسى »ناملىق بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى نەسرىي شەكىلدە بېرىلگەن مۇقەددىمىدىن بىز ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىسمى ئەھمەدى ئىكەنلىكىنى، ئەسەرنىڭ تىلى، ئەنئەنىسى ۋە باشقا بەزى مەنبەلەردىن شائىرنىڭ 15 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى بىلىمىز.

«سازلار مۇنازىرىسى» مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇزنىڭ رەمەلى مۇسەددەسى مەھفۇز ۋەزنىدە يېزىلغان.

مۇنازىرىنىڭ كىرىش قىسمى ھازىرقى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى باشلىنىشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. مۇئەللىپ مۇنازىرىنى بىردىنلا باشلىماي، ئوقۇغۇچىنى ئەسەر يېزىشقا تۈرتكە بولغان ۋەقە ۋە شارائىت بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ئالدى بىلەن، كېچىسى خارابىلىقتا مەيخورلار ئولتۇرۇشنى باشقۇرۇۋاتقان پىرنى تەسۋىرلەيدۇ. قاتتىق مەست بولغان پىر ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىلىپ، ئولتۇرۇش ئىشتىراكچىلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. نەتىجىدە، ناھايىتى كۆپ ئىچىشكەن مەيخورلار ئۇرۇش ـ جېدەل چىقىرىشىدۇ ۋە ئاخىرى ھەممىسى ئۆلۈكتەك يېتىپ قېلىشىدۇ. ئارقىدىن، ئولتۇرۇشقا ئېلىپ كېلىنگەن سازلار ئۆز ئارا مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىشىدۇ.

ئون يەتتە بابتىن ئىبارەت بۇ مۇنازىرە ئالدى بىلەن تەمبۇردىن

باشلىنىدۇ. يالغانچى، ماختانچاق، تۆھمەتخور، ئۇرۇشقاق قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە قىلىنىپ جانلاندۇرۇلغان تەمبۇر تەرىپىدىن قاتتىق ئازار بەرگەنجىنگەن باشقا سازلار تەمبۇردىن ئۆزىنى تارتىشىدۇ. سازلارنىڭ غەۋغالىرى پىرنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتىدۇ. پىر باشقا سازلارنىڭ شىكايىتىنى ۋە تەمبۇرنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جاڭجالنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىپ يېتىپ، تەمبۇرغا ئۇنىڭ باشقا سازلارسىز كۆڭكەچۈرەلمەسلىكى، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ياشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. تەمبۇر مەسلىھەتكە قۇلاق سېلىپ باشقا سازلاردىن ئۆزرە سورايدۇ. تەمبۇر بىلەن باشقا سازلار ئارىسىدا بىرلىك — ئىتتىپاقلىق ئورنايدۇ. شۇ ۋاقىتتا زۇلمەتمۇ يوقىلىپ، تاڭ يورۇيدۇ:

سۇبھى سەھەر ئاشتى سابا يېلىنى،
سۈردى خوتەن خانى ھەبەش ئېلىنى.

بۇ يەردىكى «خوتەن خانى» — مەشھۇر خوتەن قاشتېشىنىڭ جانلاندۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ سۈزۈك تاڭغا سىمۋول قىلىنغان.

ئەھمەدى مۇنازىرىسىنىڭ تىلى خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا ناھايىتى يېقىن. شائىر مۇنازىرىدە «ياخشى»، «يامان»، «بىر نەچچە كاچات يېسەڭ»، «بىھۇدە تالاش»، «بويۇڭ ئۇزۇن بولسىمۇ ئەقلىڭ قىسقىكەن» دېگەندەك جانلىق تىلغا كۆپلەپ مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەر تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرمۇ خېلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىلىك (بىلىم)، ئىلىك (قول)، يەل (شامال) دېگەندەك. ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بۇ ئەسەر تۈركىي خەلق قوشاقلىرى ۋەزنىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.

«سازلار مۇنازىرىسى» يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان نادىر ئەسەر. ئەھمەدى سازلارنى سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق تىل ۋە ساتىرا ئامىللىرى ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يات ئىللەتلەرنى، بوغان قورساق خوجىلار، ساراي شائىرلىرىنى ھەجۋى ئاستىغا ئالىدۇ. ئەھمەدى قەلىمى ئاستىدا مەنمەنچىلىك، ئىشقىۋازلىق،

ئىغۋاگەرچىلىك، پىتنىخورلۇق، مۇتتەھەملىك، ئۇرۇش - جاڭجال، غەۋغا كۆتۈرۈش قاتارلىق يارىماس ئىللەتلەر قاراڭغۇلۇق مىسالىدۇر. بۇ شۇنداقلا، ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمى ۋە خۇلاسە قىسمىدا مەخسۇس قەيت قىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

شائىر ئەھمەدىنىڭ قوبۇز، كوڭگۇرە، يوتۇغان قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر سازلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىگە ئىشتىراك قىلدۇرۇشمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر.

«سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق بۇ مەشھۇر داستاننىڭ 16 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بىرلا نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر لوندوندىكى ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

# يەقىنى

شائىر يەقىنى ئۆزىنىڭ «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق 15 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىر ئۈلگىسىنى ياراتتى.

ئەسەردە بىرنەچچە ماھىر ئوق - ياچى يىگىتلەر شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ بەزمە قۇرىدۇ. شۇ زامان تۈركىستاندىن كەلگەن ئىككى ناتونۇش كىشى پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قەددى ئېگىلگەن چال — يا، ئىككىنچىسى قەددى راۋۇرۇس، چىرايلىق يىگىت — ئوق. يىگىتلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن قېرىغا ئوڭ تەرەپتىن، ياشقا سول تەرەپتىن جاي كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن، يىگىت ھېچ ئەيمەنمەستىنلا ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرۇۋالىدۇ. چالغا بۇ قاتتىق ئەلەم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە باشلىنىدۇ. چال ئوقنى ئۇنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كەتكەن قاچقۇن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرۇشنى دەۋا قىلغانلىقتا ئەيىبلەيدۇ.

يەقىنى مۇنازىرىسىدە چال - يا ۋە يىگىت — ئوقنىڭ تىلى ئارقىلىق بارلاس قەبىلىسىگە تەۋە تۆمۈرىيلەرنىڭ چوڭ يەر ئىگىلىرى — تارخانلار بىلەن بىرلىشىپ ئاددىي خەلق ئۈستىدىن قىلغان جەبىر - زۇلۇملىرىنى، ھەقىقەتنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ خەلقنى ئالدىغانلىقلىرىنى پاش قىلىدۇ. تۆمۈرىيلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرى ھەققىدە يەقىنى مۇنازىرىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«بۇ مۇنازىرىدىن مەقسەت ئولكىم، بۇ دەۋرنىڭ كاج تەئبلەرنىڭ قاشىدا ھەر كىم يادەك ئەگرى بولسا، يانلىرىدىن يىراق بولماس ۋە ھەر كىم ئوقتەك راست بولۇپ تۈز يۈرسە، يەقىنىدەك يىراق تۈشەر»

بۇنىڭدىن خەلقپەرۋەر، ھەققانىيەت تەرەپدارى بولغان شائىر

يەقىنىنىڭ زوراۋانلارنىڭ جەبىر - زۇلمى، زوراۋانلىقى، ئىككى يۈزلىمىلىكىگە بولغان نارازىلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ پىكرىچە، كىم ئەگرى، ۋىجدانسىز بولسا، ئۇ ھۆرمەت - ئىززەتكە ئىگە بولىدۇ. كىم توغرا، ۋىجدان ئىگىسى بولسا، ئادالەتسىز جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا ئورۇن يوق.

قىسسىدىكى ئەگرى يا — تۆمۈرىيلەر، تارخانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرى ھەممە ئۇرۇشلاردا قولغا كىرگۈزۈۋالغان بايلىقلار ھېسابىغا بېيىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ، ئوق — ئۇرۇشنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرىنى تارتقان، لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا ھېچنېمىگە ئىگە بولالمىغان ھوقۇقسىز ئاددىي خەلقنىڭ سىمۋولى.

«ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ئەسىرى شۇ دەۋردە يارىتىلغان مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا تىلىنىڭ ساددىلىقى، ھازىر جاۋابلىقى ۋە بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قەيت قىلىشىچە، بۇ مۇنازىرە تامامەن يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەردۇر.

ئاپتورنىڭ ئوق ۋە يا تېمىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەدىمكى داستانى «ئوغۇزنامە» دىن ئالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان قول يازمىسىدا ئوق ۋە يا ھەققىدىكى ئېپىزوت ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەقىنىگىچە بولغان يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە بىز ئوق ۋە يا ماتېرىيال قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئۇچراتمىمىز. يەقىنىنى ياشىغان دەۋردە (15 - ئەسىر) «ئوغۇزنامە» ئېپوسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ئىنتايىن كەڭرى تارقالغان ۋە نۇرغۇن ئەدەبىلەر، تا- رىخشۇناسلار «ئوغۇزنامە» نى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ماتېرىيال ئالغاندى.

يەقىنىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىغا دائىر مەلۇماتلار يوقنىڭ ئورنىدا بو- لۇپ، بىزگە پەقەت ئۇنىڭ 15 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىلا مەلۇم. «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» نىڭ 16 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسى ھازىر لوندوندىكى ئۇلۇغ بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

# گەدائی

مەۋلانا گەدائی 15 ـ ئەسىردىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرى. ئەلىشىر نەۋائی «مەجالىسۇن نافائىس» ئەسىرىدە: «مەۋلانا گەدائی — تۈركىيگويدۇر، بەلكى مەشھۇرلىرىدىندۇر. بابۇر مىرزا زامانىدا شېئىرلىرى شۆھرەت تاپتى. ئانىڭ مەشھۇر مەتلەئلىرىدىن بىرى بۇدۇر:

ئاھ كىم دىۋانە كۆڭلۈم مۇپتىلا بولدى يەنە،
بۇ كۆڭۈلنىڭ ئىلكىدىن جانغە بەلا بولدى يەنە.

مەۋلانانىڭ يېشى توقسەندىن ئاشىپتۇر. بۇ مەتلەئ ھەم ئانىڭدۇر:

دىلبەرا، سەنسىز تىرىكلىك بىر بەلائی جان ئېمىش،
كىم ئانىڭ دەردى قاشىدە يۈز ئۆلۈم ھەيران ئېمىش.»

دېگەنلەرنى يازىدۇ. نەۋائی «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدىمۇ گەدائىنى سەككاكی، ھەيدەر خارەزمی، ئاتائی، مۇقىمی، يەقىنی، ئەمىری ئوخشاش تونۇلغان نامايەندىلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

نەۋائی «مەجالىسۇن نافائىس» ئەسىرىنى يازغان چېغىدا (ھىجرىيە 896 ـ يىلى) گەدائىنىڭ يېشى 90 دىن ئاشقان بولسا، ئۇ ھالدا گەدائی ھىجرىيىنىڭ 806 ـ يىلى (مىلادىيە 1403 ـ 1404 ـ يىللار) تۇغۇلغان بولىدۇ.

گەدائىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە دىۋانى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ. دىۋاندىن تاللاپ ئېلىنغان 50 پارچە غەزەل 1961 ـ يىلى ئىستانبولدا ئېكمان تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. دىۋانىنىڭ پارىژ قول يازمىسى ئاساسىدىكى تولۇق نەشری 1973 ـ يىلى تاشكەنتتە چىقتى.

گەدائىنىڭ غەزەللىرى ئاسان تۈركىي تىللىق شائىرلار كۆپ

قـوللانـغان ۋە «تۈركىي» دەپ ئاتالغان سۈرۈد ۋەزنىدە (رەمەل مۇسەممەنى مـەنسۇر) يېزىلغان بولۇپ، تىلىنىڭ ساددا ۋە راۋانلىقى، سۆز سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ئاھاڭدارلىقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ.
مەسىلەن:

«ئاي يۈزۈڭ بۇرجى لەتافەتتىن تولۇئ ئەتكەن قۇياش،
زەررەتەك مېھرىڭغە بولدى كۆكتە سەرگەردان قۇياش.
تۈشىدە كۆرمىش ئارەزىڭنى زەھرەن بىر كۈن يەنە،
ئانى ئىستەپ كېچەيۇ - كۈندۈز يۈرۈر ھەيران قۇياش.»

ياكى:

«ھۆسن ئىزلەپ بىر سېنىڭدەك دىلرەبا بولغايمۇ ھېچ،
ئىشق ئېلىغە داغى مەندەك مۇبتەلا بولغايمۇ ھېچ.»

گـەدائى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىنسان، تەبىئەت گۈزەل-لـىـكى، ھايـات ۋە ئۇنـىـڭ ئەۋزەللىكىنى كۈيلەشكە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنـىڭ شېئىرلىرىدا يەنە ئۆز دەۋرىدىكى بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرمۇ مۇ-ناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

شـائىر ئۆز يـۇرتـى — ھىراتنى قىزغىن سۆيگەن. ئۇ غەزەللىرىدە ھىـراتنىڭ گۈزەل باغۇ بوستانلىرىنى، جان بېغىشلىغۇچى زىلال سۇلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلەيدۇ.

گەدائى دىۋانىدا غەزەللەردىن تاشقىرى يەنە:

«ئەي غەمزەسى فىتنە، كۆزى فەتتان، ئۆزى ئاففەت،
رەھىم ئەيلە بۇ جانە،
فەتم ئولدى ساڭا سەلتەنەتى مۈلكى لەتافەت،
ئەي شاھى يېگانە.»

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان بىر مۇستەزاد ۋە 13 بېيىتتىن ئىبارەت بىر قـەسـىـدە بـار بـولـۇپ، ئۇ قـەسـىـدىـنى تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان خەلىل سۇلتانغا بېغىشلىغان.

# ئەھمەد ھاجىبەگ

شاھرۇخ 1410 - يىلى خانلىق پايتەختىنى ھىراتقا كۆچۈرگەندىن كېيىن ، ھىرات تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

15 - ئەسىردە ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ياشىغان ئۇيغۇرلاردىن سەئىدىددىن قەشقەرى ، سۇلتان مالىك قەشقەرى ، جانىبەگ دولداي ، غىياسىددىن باخشى (نەۋائىنىڭ دادىسى) ، ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد دولداي ، شاھقۇلى قاتارلىق ئەدىبلەر مەشھۇر جامائەت ۋە دۆلەت ئەربابلىرى سۈپىتىدە تونۇلغان .

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ئەھمەد ھاجىبەگ ھەققىدە خەۋەر بەرگەندە ، ئۇنى ئۆز زامانىسىدە تەڭدىشى يوق كىشى دەپ تەكىتلەيدۇ . ئەھمەد ھاجىبەگ سۇلتان مالىك قەشقەرىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ پايتەختلىرى ھىرات ۋە سەمەرقەندلەردە ھاكىم بولغان .

ئەلىشىر نەۋائى 1466 - يىلى سەمەرقەندكە كەلگەندە ، شۇ يەرنىڭ تونۇلغاندا ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان . سەمەرقەنتتە زور ئابرويغا ئىگە بولغان ، ئالىم ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ، مەدرىسە ۋە مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن ، ئىلىم ئەھلىلىرىگە ھامىيلىق قىلغان ئەھمەد ھاجىبەگ ئەلىشىرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ۋە ياشىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ، ماددىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان .

زەھىرىددىن بابۇرمۇ ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ شائىرلىق تالانتىغا يۇقىرى باھا بېرىپ كېلىپ : «... خۇش خۇي ۋە مەردانە كىشى ئىدى ،

تەخەللۇسى 〈 ۋەفائى 〉 ئىدى ، دىۋانى بار ئىدى ، شېئىرنى يامان ئەمەس يازاتتى» دەيدۇ ۋە شائىر ئەھمەد ھاجىبەگ ( ۋەفائى ) نىڭ تۆۋەندىكى بېيىتنى مىسال كەلتۈرىدۇ :

«مەستەم ، ئەي مۇھتەسىب ، ئىمرۇز زى مەن دەست بىدار ،
ئېھتىسابەم بىكۇن ئان روزكى يابى ھوشيار .» ①
(ئەي مۇھتەسىب ② ، مەستمەن ، بۈگۈن مېنى تۇتما ،
مېنى ئەقلىم كاللامدا بولغان كۈنى سوراق قىل)

ئەھمەد ھاجىبەگ (ۋەفائى) نىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي مىراسلىرى تېخى تولۇق تەكشۈرۈلگىنى يوق . شۇڭا ، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ .

---

① «بابۇرنامە» . (ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1992) 38 ـ ، 39 ـ بەتلەر .

② مۇھتەسىب ـــ دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى .

# سەئىد ئەھمەد

شائىر سەئىد ئەھمەد ئەمىر تۆمۈر كوراگانىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مىرانشاھنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ياشىغان دەۋرى 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى مەجلىسىدە سەئىد ئەھمەد توغرىسىدا توختىلىپ: «سەيىد ئەھمەد مىرزا — تەبىئىتى ساغلام، زېھنى ساپ كىشى ئىدى. شېئىرىيەتنىڭ غەزەل ۋە مەسنەۋى تۈرلىرىدە ھەم تۈركچە ھەم فارسچىدا خېلى مەشھۇر نەزمىلىرى بار. غەزەللىرىدىن تۈزگەن دىۋانىمۇ بار. مەسنەۋىلەر ئىچىدە 〈لەتافەتنامە〉 ئۇنىڭ ئەسىرى ...» دەپ يازغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز سەئىد ئەھمەدنىڭ تۈركىي ۋە فارسىيدىن ئىبارەت ئىككى تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز دەۋرىدىلا تونۇلغان شائىرلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بىزگە پەقەت ئۇنىڭ «تەئەششۇقنامە» ناملىق داستانى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن غەزەللەر دىۋانى بىلەن مەسنەۋى شەكلىدىكى «لەتافەتنامە» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

سەئىد ئەھمەدنىڭ نامە ژانىرىدىكى، مەسنەۋى شەكلىدە تۈزۈلگەن «تەئەششۇقنامە» ناملىق داستانى ھىجرىيە 839 - (مىلادىيە 1435 - 1436 -) يىلى يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي ئون باب 319 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ پاك مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك، سەممىيلىك ۋە ساداقەت ھەمدە جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى گۈزەل لىرىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

«تەئەششۇقنامە» داستانىنىڭ بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1927 - يىلدىن باشلاپ بۇ ئەسەر خىلمۇخىل نۇسخىلاردا ئېلان قىلىندى، توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى.

# شاھ غېرىب مىرزا

شاھ غېرىب مىرزا تۆمۈرىيلەر ئەۋلادىدىن بولۇپ، نەۋائى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان، خۇراساندا كۆزگە كۆرۈنگەن تۈركىي تىللىق شائىرلاردىن بىرى ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا شاھ غېرىب مىرزا ئۈستىدە توختىلىپ: «... يۇقىرى قابىلىيەتكە، ئۆتكۈر زېھنىگە، نازۇك خىياللارغا ۋە ئىنچىكە تەپەككۇرگە ئىگە يىگىت. ئۇ نەزمە ۋە نەسىردە تەڭداشسىز، خىيالچانلىق ۋە خاتىرە كۈچى جەھەتتە مىسلىسىزدۇر. قۇش ئوينىتىپ، ئوۋ ئوۋلاش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ.

ئۇ دىۋانمۇ تۈزۈپتۇ. ياخشى مەتلەئلىرىنى يېزىپ كەلسەك، بۇ قىسقا كىتابچىغا سىغماي، يەنە بىر كىتاب يېزىلىپ كېتىشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى يازىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ «يانا» رادىپلىق غەزىلىدىن تۆۋەندىكى مەتلەئنى مىسال قىلىپ ئالىدۇ:

«بۇ مەتلەئ خاس خىيال ۋە غەرب ئەدا تاپىپتۇر (بۇ مەتلەئ خىيالغا باي ۋە غەرىبانە چىقىپتۇر):

پارسا يارىمغا مەي ئىچمەك شىئار ئولمىش يانا،
بەسكى تارتارمەن سەبۇ، ئىگنىم فىگار ئولمىش يانا.»
(مېنىڭ تەقۋادار يارىم يەنە شاراب ئىچىشنى ئادەت قىلىۋالدى،
مەي كوزىلىرىنى توشۇپ كىيىملىرىم يىرتىلىپ كەتتى.)

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، نەۋائى تەرىپىدىن نەزمە ۋە نەسىردە تەڭداشسىز، تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى جەھەتتە مىسلىسىز دەپ تەرىپلەنگەن، ئەينى دەۋردە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن، بولۇپمۇ، شېئىرلىرىنىڭ باشلانما بېيىت (مەتلەئ) لىرى بىلەن شۆھرەت تاپقان شاھ غېرىب مىرزا چاغاتاي ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىبلەردىن بىرىدۇر.

# شاھ قۇلى ئۇيغۇر

15 ـ ئەسىردە نەۋائى بىلەن زاماندىش ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىرى بولغان شاھ قۇلى ئۇيغۇر ھەققىدىكى مەلۇماتنى بىز پەقەت نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىدىن ئالىمىز .

نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا شاھ قۇلى ئۇيغۇرنى : «كىچىكىدىن باشلاپ زېھنى ئىلىم تەھسىل قىلىشتاۋە باشقا نۇرغۇن ھۈنەر-سەنئەتلەردە ئۆتكۈر ئىدى . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئاسراقلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىپ ، ناھايىتى كۆپ قابىلىيىتى زايا بولدى . ئۇ قەبىلىنىڭ مىرزىسى ، ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىشلارنى شۇ قىلىدۇ . مۇئەممادا زېھنى ئۆتكۈر» دەپ تەرىپلەپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ «مەھۋى» نامىغا يېزىلغان تۆۋەندىكى مۇئەمماسىنى مىسال قىلىپ ئالىدۇ :

«ئەز مېھنەتىما بىھ پىشى ۋەي ھەرفى دۇ ،
گەر مەسلىھەت ئەست بەگۇ مەگەرنىست مەگۇ .»
(بىزنىڭ مېھنىتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى ھەرپ بار ، ئۇنى
ئەگەر مۇۋاپىق بولسا ئېيتقىن ، مۇۋاپىق بولمىسا ئېيتما . )

ئەينى دەۋردە شېئىرىيەتنىڭ مۇئەمما (تېپىشماق) ژانىرىدا زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ، قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن تونۇلغان ، نەۋائى تەرىپىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدا تەرىپلەپ ئۆتۈلگەن شاھ قۇلى ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن .

# ھۆسەيىن بايقارا

تونۇلغان دۆلەت ئەربابى، ئەدىب ھۆسەيىن بايقارا بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى بىلەن بىرگە 15 - ئەسىر چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ھۆسەيىن بايقارا 1438 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇ تۆمۈر نەسلىدىن بولۇپ، ئاتىسى مىرزا مەنسۇر مىرزا بايقارانىڭ ئوغلى ئىدى. نەۋائىنىڭ ئاتىسى بىلەن ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئاتىسى ئىلمداشلاردىن بولغان، ھۆسەيىن بايقارا بىلەن نەۋائى بالىلىق مەزگىلىدىن تارتىپلا يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن، بىر مەزگىل بىرگە ئوقۇپ، بىرگە تەربىيىلەنگەن.

ھۆسەيىن بايقارا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ساراي خىزمىتىگە كىردى، تۆمۈرىلەرنىڭ تەخت تالىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تالاش - تارتىش، كۈرەشلىرىگە قاتنىشىدۇ، ئۆزىمۇ تەخت ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ، ئاخىر، 1469 - يىلى مارتتا سۇلتان ئابۇسەئىد مىرزا ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ، ھىراتتا شاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

ھۆسەيىن بايقارا تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەخسۇس مەكتۇپ يوللاپ، سەمەرقەندتە تۇرۇۋاتقان دوستى ئەلىشىر نەۋائىنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىدۇ. نەۋائى ھىراتقا كەلگەندىن كېيىن ھۆسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكنى، پەن - مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ.

ھۆسەيىن بايقارا مەرىپەتپەرۋەر شاھلاردىن بولۇپ، ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا

مۇھىم رول ئوينىدى. ھۈسەيىن بايقارا فارس تىلىنى خۇددى ئۆز ئانا تىلىغا ئوخشاش ئوبدان ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئانا تىلىدا — تۈركىي تىلدا يېزىپ، نەۋائى بىلەن بىرلىكتە، تۈركىي تىلىنىڭ ئورنى ۋە نوپۇزىنى قوغدىدى. مەلۇمكى، شاھلىق تەختىدىكى ھۈسەيىن بايقارانىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئەينى دەۋر ئەدەبىي ھاياتىدا زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەينى دەۋر مەدەنىي ۋە ئەدەبىي ھاياتىدا ئوينىغان مۇھىم رولىغا؛ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارى ۋە شېئىرىي ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنۇلارنى يازغانىدى:

«بۇ شاھ يۇرتىنى ئەمنىيەت گۆھەرلىرى بىلەن بېزىدى، مەملىكەتكە بىرلىك ئۇرۇقلىرىنى ئەكتى. مانا گۆھەرلىرىنىڭ كانى بولغان بىجىرىم قەلبى ۋە خۇدا بەرىكەتلىرىنىڭ ئورنى بولغان توغرا زېھنى بىلەن ئىلىم ئەھلىگە ئاسايىشلىق ۋە شاد - خۇراملىق، ئىلىم ساھەسىگە روناقلىق ۋە تەرەققىياتلار بەخش ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بەھىرلىك ئەسەرلەر، مەزمۇنلۇق رىسالىلەر، بارلىققا كەلدى، ئاجايىپ دىۋان، غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. شاھ ئۆزى گەرچە فارسىي تىل بىلەن تۈركىي تىلنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە سۆزلەش ۋە يېزىشقا قادىر ۋە ماھىر بولسىمۇ، لېكىن ئەسلى تەبىئىتىنىڭ تەلىپى ۋە چۈشىنىشلىك تىلدا ئىپادىلەش ئىستىكى بىلەن تۈركىي دىۋان تۈزۈشكە ئىختىيار قىلىپ، ئۇنى شۇنداق يېقىملىق بېيىت ۋە تەڭداشسىز غەزەللەر بىلەن تولدۇردىكى، پەلەك دىۋانخانىسىنىڭ قەلەمكەشى، ئاسمان ئىنتىزامخانىسىنىڭ رەقەمچىسى بولغان ئۇتارىد (مىركۇرى) يۇلتۇزىمۇ ئانداق نازۇك گۈل ۋە رەيھانلار بىلەن ياسانغان گۈلشەننى ۋە ئانداق بىباھا مەنە گۆھەرلىرى بىلەن بېزەلگەن خەزىنىنى كۆرگەن ئەمەس.» ①

① ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1988)، 49 - ، 50 - بەتلەر.

ھۆسەيىن بايقارانىڭ «ھۆسەيىنىي» تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەينى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان؛ ئاھاڭدار، ساددا ۋە راۋان تۈزۈلۈشى بىلەن تۈركىيگوي شائىرلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىغا ئايلانغان «رەمەل مۇسەممەنى مەقسۇر» ۋەزنىدە تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ھەممە غەزەللىرى دېگۈدەك مۇھەببەت تېمىسىدا بولۇپ، ئۇ ئىشقىي - مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ھەمدە ئاشىققا ئۇ سەۋەبىدىن كەلگەن ئىزتىراپ، ئىچكىي كەچۈرمىلەرنى تەسۋىرلەشتىكى ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدىلا تونۇلغان، ئەلىشىر نەۋائى ئۇنىڭ بەدىئىي دىتىنىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەسىرىنىڭ سەككىزىنچى مەجلىسىنى مەخسۇس ھۆسەيىنىي ئىجادىيىتىگە بېغىشلىغان، ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن كۆپلىگەن بېيىتلارنى مىسال ئېلىپ، تەرىپلىگەنىدى.

مەسىلەن، ھۆسەيىنىي ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە ئىشق ئوتى توغرىسىدا مۇنداق گۈزەل مىسرالارنى تىزىدۇ:

«بەس ئەمەس ماڭا ھەم ئۆز ئوتۇم ھەم يار ئوتى،
كىم، ئاڭا ئەفزۇن ① داغى بولمىش يانا بىر زار ئوتى.
ئۆز ئوتۇم كۆڭلۈمغە ئاپەت، يار ئوتى جانغە بەلا،
باھىسى ئەندۇھۇ ② دەرد ئول بىدىلى ③ بىمار ئوتى.
بۇ بەلا بەرقى، ئول ئاپەت دوزەخى كۆر تۇرفەكىم ④،
تېز ئېتەر بۇ ئىككىنى بىر خاتىرى ئەفگار ⑤ ئوتى.
بۇيىلە ئۈچ ئوت بۇ كۆڭۈلگە تۈشسە كۆيمەي نەيلەگەي،
ئۇيىلەكىم، بۇلبۇل ئوتىيۇ، گۈل ئوتىيۇ، خار ئوتى.

① ئەفزۇن ـــ ئارتۇق، ئەۋزەل.
② ئەندۇھ ـــ قايغۇ، غەم.
③ بىدىل ـــ ئاشىقلىق.
④ تۇرفە ـــ ئاجايىپ.
⑤ ئەفگار ـــ يارىدار، خەستە.

جانى كۆڭلۈم بىرلە باغرىم كۆيدى بۇ ئۇچ ئوت بىلە ،
ياخشى باقسام يۈز تەمۇغچە ①ھەر بىرىنىڭ بار ئوتى .
ئۆز ئوتۇم يا يار ئوتىنگە گەرچە تەسكىن بەرسە ئەشك ②
بەھ ، ئەنى نەيلەيكى ، قىلغاي يۈز چەقىن ئىزھار ئوتى .
گەر ھۇسەينىيغە بىر ئوتلۇق يۈز غەمى ئوت سالمىسا ،
بەس نېچۈك ئالەمنى كۆيدۈردى نەۋائىيدار ئوتى ؟»

شائىر قەلبىمدىكى ئىشق ئوتى ئۈچ ئوت بولۇپ ، ئۇ ئۆز ئوتى ، يار ئوتى ۋە يارغا بولغان زارلىق ئوتىدۇر .

ھۇسەيىن غەزەللىرىدە ئەينى دەۋردە ئەنئەنىگە ئايلانغان مەي تېمىسىدىكى بېيىتلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . ئۇ ئۆز دىۋانىغا يەنە بىر قىسىم مۇخەممەس ، رۇبائى ۋە فەردلەرنى كىرگۈزگەن .

ھۇسەيىن بايقارا ئىجادىيىتىدىن بىزگە يەنە بىر نەسرىي ئەسەر يېتىپ كەلگەن . «رىسالەئى ھۇسەيىن بايقارا» دەپ ئاتالغان مەزكۇر رىسالە 1945 - يىلى تۈرك ئالىمى ئىسمائىل ھېكمەت ئېرتويلان تەرىپىدىن ئاناسىيا كۇتۇپخانىسىدىن بايقالغان ۋە شۇ يىلى ئۇنىڭ فوتو فاكسىملى نەشر قىلىنغان .

ئافغانىستانلىق ئالىم مۇھەممەد ياقۇپ ۋاھىدى جوزجانى 1968 - يىلى كابولدا ھۇسەيىن بايقارانىڭ تولۇق دىۋانىنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىغا رىسالىنىڭ خاتالاردىن خالىي تېكىستىنى قوشۇپ نەشردىن چىقاردى .

ھۇسەيىن بايقارا رىسالىسىدە ئۆزىنىڭ ئىجابىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھەمدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەملىكەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ راۋاج تېپىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى — جامى ، نەۋائى ھەققىدە توختىلىدۇ ، نەۋائىنىڭ « خەمسە» يارىتىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى مەدھىيىلەيدۇ .

نەۋائى «نەزمۇل جەۋاھىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە

---

① تەمۇغ — دوزاخ .
② ئەشك — كۆز يېشى .

ھۈسەيىن بايقارا رىسالىسىنى: «گۈزەل سۆزلىرى قىممەتباھا ئىنجۇلەرگە تولغان ۋە نازۇك مەنىلىرى ئوتلۇق ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ «نەزمۇل جەۋاھىر» ناملىق ئەسىرىنى ھۈسەيىن بايقارا رىسالىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ياراتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. نەۋائى ئەسەرىدىن ھۈسەيىن بايقارا رىسالىسىنىڭ ھىجرىيە 890-(مىلادىيە 1485-) يىلى يېزىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

ھۈسەيىن بايقارا ئەلىشىر نەۋائىدىن بەش يىل كېيىن، مىلادىيە 1506-يىلى شەيبانىيلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭ سەپىرى داۋامىدا ۋاپات بولدى.

# ئەلىشىر نەۋائى

شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۈلتاجى بولغان ئىجادى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ شانلىق ئېپتىخارى.

قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەر يىپەك يولى بويىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى بولغىنىدەك، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ھىرات بۇ زېمىندىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئۇيغۇر زېمىنىدىن كۆچۈپ سىڭگەن مەدەنىيەتمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەلىشىر نەۋائى ئەنە شۇنداق تارىخىي دەۋردە شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى.

ئەلىشىر نەۋائى مىلادىنىڭ 1441 - يىلى 9 - فېۋرالدا (ھىجرىيىنىڭ 844 - يىلى رامزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى) ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن كىچىك ئۇيغۇر بولۇپ، تۆمۈرىلەر ئوردىسىدىكى ئىناۋەتلىك خادىملارنىڭ بىرسى ئىدى. غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى ئەلىشىرنىڭ كىچىكىدىنلا ئەدەبىيات خۇشتارى بولۇشى ئۈچۈن تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم بىر شارائىت ئىدى.

ئەلىشىر بالىلىق ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى ۋە خۇش پېئىللىقى بىلەن ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچ - تۆت يېشىدىلا شېئىر ئاڭلاشقا، ئوقۇش ۋە يادلاشقا قىزغىن بېرىلگەن، بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مەكتەپكە كىرگەن، بۇ مەكتەپتە بولغۇسى پادىشاھ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ساۋاقداش بولغان، ئۇنىڭ ئوقۇشىدىكى ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇنۇمى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

بۇ چاغدا ھىرات تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شاھرۇھنىڭ مۇستەبىتلىكى غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىگىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ۋە پاراكەندىچىلىك سالدى ، شۇڭا بۇ ئائىلە بىر مەزگىل ئاستىراباددا سەرسان بولۇپ يۈردى . پەقەت ئوبۇلقاسىم بابىر تەختكە چىققاندىن كېيىن ھىراتقا قايتىپ كەلدى .

ئەلىشىر 12 يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتىن ئايرىلىپ ، ساۋاقدىشى ، دوستى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابىر ئوردىسىدا خىزمەت قىلدى . بىر ياقتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزغىن ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى . ئەبۇلقاسىم بابىر ئەلىشىرگە غەمخورلۇق كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان ئىشتىياقىغا مەدەت ــ ئىلھام بەردى .

ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئەلىشىر يەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . شۇ زاماندىكى ئەنئەنە بويىچە باشلانغۇچ بىلىمنى پارسىي مەنبەلەردىن ئالغان ئەلىشىر مەكتەپتىلا نىزامىي گەنجەۋىي ، مۇسلىھىدىن سەئدىي ، پەرىدىدىن ئەتتارلارنىڭ ئاندىن ، فىردەۋسىي ، خۇسراۋ دېھلەۋى ، ھافىز شىرازى ، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ تونۇشتى . كېيىنرەك تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلارنى قىزغىن ئوقۇشقا كىرىشتى ، بولۇپمۇ ئاتائى ، سەككاكى ، لۇتفى غەزەللىرىدىن ئالاھىدە زوق ئالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى فارسچە يازغان بولسا ، 15 ياشقا كىرگەندە تۈركىي تىلىدىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي فارسچە شېئىرلىرىدا «فانىي» ، تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىدا «نەۋائىي» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ «زۇللىسانەيىن» (ئىككى تىللىق) دەپ نام ئالدى . ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى شېئىر زوقمەنلىرىنى ، جۈملىدىن نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم شائىرلارنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى . تارىخچى خاندەمىرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەلىشىر نەۋائى يىگىتلىك دەۋرىنىڭ بېشىدىلا شائىر لۇتفىنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ 16 يېشىدا يازغان :

«ئارەزىن ياپقاچ ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش ،

بۇيلەكىم ، پەيدا بولۇر يۇلدۇز، نىھان بولغاچ قۇياش .»

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىنى كۆرگەن لۇتفى ھاياجان ئىچىدە «.... ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى ، ئۆزۈمنىڭ ئون - ئون ئىككى مىڭ فارسىي ۋە تۈركىي بېيىتىمنى شۇ غەزەلگە ئالماشتۇرار ئىدىم» دېگەن .

1456 - يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر تەختىنى مەشھەدگە كۆچۈرگەندە ، ئەلىشىر نەۋائىمۇ ، ھۇسەيىن بايقارامۇ بىللە باردى . بىراق بىر يىلدىن كېيىن بابۇر ۋاپات بولدى . خۇراسان يەنە تاجۇ - تەخت تالىشىش جاڭجىلى ئىچىدە قالدى . تاجۇ - تەخت ئارزۇسىدا يۈرگەن ھۇسەيىن بايقارا بۇ جاڭجاللارغا ئارىلىشىپ كەتتى . ئەلىشىر نەۋائى بولسا ئاتا - ئانىسىز ، ھامىيسىز بۇ يات شەھەردە جاپالىق ۋە مۇستەقىل ھايات يولىنى باشلىدى . ئۇ مەشھەددىكى يەتتە يىللىق ھاياتى جەريانىدا نامراتلىق ۋە بىرقانچە قېتىملىق ئېغىر كېسەل ئازابلىرىنى يېڭىپ ، ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىدى . بۇ ئۆگىنىش ھەمدە مەشھەددىكى نۇرغۇنلىغان شائىرلار بىلەن تونۇشۇش ، ھەمسۆھبەتتە بولۇش ، ھەرساھە تۈرمۇشىغا ئارىلىشىش ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ باردى .

1464 - يىلى ئەلىشىر نەۋائى يۇرتى ھىراتقا قايتتى ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇراھمان جامىي بىلەن ئۇچراشتى . بۇ نەۋائى ھاياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەقە ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشقان ئالاقە جەريانىدا جامى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرى ، ئېستېتىك پرىنسىپلىرى ئارقىلىق نەۋائىنىڭ ھاياتىغا ، تەپەككۇرىگە ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنىڭ كامالەت تېپىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى . شۇڭلاشقىمۇ نەۋائى ئابدۇراھمان جامىنى ئۆزىنىڭ «پىر ئۇستازى» دەپ ھېسابلىدى .

بىراق ، ھىراتتا نەۋائى پادىشاھ ئەبۇسەئىدنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى . چۈنكى ، ئۇ نەۋائىنى خۇراسان تەختىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھەمدىمى

دەپ ھېسابلايتتى . نەۋائى ئۇنىڭ چىرىك ۋە رەزىللىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولدى ، ئۇنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇش ھەمدە ئىلىم تەھسىل قىلىش نىيىتىدە 1466 - يىلى ھىراتتىن ئايرىلىپ ، سەمەرقەنتكە باردى .

شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرسى بولغان سەمەرقەنتتە نەۋائى خېلى تۈزۈك ئېتىبار ۋە ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى . مەشھۇر ئالىم ، قانۇنشۇناس ۋە ئەرەبشۇناس خوجا پەزلۇللائەبۇللەيسنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ مەدرىسىدە بىلىم ئالدى .

نەۋائى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىللە سەمەرقەنت بىلەن تونۇشتى ، ئۇنىڭ تارىخىنى ئۆگەندى ، ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئىلمىي مىراسلىرى بىلەن تونۇشتى . نۇرغۇنلىغان ئالىم ، شائىر سەنئەتكارلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ ، ئىلىم ۋە شېرئىيەت ماۋزۇئىدىكى مۇلاھىزە سورۇنلىرىغا قاتناشتى ، كاسىپلار تۇرمۇشىغىمۇ چۆكتى . شۇنىڭدەك ، بۇ يەردە ئۆزىگە ئاتىدار چىلىق قىلغان مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ئەرباب ئەھمەد ھاجىبەگ ھامىيلىقىدا سىياسىي - مەمۇرىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئارىلاشتى ، بۇ مۇناسىۋەت ۋە پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات تەجرىبىسىنى بېيىتتى ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ كامالەت تاپتى .

1469 - يىلى ھۈسەيىن بايقارا خۇراسان تەختىنى ئىگىلىدى . بۇنىڭدىن خۇش بولغان نەۋائى ئۆز دوستىنىڭ مەملىكەتنى تىنچ ۋە ئاۋات قىلىشىغا ئۈمىد باغلاپ ، بۇ يولدا ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىش نىيىتىدە ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە ھۈسەيىن بايقارانىڭ سەلتەنىتىگە بېغىشلاپ «ھىلالىيە» قەسىدىسىنى يازدى . نەۋائىنىڭ كەلگىنىگە ئۇنى سېغىنىش بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا ئىنتايىن خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭغا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى .

نەۋائى ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ، مەملىكەتنى تىنچلاندۇرۇش ئىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى . بولۇپمۇ تۆمۈرىلەر ئەۋلادىدىن بولغان مىرزا يادىگارنىڭ خۇراسان تەختىنى تالىشىپ قوزغىغان توپىلىڭىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ بولدى . نەۋائىنىڭ

كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە مىرزا يادىگار ئۇجۇقتۇرۇلدى، مەۋجۇت ۋەزىيەتتىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن دەردمەن پۇقرالارنىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرى قاندۇرۇلدى، پادىشاھمۇ مەمنۇن بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي نەۋائىي ئەمىرلىككە كۆتۈرۈلدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئوردا خىزمىتىدە ئادالەتنى جارى قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى. خەزىنە باشلىقى نىزامۇلمۇلىك، پەرۋانىچى مەجدىددىن قاتارلىقلارنىڭ نائادىللىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. زۇلۇمدا ھەددىدىن ئېشىپ، خەلقنى قاتتىق نارازى قىلغان بىر قىسىم ئەمەلدار خادىملارنى جازالىدى، مۇھىم سۇقۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ باردى، دېھقان ۋە كاسىپلارنىڭ سېلىقلىرىنى يېنىكلىتىش تەدبىرلىرىنى كۆردى. نامرات غېرىبلارغا، دەردمەنلەرگە غەمخورلۇق قىلدى.

ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدە نەۋائىينىڭ خىزمىتى تېخىمۇ چوڭ بولدى. ئۇ نۇرغۇن مەدرىسە - جامەلەرنى قۇرغۇزدى، ئالىملارنى، شائىرلارنى، مۇھەندىسلەرنى، سازەندىلەرنى، رەسساملارنى، نەققاشلارنى، خەتتاتلارنى، شىرازىچىلارنى ئەتىۋارلاپ، ھەر خىل ماددىي ياردەملەرگە ئېرىشتۈرۈپ، مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇردى. ئىجادىيەت - كەشپىياتنى مۇكاپاتلىدى، مەرىپەت دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇردى. قىسقىسى، ئۇ خۇراسانىنى تىنىچ، ئاۋات قىلىش ۋە مىرات مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئەستايىدىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، يۈكسەك ئىناۋەتكە ئېرىشتى.

لېكىن نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، ئازابلارغا يولۇقتى. ئادالەت ۋە مەرىپەت دۈشمەنلىرى — ئاچكۆز، مەنسەپپەرەس ئەمەلدارلار، رىياكار جاھالەتپەرەسلەر نەۋائىينى ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭ زور كۈشەندىسى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھەر خىل رەزىل ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ قۇتراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تاللىۋالغان ئەڭ چوڭ دەستىكى — بۆھتان ئويدۇرۇپ، ئېغۋا توقۇپ، چېقىمچىلىق قىلىش ئىدى. ئۇلار نەۋائىينىڭ

ئۇلۇغۋار لايىھە ۋە پائالىيەتلىرىنى پادىشاھنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەۋكىتىگە خەۋپ دەپ كۆرسىتىشكە. شۇنىڭدەك بۇ «خەۋپ» نى نەۋائىينىڭ نەسەب جەھەتتىن ياتلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ ئىزاھلاشقا جىنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. گەرچە ھۇسەيىن بايقارا مەلۇم مەرىپەتپەرۋەرلىك خاھىشىغا ئىگە بولسىمۇ ھەمدە نەۋائىيدەك زور ئىقتىدار ۋە ئىناۋەتكە ئىگە دوستى ۋە ھەمكارى بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلەنسىمۇ، لېكىن چېقىملىغان تۆھمەتلەر، ئالدامچى ئېغۋالار تەسىرىدە نەۋائىيدىن خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ھىراتتىن يىراقتىكى ئاستىرابادقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىشمۇ شۇ خۇدۇكسىرەشنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئاستىرابادقا ئىلاجىسىزلىقتىن بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى ۋە ئۈمىدى ئالدىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى ۋە دەرھال بۇ پاراكەندە شەھەردە تەرتىپ ئورنىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى كۆردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. يەنە بىر ياقتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول مەھسۇلات ياراتتى.

نەۋائىينىڭ ھىراتتا يوقلۇقى مەجدىددىن قاتارلىقلارنىڭ رەزىل ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن قولاي پۇرسەت بولدى. ئۇلار پادىشاھنى كەيپ-ساپاغا تېخىمۇ زورلاپ، قۇرۇقدالغان خەزىنىنى تولدۇرۇش ۋە قاقتى-سوقتى قىلىش ئۈچۈن سېلىقلارنى كۆپەيتىپ خەلقنى خالىغانچە شىلىشلى تۇردى. بۇ ئەھۋاللار يىراقتىكى نەۋائىينىڭ قەلبىنى ئازابلىماي قويمىدى، سۇ بېشىدىن لاي بولغاچقا، بارغانسېرى ئوردىدىن رايى قايتتى. ئۆزىمۇ چارچىدى. شۇڭا قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھىراتقا قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭغا «مۇقەررەبى ھەزرەتى سۇلتانى» (ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنى) دېگەن پەخرىي ئۇنۋانىنى بەردى.

لېكىن مەجدىددىن قاتارلىقلار نەۋائىيغا بولغان دۈشمەنلىكىنى

توختاتمىدى. بۇ ئەھۋال جەمئىيەتتە چوڭ نارازىلىق قوزغىدى. شۇ چاغدا، نەۋائىنىڭ ئىنىسى، بەلخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. نەۋائىنىڭ دۈشمەنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ ھەرىكەتكە نەۋائىي قۇتراتقۇلۇق قىلدى، دەپ پادىشاھقا چېقىمچىلىق قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان نەۋائىي تەشەببۇسكار بولۇپ، پادىشاھ قوشۇنى بىلەن بىللە دەرۋىش ئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىسياننى تىنجىتتى. ئەسلىدە بۇ ئىسيان ئوردىدا نەۋائىغا قىلىنىۋاتقان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەرگە نارازىلىقتىن ۋە مەجدىددىننى ئوردىدىن ھەيدەش مەقسىتىدە پارتلاپ چىققانىدى. بۇ ئىسيان تىنجىتىلغاندىن كېيىن مەجدىددىنمۇ مەنسىپىدىن ئايرىلدى.

لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان نىزامۇلمۇلىك تېخىمۇ رەزىل ۋەزىر ئىدى. نىزامۇلمۇلىك ۋە ئۇنىڭ ئېقىمىدىكىلەر نەۋائىغا بولغان دۈشمەنلىكنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئوردا ئىچىدە پىتنە ئۇيۇشتۇرۇپ، شاھزادىلەر ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلىپ، يېڭى - يېڭى پاراكەندىچىلىكلەرنى تۇغدۇردى. نەتىجىدە تەخت ۋارىسلىرى بىلەن پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچەيدى. نەۋائىي بولسا مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش نىيىتىدە پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ، شاھزادىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشتى. لېكىن خانىش خەدىچە بېگىم نىزامۇلمۇلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئوغلىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا يول ئېچىش ئۈچۈن ئۆگەي ئوغلى، چوڭ شاھزادە بەدىئۇززامان بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە بولدى ۋە ئاخىرى پادىشاھنىڭ مەستلىك ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قول قويدۇرۇۋالغان پەرمان بويىچە بەدىئۇززاماننىڭ ئوغلى مۆمىن مىرزىنى قەتل قىلىشتى.

مۆمىن مىرزىنىڭ پاجىئەسىگە نەۋائىي چوڭقۇر ئېچىندى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كەسكىنلىشىدىغان نىزالارنىڭ مەملىكەتكە ئېيتقۇسىز دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەر كەلتۈرۈشىدىن قاتتىق تەشۋىشلەندى. نەۋائىي مەملىكەت مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىزالارنى پەسەيتىش يولىدا تىرىش-

چانلىق كۆرسەتتى . بىراق بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقلار ئۈنۈم بەرمەي قالدى . چۈنكى ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتى ئۆز ئىچىدىن چىرىپ ھالاكەتكە يۈز تۇتقانىدى .

گەرچە نەۋائىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئارزۇلىرى توسالغۇغا ئۇچرىغان ، نۇرغۇن ئەجرى زايا كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە شانلىق ھاياتىي كۈچ تاپتى . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىجادىيەتتە تېخىمۇ مول ئۈنۈم ھاسىل قىلدى .

1492 - يىلى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پىر ئۇستازى ئابدۇراھمان جامى ئالەمدىن ئۆتتى . بۇ نەۋائى ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەت بولدى . يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ قەدىناس يۆلەنچۈكلىرى ۋە قەدىردان دوستلىرىنىڭ قاتارى شالاڭلاپ باردى ، زامان غەۋغاسىدىن كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەلگەن جۇدالىق دەردى ئۇنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ئازابلىدى . شۇنداقتىمۇ بەرداشلىق بېرىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللاندى ۋە بۇنىڭ ناھايىتى زور ئۈنۈمىدىن تەسەللى تاپتى .

ئېغىر جاپالىق ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە قاتتىق ئىجادىي مەشغۇلات ئەلىشىر نەۋائىنى بالدۇرراق قېرىتىپ قويدى . تېنى زەئىپلىشىپ ، ئەسەبلىرىمۇ ئاجىزلاشتى . ئاخىرى ، بۇ ئۇلۇغ زات 1501 - يىلى 3 - يانۋار كۈنى 60 يېشىدا ھاياتلىق بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى .

※ ※ ※

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ھاياتى ئۆز دەۋرىدىكى ئادالەت ۋە مەرىپەتنىڭ بايراقدارى بولغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرنىڭ ، ئالەمشۇمۇل مول بەدىئىي بايلىق ياراتقان ئۇلۇغ سەنئەتكار شائىرنىڭ ھاياتىدۇر . شۇڭلاشقىمۇ ئۇ جاھان كلاسسىكلىرىنىڭ قاتارىدا ئورۇن ئالدى .

ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ پېشقەدەم زامانداشلىرى بولغان ، جۈملىدىن ، نەۋائى ئۆزى «ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ فۇسەھاسى ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ

بولەغاسى» (ئۇيغۇر ئىبارىلىرىگە ماھىر، تۈركىي تەلەپپۇزىغا كامىل) دەپ ئاتىغان سەككاكى ۋە لۇتفىلار ئۆز ئىجادىيىتىدە قوللانغان مىللىي تىل «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تىل شۇنداق تارىخىي دەۋردە — شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئېھتىياجى ھەمدە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تەقەززاسى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، نۇرغۇن تارىخچى، تىلشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ تىلغا ئەرەب ۋە فارس تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك تاقابىل تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلى (ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى تىلى، يەنى خاقانىيە تىلى، قەشقەر تىلى) ئاساس بولغانىدى. نەۋائى چاغاتاي تىلىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى. تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق بىلەن بىللە ئېتنىك، ئەدەبىي ئەنئەنە جەھەتتىكى ئورتاقلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ناۋائى ئىجادىيىتىگە بولغان ئىزچىل ۋارىسلىق قاتارلىق ئامىللار ئەلشىر نەۋائىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ شائىرى دېيىشكە ئاساس بېرىدۇ.

نەۋائى بەدىئىي مىراسى ئۇيغۇرلار ئىچىگە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەشقەر، يەكەن خوتەن، ئاقسۇلاردا، شۇنىڭدەك قۇمۇل، تۇرپاندا نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خاتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ھەر خىل كىتابات ۋە دىۋانلىرى ھەددى - ھېسابسىز دېگۈدەك نۇرغۇن بولغان. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەر خىل يوللار بىلەن چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن، يوقالغان ۋە نابۇت قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ، ھازىر يەنىلا ساقلىنىپ قالغان قول يازما نۇسخىلىرى ئاز ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋائىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئۆزلىرىنىڭ «پىر — ئۇستازى» دەپ بىلىپ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالدى؛ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى نەۋائى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدرىسە — مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلدى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

كلاسسك مۇزىكا ـ نەغمە قامۇسى بولغان 12 مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تولىسى نەۋائى تېكستلىرى (غەزەللىرى) بىلەن ياڭرىدى .

※ ※ ※

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يىرىم ئەسىرلىك ئەدەبىي مىراسى ناھايىتى زور سالماقتا ، بىباھا قىممەتكە ئىگە ئۆلمەس بايلىقتۇر . ئۇنىڭ ئىچىدە «خەزائىنۇلمەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق دىۋانى ۋە «خەمسە» ئاتلىق داستانلار توپلىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ .

«خەزائىنۇلمەئانى» نەۋائى ھايات ۋاقتىدا تۈزۈلگەن «غەرائىبوس ـ سىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غايىلىرى) ، «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) ، «بەدائىئول ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) ۋە «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق نەپلىرى) دەپ ئايرىم ـ ئايرىم نام قويۇلغان تۆت يىرىك دىۋاندىن ئىبارەت بولۇپ ، غەزەل ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مۇسەممەن ، مۇستەھزات ، قەسىدە ، قىتئە ، رۇبائى ، مەسنەۋى ، تەرجىبەند ، ساقىنامە ، مۇئەممە ، چىستان ، تۇيۇق ، فەرد قاتارلىق 16 خىل كلاسسك لىرىك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

«خەزائىنولمەئانى» دىۋانىنىڭ ئاساسىي قىسمى غەزەلدىن ئىبارەت (ھەر بىر دىۋاندا 650 دىن غەزەل بار) بولۇپ ، بۇ «چاغاتاي تىلى» دا يېزىلغان لىرىك شېئرىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسى . نەۋائى غەزەللىرى غەزەلچىلىكتىكى ئەنئەنىۋى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇكسەك بەدىئىي ئىپادىسى بولۇپلا قالماي ، بەلكى ، ئەڭ مۇھىمى ، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان كونكرېت ۋەقە ، ھادىسىلەردىن بىۋاسىتە ھاسىل قىلغان چوڭقۇر تەپەككۇرىنىڭ يۇكسەك بەدىئىي ئىپادىسى . شۇنىڭدەك «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن تۈزۈلگەن دىۋانى فارس تىلىدىكى نادىر لىرىكلاردۇر .

«خەمسە» — 1483 ـ يىلدىن 1485 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يې-

زىلغان «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق بەش داستاندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتى. نەۋائى ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «لىسانۇت ـ تەير» (قۇشلار تىلى) داستانىمۇ «خەمسە» داستانلىرىغا ئوخشاش بىباھا ئەسەردۇر. نەۋائى بۇ داستانلاردا يۇكسەك ماھارەت بىلەن ئاجايىپ قىزىقارلىق سيۇژىتلار ئاساسىدا، ئالىيجاناب، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك تىپىنى، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازىنى ياراتقان، ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك، ھېكمەتلىك پىكىر دۇردانىلىرىنى چاچقان.

بۇلاردىن باشقا «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «مەجالسۇن نەفائىس»، «خەمسەتۇل ـ مۇتەھەييىرىن»، «ھالاتى سەيد ھەسەن ئەردە شىر»، «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد»، «ۋەقفىيە»، «مۇنشەئات»، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مۇفرەدات»، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «نەسەئىمۇل مۇھەببەت»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

نەۋائى ئىجادىيىتى تېماتىكىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ ئىنتايىن مول‌لۇقى بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گەرچە ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىئولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن بەزى بىر پاسسىپ ئامىللاردىنمۇ خالىي ئەمەس. بۇ پاسسىپلىق، ئاساسەن، ھاياتنىڭ مۇرەككەپ ئوبيېكتىپ زىددىيەتلىرى ئالدىدا سەزمەس بولۇۋېلىشقا ئورۇنۇشىدا، ھەتتا «فەنا» (يوقىلىش) شارابىدىن تەسەللى ئىزلەش خاھىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق خاھىشنى تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى دېيىشمۇ مۇمكىن. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، نەۋائى ھەرگىزمۇ تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلغۇچى ئەھمەد يەسسەۋى مەكتىپىگە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇ پىر ـ ئۇستازى بولغان ئابدۇرەھمان جامى ئارقىلىق رېئال دۇنيانى مۇھىم بىلىدىغان، مەلۇم ماتېرىيالىستىك ئامىللارغا ئىگە بولغان نەقشبەندچىلىككە مايىل. شۇڭا «فەنا» شارابىدىن تەسەللى ئىزلەش خاھىشى ئۇنىڭ

تۇپ، ئىزچىل ئىدىيىسى ئەمەس.

بىز نەۋائىي ئىدىيىسىدىكى پاسسىپ ئامىللارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تۇپ سەۋەبىنى مۇئەييەن تارىخىي چەكلىمىدىن ئىزلىشىمىز كېرەك. بۇ خالىي بولۇشقا مۇمكىن بولمىغان پاسسىپ ئامىللار نەۋائىينىڭ ئۇلۇغۋار سىماسىنى ھەرگىزمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىلى، ئاكتىپ گۇمانىزمىنىڭ ئۆلگىسى بولۇش بىلەن بىللە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەڭگۈ ئۆلمەس شانلىق پىكىر دۇردانىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئادەم ئەقلىنى تېخىمۇ لال قىلىدۇ. ئۇ مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە فارس شېئىرىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى جانلىق قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، زور ناۋاتورلۇقنى جارى قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسەك چوققىغا چىقتى.

نەۋائىيدىكى ناۋاتورلۇق ئالدى بىلەن غەزەلچىلىكتە گەۋدىلىنىدۇ. ئاتائىي، سەككاكىي، لۇتفىيلار چاغاتاي تىلىدىكى غەزەلچىلىكنىڭ ئاساسچىلىرى بولسا، نەۋائىي ئۇلارنىڭ غەزەلچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى.

نەۋائىي مىللىي خەمسىچىلىكنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇ فارس ئەدەبىياتىدىكى خەمسىچىلىكتىن ئۆلگە ئېلىپ، نىزامىي گەنجەۋى، خۇسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراھمان جامىلارغا ئىجادىي ياندىشىپ، مىللىي خەمسىچىلىكنىڭ شانلىق ئۆلگىسىنى ياراتتى. گەرچە ئۇ خەمسىنى ئەنئەنىۋى سۇژىتلار ئاساسىدا يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سيۇژىتى ۋە كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشىغا يېڭىلىق كىرگۈزدى. بەزى مۇھىم قەھرىمانلار ئوبرازىنى قايتىدىن ياراتتى. ئۆزىمۇ نۇرغۇن قەھرىمان ۋە پېرسوناژلارنى قوشتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى سىڭدۇردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ناۋاتورلۇقى، بولۇپمۇ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن.

نەۋائىي شېئىرىيەتتە، بولۇپمۇ غەزەلچىلىكتە ئارۇز ۋەزنىنى ناھايىتى

كەڭ ۋە ئەركىن جارى قىلدى. ئۇ، بۇ ۋەزىننى مىللىي تىل ئەۋزەللىكى ۋە مىللىي شېئىرىيەت ۋەزىن شەكىللىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ۋەزىن شەكىللىرىنى مەزمۇن تەلىپى بويىچە تاللىدى، يەنى نەزىم ۋەزىنىنى يۈرەك كۈيىگە تەڭكەش قىلدى. بۇ نەۋائى شېئىرىيىتىنىڭ شەكىلۋازلىقتىن خالىي بولۇشىنى تەمىنلىگەن مۇھىم بىر ئامىل.

نەۋائى شېئىرىيىتى ئىستىلىستىك يەنى بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنى ماھارەت بىلەن جارى قىلىشنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار ئۈلگىسى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە مىساللاردىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نەۋائى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولغان ئوخشىتىش سەنئىتىگە ئىنتايىن ماھىر. تۆۋەندىكى غەزەل بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ:

كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەركىسى جادۇ كۆرۈپ،
تىفل ① يەڭلىغكىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەف ئاھۇ كۆرۈپ.
قالدى ھەيران زاھىد ئەشكىمدە كۆرۈپ ھەربان ھۇباب ②،
رۇستايىدەككى ③ ھەيرەت ئەيلەگەي ئوردۇ كۆرۈپ.
جان ئاراتىغىنىڭ كۆرۈپ كۆڭلۈم قۇشى تۈزدى نەۋا،
تۇتىيدەككىم تەكەللۇم ئەيلەگەي كۆزگۇ كۆرۈپ.
ۋادەئى ئىشقىنىڭ مەكان قىلدى كۆڭۈل كۆرگەچ يۈزۈڭ،
ئەل بايابان ئىچرە مەنزىل ئەيلەگەندەك سۇ كۆرۈپ.
جاندا ئۆز داغىن كۆرۈپ ئاشىقلىقىمنى ئاڭلادى،
ئول كىشىدەككىم تانىغاي ئۆز قۇلىن بەلگۇ كۆرۈپ.
بادە تۇتقاچ دېمە بىخۇد ئولدىكىم ئول كۆزگۈدىن،
باردى ھوشۇم يار ھۆسنى جىلۋەسىن ئوترو كۆرۈپ.

---

① تىفل ــــ كىچىك بالا
② ھۇباب ــــ كۆپۈك.
③ رۇستايى ــــ سەھرالىق.

ئەي نەۋائى ، دەفە ئولۇرخالىن كۆرۈپ كوھى غەمىم ،
فىل يەڭلىغكىم ھەزىمەت ① ئەيلەگەي ھىندۇ كۆرۈپ .

بۇ غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيتى ئوخشىتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان . شائىر يارىنى جان ئالغۇچى فەرىشتىگە ئوخشاتسا ، ئۇنىڭ دەردىدە تۆككەن يېشىنى خۇددى ئاھۇنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە چاپقان بالىنىڭ يۈگۈرۈشىگە ، كۆز ياشلىرى ئۈستىدىكى كۆپۈكلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغان زاھىدنى ئوردىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالغان سەھرالىققا ... ئاخىرىدا بولسا ، غەم تېغىنىڭ يارخالىنى كۆرۈپ بىسلىدىغانلىقىنى پىل ئۆگەتكۈچى ھىندىنى كۆرۈپ كەينىگە قايتقان پىلگە ئوخشاتقان . ئۇنىڭ بەزىسى شەكىل جەھەتتىكى ، بەزىسى ھەرىكەت جەھەتتىكى ، بەزىسى ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشىتىشلار بولۇپ ، ھەممىسى تۈپ مەزمۇننى چۆرىدەپ ، پىكىرگە جۇلا بەرگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپىيەمۇ ئوخشىتىش ياكى ئوخشىتىشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بولۇپ ، پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن . «كۆرۈپ» رادىفى تۈپ پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ھالقا . ئۇنىڭ پىكىرنى مەركەزلەشتۈرۈش ، نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ . نەۋائى غەزەللىرىدە يەنە سۈپەتلەشنىڭمۇ نۇرغۇن گۈزەل ئۈلگىلىرى بار :

تاجىلۋە قىلدى ئول سەنەم ، لەيلى سۇزى ② بولدى ئەدەم ③ ،
سەۋدام ئوتى چەككەچ ئەلەم ④ ، پەست ئەتتى مەجنۇن شۆھرەتىن .

بىز بۇ مىسرالاردىن جانلاندۇرۇشنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۈلگىسىنى كۆرىمىز . بۇ يەردىكى «سەنەم» لىرىك قەھرىمانىنىڭ مەشۇقى . ئۇنىڭ جىلۋىسى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا لەيلىنىڭ ئىشق ئوتىنى بېسىپ چۈشكەن يالقۇن سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ . شۇنداقلا لىرىك قەھرىمان ئۆز سەۋداسى

① ھەزىلەت — ئارقىغا قايتىش .
② سۇز — ئوت .
③ ئەدەم — يوق .
④ ئەلەم — بايراق .

بىلەن مۇھەببەت مەيدانىدا مەجنۇن بىلەن مۇسابىقىلىشىپ قالىدۇ. بىز بۇ يەردە لىرىك قەھرىمان سەۋداسىنىڭ مەيداندا بايرىقىنى جەۋلان قىلىپ، قەيسىنىڭ مەجنۇنلۇق شۆھرىتىنى سۇندۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىدىكى سۆز (هەرپ) ئويۇنىمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ.

مېھر ئاگلاپ ئاشىق ئۆلدۇم، سۇگرە يەتتى كۇھى غەم،
نى ئەجەب، ئىشق ئىبتىداسى ئەين ئېرۇر، پايانى قاف.

بۇ بېيىتنىڭ ئالدىنقى مىسراسىدا لىرىك قەھرىمانىنىڭ دەسلەپ مەشۇقىدىن مېھرىبانلىق ئالامىتىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلىقى، كېيىن ئەكسىچە، غەم تېغى ئاستىدا قالغانلىقى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى مىسراسىدا بولسا، بۇ پىكىر هەرپ ئويۇنى ئارقىلىق باشقىچە بىر مەجازى ئىپادە تاپقان — «ئىشق» دېگەن سۆز ئەرەبچە «ئەين» هەرپى بىلەن باشلىنىدۇ. «ئەين» قۇياش ياكى يورۇقلۇق دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. «ئىشق» نىڭ ئاخىرقى هەرپى «ق» يەنى «قاف» بولۇپ، بۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى كۆيىقاپ. بۇ يەردە هەرپ ئويۇنى ئارقىلىق ئىشق دەسلەپتە ماگا قۇياشتەك يورۇق كۆرۈنۈپ، ئاخىرى كۆيىقاپ ئازابىنى كۆرسەتتى، دې-گەن مەنا گەۋدىلەنگەن.

نەۋائى رۇبائىچىلىقىنىڭمۇ مەشھۇر ۋەكىلى. ئۇ ئۆز رۇبائىلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دانالىق بىلەن جاۋاب بەرگەن، پەلسەپە قاراشلىرىنى هەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك تۇيۇق، مۇئەممالىرىدا تىل سەنئىتى-نىڭ ئىنتايىن گۈزەل جىلۋىسىنى كۆرسەتكەن.

نەۋائىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ مۆجىزىلىك ئىجادىيەت خەزىنىسىگە قانچە ئىچكى-رىلەپ كىرگەنسېرى، گويا بىر سېھرىي كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك، شۇنچە چوڭقۇر مەپتۇنلۇق ۋە ھاياجان ئىچىدە قالىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ سەنئەتكارلىقى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى

ئىپتىخارى بولۇپ قالدى .

نەۋائى يەنە ئەدەبىي تىل ، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت ، ئۆز ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم زامانداشلىرىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى . بۇ ئەسەرلەر تارىخىي ، ئىلمىي ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن نەۋائى مىراسىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە .

شۈبھىسىزكى ، بەش يۈز يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى نەۋائىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ مۇشۇ يىللار جەريانىدىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئۆلگىسى بولغىنىدەك ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە مۇھىم ئۆلگە بولىدۇ .

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 9 - سانىدىكى تېپىپچان ئېلىيوپ تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى)

# زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر 1483 ـ يىلى فەرغانە ۋىلايىتى ئاخسىدا تۆمۈرىلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئۆمەر شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆمەر شەيخنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىد مىرزا ، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرانشاھ مىرزا ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقساق تۆمۈردۇر .

بابۇر ئانا تەرەپتىن يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزاھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ . چۈنكى ، بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگارخانىم ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇبىنگار خانىملارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي ئەۋلادىدىن يۇنۇسخاننىڭ بالىلىرى ئىدى .

بابۇر 1494 ـ يىلى 12 ياش ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن فەرغانە پادىشاھى بولىدۇ . بابۇر تەختكە چىققان مەزگىل ـــ تۆمۈرىلەر سۇلالىسى پارچىلىنىپ . مۇنقەرزلىككە يول تۇتقان ، ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ ، ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلەشكە كىرىشكەن مەزگىل ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ياش بابۇر تۆمۈرىلەر سۇلالىسى سەلتەنەتىنى قوغداپ قېلىش كۈرىشىگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ . لېكىن ئۇ ئاخىرى ماۋەرائۇننەھردە پۇت دەسسەپ تۇرالماي ، كابۇل ۋە غەزنىگە چېكىنىدۇ ۋە ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىدۇ . بابۇر 1506 ـ يىلى خۇراساندىكى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ماۋەرائۇننەھرنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدە ھىراتقا بارغان ۋە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، نەتىجە چىقىرالمايدۇ . ئەكسىچە ، 1507 ـ يىلى خۇراسان شەيبانىخانغا بېقىندۇ . 1511 ـ يىلى بابۇر ئىسمائىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن

ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بابۇر تۆمۈرىلەر سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز ئالدىغا ئىمپىرىيە قۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ كابۇلدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىدۇ. 1526 - يىلى دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ، ھىندىستاندا تاكى 1761 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، تارىختا «ھىندىستان موغۇل ئىمپىرىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپىرىيىنى قۇرىدۇ.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر 1530 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەگرەدە ۋاپات بولىدۇ، جەسىتى كېيىن كابۇلغا قويۇلىدۇ.

بابۇر 1506 - يىلى ھىراتقا بارغىنىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇنسىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيىدە تۇرىدۇ. بابۇر ئۇ يەردە نەۋائىي ئىجادىيىتى بىلەن تەپسىلىي تونۇشىدۇ ھەمدە نەۋائىي دىۋانلىرىدىن تاللانما دىۋان تۈزىدۇ. نەۋائىي ئىجادىيىتى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي پائالىيىتى ئۈچۈن زور ئىلھام بولۇپ قالىدۇ.

مەلۇمكى، بابۇر شېئىر ئىجادىيىتىدە ئەنە شۇ مەزگىللەردىلا تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ شېئىرلىرىنى چاغاتاي تىلى ۋە فارس تىلىدا يازغان، غەزەل ژانىرىغىلا ئەمەس، باشقا ژانىرلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلغان.

«بابۇرنامە» دىن مەلۇمكى، بابۇر ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرىي دىۋانىنى 1519 - يىلى كابۇلدا تۈزگەن، ئىككىنچى دىۋانىنى 1528 - 1529 - يىللىرى ھىندىستاندا تۈزگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بارلىق لىرىك مىراسىنى، يەنى ئىككى دىۋانغا كىرگەن ۋە كىرمەي قالغان شېئىرلىرىنى تولۇق دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرگەن، لېكىن، ئۇنىڭ بۇ تولۇق دىۋانىنىڭ تەقدىرى ھازىرغىچە نامەلۇم.

بابۇرنىڭ دىۋانلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن لىرىك ئەدەبىي مىراسى 364 پارچە ئەسەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ 114 پارچىسى غەزەل، 201 پارچىسى رۇبائىي ژانىرىدا يېزىلغان، قالغىنىنى قىتئە، تۇيۇق ۋە فەردلەر تەشكىل قىلىدۇ.

بابۇر ئۆزىنىڭ مەسنەۋىلىرىنى «مۇبەييىن» ، «ۋالىدىيە» نامى بىلەن ئىككى توپلام قىلىپ چىققان .

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ لىرىك مىراسى ژانىر ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىقى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ ، مۇئەللىپىنىڭ مۇرەككەپ دۇنيا قارىشىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ لىرىك مىسرالاردا ساددا تىل ، راۋان ئۇسلۇبتا يېزىلىشتەك ، ئىجتىمائىي - تارىخىي مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ جىپسىلىشىپ كېتىشىدەك ھالەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ شائىرنىڭ ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىق بولۇپ ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ يەنە شائىرنىڭ ئىجادىي ئۇسلۇبىنى بەلگىلىگەن .

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شېئىرىي مىراسلاردىن باشقا يەنە ئارۇز ، مۇزىكا ، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت رىسالىلەرنى ھەمدە دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسلىمىنى يېزىپ قالدۇرغان .

«بابۇرنامە» دېگەن بۇ ئىسىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇقىملاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇ ئەسەر تۈرلۈك مەنبەلەر ۋە نۇسخىلاردا «ۋاقىئاتى بابۇرى» ، «تۈزۈكى بابۇرى» ، «تەۋارىخى بابۇرى» ، «بابۇرىيا» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان . بابۇر بولسا ئۆز ئەسىرىدە ئۇنى «تارىخ» ، «ۋەقائى» دەپ ئاتايدۇ .

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» دە ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈش بىلەن ئۆتكەن جەڭگىۋار ، تىنىمسىز ، شۇنداقلا ، سەرگۈزەشتىلەرگە باي ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جەڭلەر ، ۋەقەلەرنى ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئۆزى بىلىدىغان پادىشاھ ، خان ، مىرزا ، بەگلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ؛ ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇ ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ھەم باشقا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ .

«بابۇرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئافغانىستان ، ھىندىستان قاتارلىق

جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھەربىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى مول،
پاكىتلىق ماتېرىياللار بىلەن تولغان بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە بۇ
جايلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە مەدەنىيىتى قاتار-
لىقلارمۇ ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، بۇ ئەسەر
ئاللىبۇرۇنلا دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان،
نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە
بىردىنبىرى بولمىسىمۇ، تەڭ ئېسىلى»، «ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ماتېرى-
يالار ئېنسىكلوپېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە»، «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر»
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلىگەن①.

«بابۇرنامە» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىدىن، ئۇنىڭ 1518 - 1519 -
يىللاردىن باشلاپ يېزىلىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. چۈنكى
ئاپتور شۇ يىللارغىچە بولغان ۋەقەلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ
بايان قىلىدۇ، بەزىدە شۇ يىل ۋەقەلىرى تەپسىلاتى ئىچىگە كېيىنكى
يىللاردا سادىر بولغان ۋەقەلەرنىمۇ قوشۇپ يازىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاپتور شۇ
يىللاردىن تارتىپ ۋاقىتنى كونكرېت يازىدۇ، ئايلارنىلا ئەمەس، بەلكى
ھەپتە، كۈنلەرنىمۇ، ھەتتا بەزى ۋەقەلەرنىڭ شۇ كۈننىڭ قايسى ۋاقتىدا
بولغانلىقىنىمۇ كونكرېت، ئېنىق ۋە تەرتىپلىك بايان قىلىدۇ.
ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يىل تەرتىپى بويىچە قىلىنىۋاتقان بايانلارنىڭ
ئۈچ يېرىدە ئۈزۈلۈش بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن 36 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى
ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئەسلىمىنىڭ يېرىمىغا يېقىنى كەم بولۇپ
قالغان. بۇ كەم بولۇپ قالغان جايلار. بولۇپمۇ ھىجرىيە 914 -
يىلدىن 924 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قىسمى توغرىسىدا بەزى مۇلاھى-
زىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى قول
يازمىسىنىڭ تاسادىپىي زىيانغا ئۇچرىشى (1529 - يىلى) بىلەن ئۇنىڭ شۇ
قىسىملىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دېگەن پەرەز ئاساسىي
ئورۇندا تۇرىدۇ.

---

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992). تەر-
جىمە قىلغۇچى سۆزىنىڭ 3 - ، 6 - بەتلىرىگە ۋە 5 - بەتتىكى ئىزاھلارغا قارالسۇن.

«بابۇرنامە» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقالغان. 1900 - يىلى ئاننېت. س. بېۋېرىج «بابۇرنامە» نىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسىنى تاپقان بولسىمۇ، تەكشۈرۈشلەردىن ئۇنىڭ 1770 - يىللاردىكى كۆچۈرمە نۇسخا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. «ھەيدەر ئاباد نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان ۋە ھەممە نۇسخىلاردىن بىر قەدەر تولۇق بولغان بۇ نۇسخا ئا. بېۋېرىج تەرىپىدىن 1905 - يىلى سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن لوندوندا نەشر قىلدۇرۇلغان. ن. ئىلمىنسكى بۇخارادىن تېپىلغان تۈركىي تىلدىكى يەنە بىر قول يازما نۇسخىنى 1857 - يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان.

«بابۇرنامە» بابۇر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، 1589 - يىلى فارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بىر قانچە زىننەتلىك ۋە سۈرەتلىك نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. فارسچە نۇسخا 1813 - يىلى ئېرسكىن تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «بابۇريادنامىلىرى» دېگەن نام بىلەن 1826 - يىلى نەشر قىلىنغان.

«بابۇرنامە» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى خەمىت تۆمۈرنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن 1992 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

# سۇلتان مەھمۇدخان

سۇلتان مەھمۇدخان يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە 1487 ـ يىلى يۇنۇسخان ئۆلگەندىن كېيىن، يەتتىسۇ، فەرغانە ۋە تاشكەنت رايونلىرىنى بۆلۈۋېلىپ خانلىق قىلغان. سۇلتان مەھمۇدخان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تاغىسى بولۇپ، بابۇر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئۇنىڭ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ياردەم بېرىپ تۇرغان. بابۇرمۇ سۇلتان مەھمۇدخاننى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن ۋە شېئىرىيەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرغان.

سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز زامانىسىدە تونۇلغان شائىرلاردىن بولغانلىقى، تۈركىي ۋە فارسىي تىللاردا كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلغانلىقى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىدىن پەقەت بىر بېيىتلا ئەنە شۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن:

«ئەھلى دۇنيا بىرلە دۇنيادىن ۋەفا كۆرمەس كىشى،
ئەي، خۇش ئول ئازادەكىم ئالەم بىلەن يوقتۇر ئىشى.» ①

1502 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھاكىمىيىتى دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ رەھبىرى شەيبانىخان تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان، 1509 ـ يىلى مەھمۇدخان شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، خوجەنت دېگەن جايدا ئالتە ئوغلى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن.

---

① مولla مىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985) 87 ـ بەت.

# سۇلتان سەئىدخان

شائىر سۇلتان سەئىدخان 1490 - يىلى دۇنياغا كەلگەن . ئۇ يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى .

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ تەخت تالىشىش ئۈچۈن قورغىغان سۈيىقەستلىك جەڭگى - جېدەللىرى ئىچىدە ئۆتتى . ھىجرىيە 915 - يىلى (مىلادىيە 1058 - 1059 - يىللار) ئۇ بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ قىزلىرىدىن تۇغۇلغان نەۋرە تۇغقىنى ، ھىندىستاندا بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530 - يىللار) نىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەربىيە ئالدى . سەئىدخان 1512 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەنجانغا بېرىپ ، تالاس ، نارىن ، ئىلى دەرياسى بويلىرى ، ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فەرغانە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ ئۇنىڭغا خان بولدى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردىكى ئابابەكرى مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ ، قەشقەر سۇلتانلىقىنى قۇردى . ئۇزاق ئۆتمەي خانلىق مەركىزىنىڭ يەكەنگە يۆتكىلىشى بىلەن ، بۇ خانلىق «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتالدى . بۇ خانلىق يەنە ئۆز قۇرغۇچىسىنىڭ نامىغا باغلىق ھالدا « سەئىدىيە خانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، سەئىدخان كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، سىياسىي ، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن خانلىقنى مۇستەھكەملىدى . ئۇزۇن يىللىق تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى ، بۆلۈنۈشلەر نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان ئىگىلىك ئەسلىگە كېلىپ ، دۆلەتتە تىنچ - مۇقىملىق ، گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى .

سۇلتان سەئىدخان ئۆزى شائىر، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن يەكەن خانلىقىدا ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا نۇرغۇن شېئىر يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت شاھ مەھمۇد جوراس تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» غا خاتىرىلەپ قويۇلغان ئىككى پارچە شېئىرىدىن ئىبارەت. ①مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بۇ شېئىرلاردا ئۇ ھۆر - پەرىلەرنى ئەمەس، بەلكى رېئال ھاياتتىكى قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ، شائىرغا جەننەت ھۆرلىرى ئەمەس، بەلكى مامات بولغان جىسمىنى شېرىن سۆزى بىلەن تىرىلدۈرىدىغان ھەقىقىي گۈزەللەر كېرەك. شائىرنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى غەزىلىدىن ئۇنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئۇستۇنلۇكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار؟
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟

---

① شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ھىجرىيە 1097 - (مىلادىيە 1686 -) يىلى «تارىخى رەشىدى» نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىپ چىققان بۇ ئەسىرى ئۇ ئاۋۋال يازغان «تارىخى شاھ مەھمۇد جوراس» ناملىق ئەسەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» دا يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخىي شەخسلەر ۋە ۋەقەلەرنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان ھەمدە سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان ۋە ئايازبېك قۇشچى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر بەرگەن. ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بىر قول يازما نۇسخىسى (ئاخىرى يوقالغان) ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بۇ قول يازما نۇسخا 1960 - يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ، باستۇرۇلغان. مەن مەزكۇر ئەسەرگە ئېلىنغان مىساللاردا «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» نىڭ ماشىنكىدا ئۇرۇپ باستۇرۇلغان شاپىگراپ نۇسخىسىدىن پايدىلاندىم.

ھۇر بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى ①كۆڭلۇم نەيلەسۇن ،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار .
لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر ھەردەم تىرىكلىككە نىشان ،
خۇش نىشانىدۇركى ئىككى قاشىدىن توغراسى ② بار .
بىر سۇچۇك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات ،
لەئلى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى ③ بار .
يۈزى ئۆززەكاكۇل ۋە زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى ،
ئى سەئىد ئاشۇفتە ④كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار .

سۇلتان سەئىدخاننىڭ «شۇكرىللا ھالەتىم زاھىر بولۇپتۇر يارغە ، ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسەتەي ئەغيارغە .» دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان ئىككىنچى غەزىلىدە ، يار ۋەسلىگە يېتىپ مۇرادى ھاسىل بولغان ئاشىقنىڭ شادلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، غەزەل ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق تىلى ، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى گۈزەل ئوخشىتىش ۋە باشقا مەجازى ۋاسىتىلىرى ، مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن كىشىگە بەلگىلىك ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ .

سۇلتان سەئىدخان مىلادىيە 1533 - يىلى تىبەتكە قىلىنغان بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ۋاپات بولدى .

---

① سەككىز جەننەتتىن بىرىنىڭ نامى .
② ھايات يولىنىڭ مەۋزۇ (سەرلەۋھە) سى .
③ ئەيسانىڭ دېمى .(ئەيسا ئۆلۈككە دەم سالسا ، ئۆلۈك تىرىلەرمىش)
④ پەرىشان .

# ئايازبېك قۇشچى

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخى رەشدى (زەيلى)» ناملىق ئەسىرىدە «سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەۋرىدە دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە شائىر كىشىلەر كۆپ ئىدى. جۈملىدىن ئايازبېك قۇشچى خۇش تەبىئەت كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى غەزەلنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ شەنىگە ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنى خان تەختىگە يېڭى ئولتۇرغاندا، يەنە بىرىنى ئابدۇرەشىدخان ھېيىت مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە توي قىلىپ بەرگەندە يازدى» دەپ ئايازبېكنىڭ قۇشچىنىڭ ھەر ئىككى غەزىلىنى تولۇق تېكىستى بىلەن بەرگەن. ①

شائىر ئايازبېك قۇشچى:

«ساقى مەي فەرەھ بەخش تۇتكىم باھار كەلدى،
ئىشرەت زامانى يەتدى ئول گۈلئۇزار كەلدى.»
(ساقى خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى شاراپ تۇت، چۈنكى باھار كەلدى،
شادلىق چاغلىرى يەتتى، چۈنكى ئۇ گۈل يۈزلۈك كەلدى.)

سەدرىسى بىلەن باشلانغان بىرىنچى غەزىلىدە ئابدۇرەشىدخاننى شاھلىق - سەلتەنەت تەختىگە چىققانلىقى بىلەن تەبرىكلەيدۇ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىق - تەنتەنىسى ھەمدە قىزغىن، سەمىمىي ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە:

«دەۋران ئەيشۇ - ئىشرەت، بەش كۈن ئېرۇر غەنىيمەت،
چۈن چەرخى بى مۇرەۋۋەت ناپايدار كەلدى.

① «تارىخى رەشدى (زەيلى» (شاپىگراپ نۇسخا) 78 - 81 - بەتلەر.

يەتكۈزسە غۇسسە گەردۇن چەك بادە بولما مەھزۇن ،
تەسكىن غەمگە گۈلگۈن مەيى سازاۋەر كەلدى .»
(دەۋرنىڭ ئەيش - ئىشرىتى پەقەت بەش كۈنلۈكلا غەنىيمەت ،
چۈنكى بۇ مۇرۇۋۋەتسىز ، ئۇزۇن تۇرمايدىغان زاماندۇر .
زامان غەم - غۇسسە كەلتۈرسە ، مالال بولما ، شاراب ئىچ ،
غەمنى پەسەيتىش ئۈچۈن گۈل رەڭلىك مەي كەلتۈرۈلدى .)

دېگەن مىسرالارنى تىزىپ ، زاماننىڭ مۇرەۋۋەتسىز ، ئاخىرى خەيرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن ، زامان غەم - غۇسسەلىرىدىن مالال بولماسلىقنى ، شۇنداقلا ، قىسقا ، بەش كۈنلۈك بولغان شادلىق دەۋرىنى غەنىيمەت بىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ .

«تۇت» رادىپلىق 2 - غەزىلىدە شائىر ئاياز بېك قۇشچى ئابدۇرەشىدخان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە توي قىلىپ بەرگەن چاغدىكى خۇشال كەيپىياتنى ۋە شاھقا بولغان مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدۇ ، ئۆزىنىڭ شاھقا قارىتا بولغان سەمىمىي تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ .

ئاياز بېك قۇشچىنىڭ نامى «چىڭگىزنامە» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ : «بەھادۇر ۋە كېڭەشلىك كىشىلەر قۇشچىدىن بۆلەك توت مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى » . ①

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى ، ئاياز بېك قۇشچى 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا (سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدە) ياشاپ ، ئىجاد قىلغان شائىرلاردىن بىرى بولۇپ ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېقىن باھادىر بەگلىرىدىن بولغان .

① موللامىر سالىھ قەشقەرى : «چىڭگىزنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1985 ، 94 - بەت .

يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان بەزى ئەسەر ، ماقالى-
لەردە ئاياز بېك قۇشچى بىلەن « جاھاننامە » داستانىدا ئۆزىنى
« ئاياز شىكەستە » تەخەللۇسى بىلەن ئاتىغان مىرزا مۇھەممەد
ھەيدەر بىر شەخس قىلىپ قويۇلدى . ① ھالبۇكى ، مىرزا
مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئاياز بېك
قۇشچى ھەققىدىكى بايانلاردا روشەن پەرق بار . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان
تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە مىرزا ھەيدەر تىبەتتىكى جاپالىق ھەربىي
يۈرۈش ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى . بۇ خىل ئەھۋالدا «ئاياز شى-
كەستە» (مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر) نىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئاتاپ
شېئىر يېزىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ، ئەدەبىيات تارىخىدا
بۇ ئىككىسىنى ئىككى شەخس دەپ قاراش لازىم .

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقى-
قات ئىشخانىسى باستۇرغان ، (1983) بىرىنچى قىسىم 2 - كىتاب 41 - 54 - بەتلەر ؛
«بۇلاق» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983) ئومۇمىي 9 - سان ، 92 - 93 - بەتلەر ؛ «
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987) 687 - 690 -
بەتلەر .

# مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر

تارىخچى، شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى مىلادى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، ماڭلايسۆيەر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دوغلات قەبىلىسىدىن بولۇپ، مىلادىيە 1499 - يىلى مۇغۇلىستان خانلىقىغا قاراشلىق كەشتان رايونىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. چۈنكى مىلادىيە 1493 - يىلى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەدخان ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن دوغلاتنى بۇ جاينىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ ئانىسى بولسا موغۇلىستان خانى يۇنۇسخاننىڭ قىزى خۇپنىگار خانىم بولۇپ، ئۇ بابۇرىلار خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىمنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ①

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ دادىسى شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1508 - يىلى ھىراتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىرزا ھەيدەر ئانىسى بىلەن بۇخاراغا قېچىپ كەلگەن. لېكىن، بۇ يەردە بىخەتەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەدەخشاننىڭ زەفەر قەلئەسىگە كەتكەن. 1509 - يىلى ئۇ بابۇر تەرىپىدىن كابۇلغا چاقىرتىۋېلىنغان.

مىرزا ھەيدەر نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ يېنىدا 1513 - يىلغىچە تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ بابۇرنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا بولغان ۋە ئۇنىڭ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان.

1513 - يىلى مىرزا ھەيدەر ئەنجانغا — ئۆزىنىڭ ئانا تەرەپتىن بىر نەۋرە ئاكىسى بولغان سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېنىغا كېلىدۇ. مىرزا ھەيدەر

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991)، 1048 - بەت.

سۇلـتـان سـەئـىدخـان قازا تاپقۇچە (1533 ـ يىلى) بولغان 20 يىل داۋامىدا ئۇنىـڭ تـەربىيىسىدە ھەمدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ يەكەن خانلىقىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ.

سۇلـتـان سائىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىـدخان ھىجرىيىنىڭ 940 ـ يىلى يېڭى يىل كۈنى يەكەنگە كىرىپ (ئۇ ئاقسۇدا ھاكىم ئىدى) خانلىق تەختىدە ئولتۇرماقچى بولىدۇ. ئۇ بۇ جەريـانـدا بـەزى يـامـان نـىـيـەتلىك كىشىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ كېـتـىـپ، شـەھەرگـە كىرىش ئالدىدىن مىرزا ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىرقانچە كىشىنى قەتل قىلىدۇ. تـەخـتـتـە ئولـتـۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتـمـەي، تىبەتتە يۈرۈش قىلىۋاتقان مىرزا ھەيـدەرگـە قـوشـۇننى تارقىتىۋېتىپ تىبەتتە قېلىشنى، كېيىن يەنە ئۇنىڭ تـىـبـەتـتـىـن چـىـقىپ كېتىشىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىرزا ھەيدەر بەدەخشانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مىرزا ھەيدەر بۇ مەزگىلدە:

> شەرتۇ ئەھدى ۋاپا ۋە مېھرىڭنى،
> بارچەسىن ئەجەب ئەدەمم ①قىلدىڭ.
> مەزھەبىڭدە جاپا كەرەم كۆتمىش،
> بىراق ئەجەب كەرەم قىلدىڭ.

دېگـەن شېئىرنى يېزىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بولغان ئاغرىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

مـىـرزا ھەيـدەر ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بەدەخشان ۋە قوقەنتتە ئۈچ يـىـل تـۇرۇپ، 1537 ـ يىلى ھىندىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بابۇرنـىـڭ ئوغـلى ھۇمايۇننىڭ قېشىغا، ئاندىن لاھوردىكى ھۇمايۇننىڭ ئىنىسى كـامـىـران مـىـرزىنىڭ قېشىغا بارىدۇ. مىرزا ھەيدەر كامىران مىرزا ئۇنىڭغا بـەرگـەن قـوشـۇنـغا باشچىلىق قىلىپ ئافغان ئىسيانچىلىرىنى باستۇرىدۇ.

---

① ئەدەم ـ يوق.

1539 ـ يىلى مىرزا ھەيدەر ھۇمايۇننىڭ قېشىغا قايتا كېلىدۇ ۋە 1540 ـ يىلى ھۇمايۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قورچاق نازۇك شاھ نامىدا كەشمىرنى ئۇن يىل باشقۇرىدۇ. 1551 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى تاغلىق ئىسيانچىلارنىڭ بىرى ئاتقان ئوقيا ئوقى بىلەن قازا تاپىدۇ.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىردە تۇرغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ـــ «تارىخى رەشىدى» نى يېزىپ چىققان. ئىككى قىسىملىق بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى 1544 ـ 1547 ـ يىللىرى، ئىككىنچى قىسمى 1541 ـ 1544 ـ يىللىرى يېزىپ تاماملانغان.

«تارىخى رەشىدى» سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىغا ئاتالغان زور ھەجىملىك تارىخي، ئەدەبىي ـ ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، قارىغاندا، بۇ ئەسەر تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئابدۇرەشىدخان زامانىسىغىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغانلىقى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تۇغلۇق تۆمۈر نەسەبىگە مەنسۇپ ئەڭ ئاخىرقى خان بولغانلىقىدىن، ئەسەرگە ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامى بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ 1 ـ قىسمى پېشقەدەملەر سۆزلەپ بەرگەن رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان. 2 ـ قىسمى تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايان (ئاپتور بۇ قىسمنى «مۇقتەسەر» دەپ ئاتىغان) بولۇپ، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە 1 ـ قىسمدىن بىر ھەسسە كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدىكى ئۇچۇر بەكمۇ قىممەتلىك بولۇپ، مىرزا ھەيدەر ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە: «ئەسلى بەيئەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست. پەدەرى ئۇرا كىچىككىنە بەخشى مىگۇفتەند، مەردى بۇد ئەلئەر رەسم» (مەنىسى: «ئۇنىڭ ئەسلى زاتى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىك باخشى دەپ ئاتايتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى») دەپ يازغانىدى.

مىرزا ھەيدەر كۆپ تەرەپلىمە ئىستىدات ئىگىسى، شائىر ئىدى. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» كىتابىدا ئۇنىڭ ھەققىدە «قولىدىن خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوق ئېتىش قاتارلىق ھەممە ئىش

كېلىدىكەن . شېئىردىمۇ قابىلىيىتى بار . ماڭا خېتى كەلدى ، قەلىمىمۇ يامان ئەمەس» دېگەنلەرنى يازىدۇ .

«تارىخى رەشىدى» فارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسلى قول يازما نۇسخىسى يوقالغان . دېنىسون روس تەرىپىدىن تېپىلغان ، مىلادىيە 1732 - يىلىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن فارس تىلىدىكى نۇسخا ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1895 - 1898 - يىللىرى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان .

ھازىر «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن ئۈچ نۇسخىسى مەلۇم . ئۇنىڭ لېنىنگراد ، تاشكەنتلەردە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى مىلادىيە 1837 - 1838 - يىللىرى قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىن تاجىبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن موللانىياز يەركەندى تەرىپىدىن فارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان . موللا نىياز يەركەندى ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ئۈچ ئەسىرلىك تارىخىي ۋەقەلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان .

بارتولد تەرىپىدىن ئېيتىلغان «تارىخى رەشىدى» نىڭ باشقا ئىككى پارچە ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق ۋە ئىشەنچلىك تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ بىرى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا ؛ يەنە بىرى ، ھىجرىيىنىڭ 1263 - يىلى جامادىئول ئاخىرنىڭ 22 - كۈنى (مىلادىيە 1845 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) خوتەندە نامەلۇم بىر تەرجىمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدۇر . ①

1978 - يىلى ئىستانبولدا نەشر قىلىنغان «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دا (5 - توم ، 1 - قىسىم ، 388 - بەت) مىرزا ھەيدەرنىڭ چاغاتاي تىلىدا يازغان 125 بەتلىك «جاھاننامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقى ، ئەسەرنىڭ تېمىسى ، يېزىلغان ۋاقتى ، ئورنى ھەمدە ئەسەرنىڭ پروسىيە دۆلەت

---

① «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى تەھرىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئېيتىلگەن ئىزاھقا قاراڭ . («تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ، 14 - بەت) .

كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەنىدى .

1982 - يىلى شىنجاڭدىن «جاھاننامە»نىڭ يەنە بىر قول يازما نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىنىشى ① بىلەن داستان ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدە ئىچكىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى .

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دىكى ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت بايانلىرى بىلەن «جاھاننامە» ئاپتورىنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت بايانلار پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ ، بۇ ئىككى ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى بۇنى دەررۇ ھېس قىلالايدۇ ۋە بۇ ئىككى ئەسەر ئاپتورىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايدۇ . مىرزا ھەيدەر «جاھاننامە» داستانىدا ئۆزىنى «ئاياز» ، «شىكەستە» دېگەن تەخەللۇسلار بىلەن ئاتىغان .

خۇددى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە ئېيتىلغىنىدەك ، «جاھاننامە» داستانىنىڭ خاتىمىسى مىلادىيە 1533 - يىلى 11 - ئايدا (ئەسەردە «رەجەب ئاي فەرخۇندە تارىخىدا» دېيىلگەن) يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەسەرنىڭ ئۆزى مىرزا ھەيدەر ھىجرىيە 936 - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا (مىلادىيە 1529 - يىلى 9 - ئايدا) سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىرگە بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ ، بەدەخشاننىڭ مەلۇم يېرىدە قىشلىغان مەزگىلىدە يېزىلغان .

«جاھاننامە» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى «چاغاتاي دەۋرى» نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ، يەنى «چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى» نىڭ شىنجاڭنى مەركەز قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ . لېكىن ، مەزكۇر داستان ئۆزى بىلەن

① بۇ نۇسخا تۇنجى قېتىم توختى ئابىدخان ، ئابلىمىت ھاجىلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 9 - سانىدا (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983) ئېلان قىلىنىدى . ئىككىنچى قېتىم ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى .

زامانداش ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرى يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرى كۆپرەك ساقلانغانلىقى ۋە ئۇنى قوللىنىشتا بىر خىل ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك 16 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئەھۋال بولۇپ، شائىرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق جانلىق تىلىنىڭ خېلى چوڭقۇر تەسىرىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. داستان سۇژېتى ئۇيغۇر تېپىشماقلىق چۆچەكلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ زامان ھەققىدىكى پىكىرلىرى ۋە گۈزەللىك ھېسسىياتى چوڭقۇر سىڭگەن، شۇنداقلا، مۇئەللىپ يۇكسەك فانتازىيە كۇچى ئارقىلىق رىۋايەت بىلەن چۆچەكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، داستاننىڭ ھەرىكەتچان، قىزىقارلىق قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ئامىباب ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ، شائىر بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ خېلى يۇقىرىقىلىقىدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق فولكلورى بىلەن يېقىندىن تونۇشلۇقى ۋە ئۆز بەدىئىي ماھارىتىنى خەلق ئەدەبىياتى بۇلىقىدىن بەھرە ئېلىپ تاۋلىغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. ①

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاننىڭ «جاھاننامە» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك داستان تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، داستانچىلىق تەرەققىياتىمىزدا مۇھىم رول ئوينىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇ يەكەن خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە قىممىتى بىلەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

---

① ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «ئاياز شكەستە». «تارىم» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 3 ـ سان، 138 ـ بەت.

# قىدىرخان يەركەندى

يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدە ئۆتكەن شائىر ۋە مۇغەننى قىدىرخان يەركەندىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىغا دائىر ئىزلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ناھايىتى ئاز يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بىز بۇ ئىزلارنى پەقەت موللائىسمەتۇللا موللا نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق كىتابىدىن ئۇچرىتىمىز.

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دا يېزىلىشىچە، يۈسۈپ قىدىرخان ئەينى زاماندىكى داڭلىق مۇغەننى ۋە شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەنت، ئىستانبول، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بولغان، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇغەننىلىك ھاياتى داۋامىدا راۋابنى ئىسلاھ قىلغان، «ھەشتار» ناملىق سەككىز تارلىق چالغۇ ئەسۋابىنى كەشپ قىلغانىكەن.

قىدىرخان يەركەندى مەلىكە ئامانىسا بىلەن بىللە «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەشتە، ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ۋە خەلق ئارىسىغا تارقىتىشتا ئۇنتۇلماس خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس سەھىپە ياراتتى. ئۇ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ كونا تېكىستلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى نەۋائى قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل سۆز دۇردانىلىرى بىلەن بېزىدى. شۇنداقلا، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلدى. ئەپسۇسكى، بۇ مۇقام «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىگە سىڭىپ كەتتىمۇ ياكى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىدىمۇ، بۇ مەسىلە ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

قىدىرخان يەركەندى يەنە ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئەسەرلىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ «دىۋان قىدىرى» ناملىق

تـوپلام تـۈزۈپ چىققان بولسىمۇ ، بۇ توپلام ھازىرغىچە تېپىلمىدى . بىز بۇ
تـوپلام ھەقـقىدىكى مەلۇماتنى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىن ۋە 1985 ـ يىلى
يـەكـەنـدىـن تـېپىلغان بۇ دىۋان ھەققىدىكى بىر قول يازما ماتېرىيالدىن ①
ئالىمىز .

قـىـدىـرخان يەركەندى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن ئىككى
يـىـل كـېـيـىـن ، 1562 ـ يـىلى ۋاپات بولدى . لېكىن ، ئۇنىڭ «ئون ئىككى
مۇقام» ئارقـىـلـىـق ئۆزىـگـە تـىـكلىگەن مۇنارى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۇ
ساقلانماقتا .

---

① بـۇ قول يازما مـاتـېـرىـيـال 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن
«دىۋان قىدىرى ، نىاڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى .

# سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1510 ـ يىلى مۇغۇلىستان خانلىقى تەۋەلىكىدىكى پەرغانە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانىدە ۋە تاغىسى بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل يەكەن خانلىقىغا تەۋە يەتتە سۇ رايونى ۋە ئاقسۇ رايونىنىڭ سەرتاپلىقىغا (باش ۋالىيلىقىغا) تەيىنلەنگەن. مىلادى 1533 ـ يىلى ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە قىلغان يۈرۈشىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەكەنگە بېرىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان.

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» ناملىق ئەسىرىدە خەۋەر بېرىشىچە، «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ... ھەر بىر ئىشتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئىلمى مۇسىقىدا ماھىر ئىدى، بەلكى مۇسەننىف ئىدى»، «... خۇش نەۋىس (چىرايلىق ھۆسن خەت يازغۇچى) ئىدى، فارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى.»①

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەنئەتخۇمار، مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. موللا مۇساسايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» سىدە ئېيتىلىشىچە، «ئابدۇرەشىدخان موللا، فازىل شائىر بولۇپ، فارسى ۋە تۈركىي نەزمىلەرنى ياخشى ئېيتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا گويا فىساغورس سانى (ئىككىنچى فىساغورس) ئىدى ...» ②. شاھ مەھمۇد

---

① «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا) 74 ـ بەت.

② «تارىخى ھەمىدى» (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986)، 125 ـ بەت.

جۇراس سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەققىدە يەنە مۇنۇلارنى يازغان: «ئۇنىڭ سېخى قولى روھقا مەدەت بېرىدىغان سازلارنى شۇنداق چالاتتىكى، زوھرا ① مۇ چىدىيالمىغىنىدىن لال بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەنە تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەن ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەتلەردە كارامەت كۆرسىتەتتى، كۆپ چاغلاردا قەلەندەر سۈپەتتە ساياھەت قىلاتتى.» ②

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەنە شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپ قايتىدىن گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، پەن - مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكار، ئىقتىدار ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەنلەرنى خانلىقنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلغان. قەشقەردە «خاقانىيە مەدرىسى» (خانلىق مەدرىس) قۇرۇلغان. يەكەندىكى ئاق مەدرىس كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، قىسقىسى، يەكەن شەھىرى ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. ③

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقامچىلىقى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن، ئەدىب ۋە مۇقام ئۇستازى قىدىرخان، مەلىكە ئامانىساخان رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» ى قايتا رەتلەنگەن ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «رەشىدى» تەخەللۇسى بىلەن ئۇيغۇر

---

① زوھرا (سەۋىت — ۋېنېرا) يۇلتۇزى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە مۇزىكا ۋە خۇشاللىقلارغا سىمۋول قىلىنغان.

② «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988)، 18 - بەت.

③ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى». 1023 -، 1026 - بەتلەر.

ۋە فارس تىللىرىدا نۇرغۇن شېئىرلار يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جۇراس «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» دا: «سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئىدى، ئەمما بۇ قىسقا تارىختا ھەر بىر شېئىرىدىن يۈزدىن بىرى، بەلكى مىڭدىن بىرىنى يازدىم» دەپ، ئۇنىڭ فارسىي شېئىرىدىن ئىككى پارچىنى، ئۇيغۇرچە شېئىرىدىن بىر رۇبائىي، ئۈچ غەزىلىنى ئۆز ئەسىرىدە بەرگەن.① بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدى»، «سەلاتىننامە»، «كىتاب تەنبىيە ئەنتەربىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بولغانلىقى ۋە مىلادىيە 1682 - يىلى يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تەختكە چىققان ئاپاق خوجا ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ يوقاتقانلىقى مەلۇم.②

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» ئەسىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلاردىن تاشقىرى، يەنە ئىجتىمائىي تېمىدىكى شېئىرلارنىمۇ يازغان. ئۇ بۇ شېئىرلىرىدا ئادالەت تۇغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، ئۆزىنى سەلتەنەت بىلەن مەغرۇرلانماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ.

مەسىلەن:

«دۇنيا بىر ھۆسنى ئەھلىدەك ناپەرىبانى پېش③ ئەمەس،
كىمكى سۆيسە سۇدىدىن④ كۆپرەك زىيانى پېش ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەررۇف تۇتماغىل شەدداددەك
نىچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇستخۋانى پېش ئەمەس.
دۇنياغا فەرزەندى ئادەمنى ئىبەرمەكتىن غەرەز،
قۇللىقىم قىلغايمۇ دەپ، بىر ئىمتىھانى پېش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئول شاھلەر،

① مەزكۇر ئەسەر (شاپىگراف نۇسخا)، 75 -، 78 - بەتلەر.
② «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى». 1028 - بەت.
③ پېش — شېئىردا «ئاز»، «يوق»، «ئارتۇق» مەنىلىرىدە كەلگەن.
④ سۇد — پايدا - نەپ.

جان بېرۇردە بىر گەدايى ناتەۋانى پېش ئەمەس .
ئى رەشىدى بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا ،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر خازانى پېش ئەمەس .»

شائىر ئابدۇرەشىدخاننىڭ تۆۋەندىكى فارسچە شېئىرىنى ئوقۇغاندا ، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى كىشىنى قايىل قىلىدۇ :

«گەر قەدەترا سەرۋى گۇيەم ، سەرۋە را رەفتار نىيست ،
گەر لەبەترا غۇنچە خانەم ، غۇنچەرا گۇفتار نىيست .»
(گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم ، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى ،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم ، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى .)

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىلادى 1560 - يىلى ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ جەسىتى يەكەندىكى «ئالتۇنلۇق» مازارىغا دەپنە قىلىنغان .

# ئامانىساخان

ئاتاقلىق مۇغەننى، شائىرە ئامانىساخان مىلادىيە 1520 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى بىر مەھەللىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئامانىساخاننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى بىز پەقەت مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دىن ئالىمىز. بۇ ھەقتە مۆجىزى مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«ئابدۇرەشىدخان بىر كۈنى كېچىسى بىر خارابە ئۆيگە قونۇپ بولۇپ، ئەكرەم ئىسىملىك بىر مەھرەمى بىلەن كىردى. ئۇ ئۆي مەھمۇد ئىسىملىك بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئامانىساخان مەھمۇدنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆينىڭ بۇرجىكىدە تۇرغان تەمبۇرنى كۆردى. ساھىبخان بولغان مەھمۇدتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. مەھمۇد: ‹مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، بۇ قىزىم تەمبۇر ئېلىپ بېرىڭ دەپ خاپا قىلغانلىقتىن ئېلىپ بەرگەنىدىم›، ـــ دېدى. سۇلتان: ‹ئانداق بولسا قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن›، ـــ دېدى. مەھمۇد قىزى ئامانىساخانىمغا تەمبۇر چېلىشنى بۇيرۇدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ ‹پەنجگاھ› مۇقامىغا شۇنداق بىر چالدىكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەيران قالدى. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ قىز ئۆزى ئېيتقان شېئىرنى مۇقامغا قوشۇپ ئوقۇغاندا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە بىقارار ئاشىق ۋە بىھوش بولۇپ كەتتى. ئەسلى شېئىر بۇ ئىدى:

ساڭا يۈز شۈكۈر، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخانى پاناھ قىلدىڭ...

نەفسی کەچە ـ کۈندۈز قىل دۇئا تەگرى تەقد سىغە ،①
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا ، قاتىغ گۇناھ قىلدىڭ .»

مۆجىزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتانئابدۇرەشىد خان ئۆزىنىڭ ئالدىدا بىر سازەندە ـــ مۇقامچىلا ئەمەس ، بەلكى نەفسى تە خەللۇسلۇق بىر شائىرەنىڭ تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ ئون ئۈچ ياشلىق بىر قىــزنىــڭ بۇنچىلىك تالانتىغا گۇمان بىلەن قاراپ ، ئۆز ئالدىدا بىر شېئىر يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ . قىز خانغا قارىتا مۇنۇ فەردنى يازىدۇ :

يارەب ، بۇ بەندى قىلدى ئەجەب سۇئى زەن ② ماڭا ،
گويا بۇ ئۆيگە ئۈندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا .

ئاخىرى خان ئامانىساخاننى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ .

«تـەۋارىـخـى مـۇسىقىيۇن»دا يەنە : «بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى . خۇدايتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل- پاراسەت ئاتاقىلغان ئىدىكى تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . (ئۇ) ‹دىۋان نەفسى › نى يازدى. خوتۇن- قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقىي جە مىـلە ›(گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى ، ‹ شورۇھۇلقۇلۇپ › (قەلـبلـەر شـەرھى) نـاملىق بىر رىسالە يازدى . شائىرلىق ، مۇغەننىلىك ، خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز ، ‹ ئىشرەت ئەنگىز › شادلىـق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى ... مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان» دەپ يېزىلغان .

بـۇنـىڭدىن بىز ئامانىساخانىڭ مىلادىيە 1550 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىـرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىمىز .

مـەلـىـكـە ئامـانـىـسـاخـان (نەفسى) قىدىرخان يەركەندى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقى بولغان «ئون ئىككى مـۇقـام» نـى رەتلەش ئىشىغا قوشقان ئاجايىپ زور تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

---

① تەقدىس ـــ مۇقەددەس .
② سۇئى زەن ـــ يامان كۆزى بىلەن قاراش .

# مەجلىسى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ «دىۋان مەجلىسى» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇلغان ئەدىبنىڭ ئىسمى ۋە تەرجىمىھالى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

«دىۋان مەجلىسى» ئاپتورىنىڭ شېئىرلار توپلىمى بولماستىن، بەلكى، نەزمى شەكىلدە يېزىلغان «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» داستانىدۇر. «دىۋان مەجلىسى» دېگەن ئىسىم ئاپتورىنىڭ ئۆز نامىنى ئەسىرى بىلەن باغلاش يۈزىسىدىن قويۇلغان بولسا كېرەك.

«قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» نىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى «مىڭ بىر كېچە» دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ شۇ مەزگىلگىچە بولغان ئارىلىقتا نەسرىي ۋە نەزمىي داستان شەكلىدە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان ھەمدە فارس - تاجىك تىلىدىكى يازما ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى.

مەلۇمكى، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» داستانى فارس - تاجىك تىلىدا يارىتىلغان نەسرىي قىسسىلەردىن ئىلھاملىنىپ يېزىلغان. لېكىن ئۇ ئاپتورىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بولۇپ، «مىڭ بىر كېچە» ۋەقەلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدىكى پەرق روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

داستاننىڭ ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى ئەڭ دەسلەپ 1807 - يىلى قازاندا «سەيفۇلمۇلۇك ــــ بەدىئۇلجامال» نامىدا؛ 1840 - يىلى قازاندا «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» نامىدا؛ «1870 - يىلى پېتېربۇرگتا، 1903 ۋە 1098 - يىللاردا قازاندا «سەيفۇلمۇلۇك» نامىدا؛ 1092، 1909 ۋە 1914 - يىللىرى قازاندا «قىسسەئى ئابدۇلمۇلۇك» نامىدا نەشر قىلىنغان. داستاننىڭ 1840 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى «مەجلىسى» قەلىمىگە تەئەللۇق

بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئۆزى ھەققىدە:

«ئوقۇبان مەجلىسنى ياد قىلىڭ،
دۇئا بىرلە ئانى سىز شاد قىلىڭ.
تىلەكدۇر دۇئا ئۆزگە سۆزۈم يوق،
بۇ دۇنيادا سۆزۈم قالغاي ئۆزۈم يوق.

دەپ يازغان.

«قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» ھىجرىيىنىڭ 960 - يىلى (مىلادىيە 1552 - 1553 - يىللار) يېزىلغان. ھەسەن نىسارىينىڭ 16 - ئەسىردە يازغان مۇزەككىرۇل - ئەھباب» تەزكىرىسىدە بېرىلگەن بىر ئېپىزوتتا مەجلىسنىڭ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ھۇزۇرىدا تۇرغانلىقى، ئىككى تىلدا (تۈركىي ۋە فارسىي تىل) تۈرلۈك ژانىرلاردا شېئىرلار يازغانلىقى، بابۇرنى خاپا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوردىدىن ھەيدىۋېتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ھەمدە مەجلىسنىڭ فارس تىلىدىكى قەسىدىسىدىن بىر بېيىت بېرىلگەن. بابۇرنىڭ كابۇلدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيە 1504 - يىلدىن كېيىنكى مەزگىلگە تەئەللۇق بولۇپ، يۇقىرىقىلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ قارىغاندا، شائىر مەجلىسنىڭ ئىجادىي ھاياتى 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ.

«قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» داستانى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي تىلى) بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە شائىر:

«ئەرىخ تۈركى تىلغە نەزمى ئېتىپمەن،
ھەۋەس بىرلە ئوقۇپ مەۋزۇن ئېتىپمەن.»

دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ.

ئىشقىي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان ئېپىك ئەسەر — «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» تە مىسىر پادىشاھى ئاسىمنىڭ ئوغلى سەيفۇلمۇلۇكنىڭ دادىسى ئۆزىگە تەقدىم قىلغان تونغا كەشتىلەنگەن گۈلىستان ئېرەمدىكى دېۋىلەر شاھى شەھبالنىڭ قىزى بەدىئۇلجامالنىڭ

سۇرىتىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولغانلىقى ، ئۇنىڭ مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش يولىدا بېشىدىن كەچۈرگەن كەچمىشلىرى ۋە ئاخىر مەلىكە بەدىئۇلجامال بىلەن تېپىشىپ ، ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئەپسانىۋى - فانتازىيىلىك ئامىللارغا بايلىقى ، رەڭدار ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇشى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. شۇنداقلا ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ۋەقەلىك ۋە تەپسىلات ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇلاردا بايان قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تونۇلغان يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇشى سۈپىتى بىلەن ، شائىر مەجلىسىنىڭ نامىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

# شاھ مەھمۇد جۇراس

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان تارىخچى شاھ مەھمۇد جۇراس تەخمىنەن 17 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى يەكەندە دۇنياغا كېلىپ، 1700 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى مىرزا فازىل جۇراس بولسا، يەكەندىكى ئۇيغۇرلاشقان موگغۇل جۇراس بەگلىرىنىڭ ئىچىدە خېلى ئابرويغا ئىگە بىر زات بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇللىتىپ خان، ئەھمەد خان ۋە ئابدۇللا خانىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قوشۇن ۋە باشقا ساھەلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. ① شاھ مەھمۇد جۇراس يەكەن ۋە قەشقەر مەدرىسىلىرىدە تەربىيىلىنىش داۋامىدا ئەرەب، فارس تىللىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، بىلىم دائىرىسى كەڭ بىر شەخس بولۇپ يېتىلىپ چىققان. بولۇپمۇ ئۇ تارىخ ئىلمى ساھەسىدە تونۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن بەگلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «يەكەن پادىشاھلىرىدىن ئابدۇللا خان، ئىسمائىل خان، ئابدۇرەشىدخان ۋە مۇھەممەد ئەمىن خانلارنىڭ نامىدا ئىككى - ئۈچ پارچە تارىخ كىتابىنى يېزىپ چىققان.» ②

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى ئەسىرى «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» ياكى «تارىخىي شاھ» بولۇپ، ئۇ ئەسەر ئىسمائىل خان دەۋرىدىكى (1670 — 1682) يەكەن ئەمەلدارى ئىركەبەگنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا 1672 - يىلدىن 1676 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا فارس تىلىدا يېزىپ چىقىلغان. ئەسەردە ئاساسەن 1428 - يىلدىن

---

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1051 - بەت.

② «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989)، 237 - بەت.

1670 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى موغۇل ۋە يەكەن خانلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاكىموشكىننىڭ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىشى، «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» دېگەن نام بىلەن 1966 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخىي ھۆججەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ھەمدە مەزكۇر نەشرىي نۇسخىدا پارسچە ئەسلى تېكىستىمۇ بېرىلگەن. ①

ئەسەرنىڭ مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان» ۋە «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق يەنە بىر نۇسخىسى بولغان. بۇ نۇسخا ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ناملىق شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. ②

« ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى » نىڭ فارس تىلىدىكى بىر نۇسخىسىنى تاتار ئالىمى نوشرۋان يائۇشىۋ 1914 ـ يىلدىن 1915 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە خوتەن قاراقاشتىن تېپىپ، ئەسەرنىڭ يۇنۇس خاندىن ئابدۇكېرىم خانغىچە بولغان قىسمىنى «شورا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىلدىكى 19 ـ سانىدىن 23 ـ سانىغىچە بولغان بەش سانىدا « ‹ئالتە شەھەر تارىخى › دىن بىر پارچە» دېگەن نام بىلەن تاتار تىلىدا ئېلان قىلغان. «شورا» دا ئېلان قىلىنغان «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» «تارىخى شاھ مەھمۇد جۇراس» قا مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بايان قىلىش تەرتىپى، مەزمۇنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شاھ مەھمۇد جۇراس ھىجرىيە 1097 ـ (ملادىيە 1686 ـ) يىلى ئاللايار ئىبنى ساتىم بېينىڭ تەشەببۇسى بىلەن، يەنە «تارىخى رە-

---

① مەزكۇر فارسچە ئەسلى تېكىستىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى 1989 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى.

② «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1053 ـ بەت.

شىدى (زەيلى)» (زەيلى — داۋامى مەنىسىدە) ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىقتى. ①فارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» تىن كېيىن يازغان نوپۇزلۇق ئەسىرى بولۇپ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي جەريانلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ۋەقەلەر ۋە ۋاقىتىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» تىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، شۇنداقلا، ئاپتور ئۆزىنىڭ «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» ناملىق ئەسىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە يېزىلغان بولۇپ، ② ئۇنىڭدا قاراقىتان خانلىقىنى قۇرغان گورخاندىن (1131 — 1143) تارتىپ 1699 - يىلغىچە بولغان بەش يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك مەزگىلدىكى تارىخىي ۋەقەلەر، ئاساسلىقى، ئابدۇكېرىم خاندىن (1560 — 1591) مۇھەممەد ئىمىن خانغىچە بولغان 139 يىللىق تارىخ بايان قىلىنغان. ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تارىخ بايان قىلىشقا مەندەك ئاجىز، كۆڭلى سۇنۇق كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى. ئەمما، مىسكىن بەندىنىڭ كۆڭلىگە يەتتىكى، مىرزا ھەيدەر ھەزرەت ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىغا ئاتاپ تارىخ يېزىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ھەزرىتى ئابدۇرەشىدخاننىڭ زامانىسىغىچە ئۆتكەن ھەرقايسى پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپتۇ. ھەزرىتى ئابدۇكېرىم خاندىن ھەزرىتى ئەلانىڭ زامانلىرىغىچە ھېچكىم تارىخ پۈتۈپ بايان قىلماپتۇ. نالايىق بولسامۇ، ھەزرىتى ئابدۇكېرىم خاندىن ئاۋۋالقى تەرەپلىرىنى تارىخ كىتابلىرىدىن نەقىل ئېلىپ، قالغان قىسمىنى سۆزىگە ئىشەنچ قىلغۇدەك كىشىلەردىن ئاڭلاپ سىلىشتۇرۇپ، ئابدۇكېرىم خاندىن باشلاپ، ھەزرىتى ئەلا، يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ مۇبارەك ناملىرىغىچە قۇدرىتىمنىڭ يەتكىنىچە تارىخ قىلىپ يازدىم. ئۆتكەن ئادالەتشۇئار پادىشاھلارنىڭ بايانلىرى ھەممە غەيرەت - شىجائەتلىك، بەختلىك ھەزرىتى ئەلانىڭ مۇبارەك ناملىرى، ئادالەت ۋە قەھرىمانلىقلىرى ھەممە بۇ

---

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1053 - بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر. 1055 - بەت.

قـوللارنـىـڭ دۇئا گـۇيـلـۇقـى ئەل ئارىـسىدا يادىكار قالسۇن دەپ ، ئاللايار بىينىڭ ئىلتىماسى بىلەن يېزىپ چىقتىم .»①

مـىلادىـيـە 1696 ـ يـىلى شاھ مەھمۇد جۇراس يەنە دىنىي تېمىدىكى «ئەنـىسـت تـالـىـبىن» («تەلەپكارلار نەسەبنامىسى») ناملىق ئەسەر يازغان . ئەسـەر ئەيـنـى زامـانـدىكى يەكەن ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بـىـلـەن يـېـزىـلـغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تـارىـخـى (تـۆت خەلىپە دەۋرى) ، 12 ئىمام ، نەقشىبەندىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يـەكـەن خـانـلـىـقـىـدىـكـى ئاساسلىق ۋەكىللىرى ، بولۇپمۇ ، «ئىسھاقىيە» ئىشانلىرىنىڭ تارىخى ، دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان . ئەسـەر فـارس تـىـلـىـدا يـېـزىـلـغان بولۇپ ، ئۇنىڭ يەكەندە ئەبۇ مەنسۇر تـەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «رەفىقۇل تالىبىن»(«ھەقىقەت ئىزلىگۈچىلەر دوستى») ناملىق بىر قول يازما نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىنىڭ مىلادىيە 1864ـ 1865 ـ يـىـلـلـىـرى مـوللا ئەخـمەد ئوغلى موللا مۇھەممەد سوپى تەرىپىدىن كـۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان برونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا .②

شـاھ مـەھـمـۇد جـۇراس ئۇيـغـۇر تـارىـخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مىرزا ھەيـدەردىـن كـېيىنكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى سۈپىتىدە «تارىخىي رەشـىـدى» نـىـڭ مەزمۇنىنى بىر يېرىم ئەسىر سۈرۈپ ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تارىخى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ بـېـرىـپلا قـالماي ، يەنە ئۆز«تارىخىي رەشىدى (زەيلى)»ناملىق ئەسىرىدە يەـ كـەن خـانـلـىـقـى دەۋرىـدە ئۆتـكـەن سـۇلـتـان سـەئـىـدخـان ، سـۇلـتان ئابـدۇرەشىدخان ، ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرـ لـىـرى ھەقـقـىـدە قـىـمـمـەتـلـىـك مـاتېرىياللارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبـىـيـاتـى تـارىخىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىدى ۋە بېيىتتى . ئەسەردە يەنە شـاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئۆز شېئىرلىرىمۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئۇچرايدۇ .

---

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل ، 1054 ـ بەت .

② «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، 1056 ـ بەت .

# خىرقەتى (گۇمنام)

شائىر خىرقەتىنىڭ ① قىسمەن تەرجىمىھالى ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق لىرىك داستانىدىن بىزگە مەلۇم. شۇ داستان ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەنگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر مىلادىيە 1634 - يىلى كاشغەر (قەشقەر) شەھىرىنىڭ تازغۇن (ھازىر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە) نىڭ «باغچى» يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. «يېڭىشەھەردە ۋە قەشقەردىكى مەشھۇر ساجىيە مەدرىسىدە 16 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، فارس تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئەرەب ھەم شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى بىلەن تونۇشقان. كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى بولغان باغۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. 30 ياشقا تولغان مەزگىلىدە دادىسى خوجامقۇلى بىلەن بىرگە ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدا باغۋەن، چىراغچى، كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەن.» ②

خىرقەتىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ، ئۆز ئىجادى بىلەن پەرۋاز قىلىشقا كىرىشكەن مەزگىللىرى يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە، يەنى خانلىق پۈتۈن ئالتەشەھەردە يامراپ كەتكەن تەسەۋۋۇپىنىڭ سوپى - ئىشانچىلىق ئېقىمىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان يولسىز ھەرىكەتلىرى، پاراكەندىچىلىكى، تەھدىت - ئارىلىشىشلىرى نەتىجىسىدە ئېغىر كرىزىسكە دۇچ كەلگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە

① «خىرقەتى» — يانغان، كۆيگەن مەنىسىدە. مەزكۇر شائىرنىڭ ئىسمى بۇرۇن خاتا ھالدا «خىرقىتى» دەپ يېزىلىپ ۋە ئاتىلىپ كەلگەن.

② ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987، 742 - 743 - بەتلەر.

قەشقەرگە چەتتىن كەلگەن تەسەۋۋۇپچى سوپى ـ ئىشان خوجىلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ھىدايىتۇللا (ئاپاق) خوجا بوۋىسىنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بوۋىسى تۈزگەن «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ پىر ـ ئۇستازى ئورنىغا كۆتۈرۈلۈپ، مىستىك تەسەۋۋۇپ ـــ سوپى ـ ئىشانچىلىقنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە ماۋەرائۇننەھىردە زور تەسىر كۆچىگە ئىگە پىرى سۈپىتىدە تونۇلغاندى. ئۇ ئەينى مەزگىلدە «خوجام پاشا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، قەشقەر ئاھالىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلانغان. شۇ جۈملىدىن، ھىرقەتىمۇ دادىسى بىلەن بىللە ئۆز يېزىسىدىكى ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يازلىق قارارگاھى، «گۈلباغ» دەپ ئاتالغان باغدا ئىشلەش جەريانىدا ھىدايىتۇللا خوجىغا مۇرىت بولغان ۋە پەيدىنپەي ئۇستازىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى، «ئەھلى ھىرقە» پېشىۋاسى بولۇپ تونۇلغان.

ھىرقەتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىنى مىلادى 1670 ـ يىلى 36 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە يازغان. چىن سۆيگۈ (ئارزۇ، ئەقىدە) بىلەن مېھنەت قىزغىن مەدھىيىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كونكرېت سىمۋولىستىك ئوبرازلار، كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزكۇر داستان ھىرقەتىينىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە كامالەتكە يەتكەن لىرىك شائىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆز داستانلىرى بىلەن تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئىجادىنى ئالدى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋى، رۇبائى قاتارلىق شەكىل ـ تۈرلىرىدىن باشلىغان، لىرىك داستانچىلىق ئۇلار ئىجادىنىڭ كېيىنكى يېتىلگەن پەللىسى ھېسابلانغان. شۇنداق ئىكەن، ھىرقەتى ئىجادىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان لىرىك شېئىرلىرى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەنمۇ؟

1957 ـ يىلى شائىر ئەرشىدىن تاتلىق يەكەنلىك سايىم ئاخۇن دېگەن كىشىدىن ئېلىپ كەلگەن، باش ـ ئاخىرى تولۇق

بولمىغان بىر قول يازما غەزەللەر توپلىمى (كۆچۈرمە نۇسخا) دىن بىرقانچە غەزەل شائىرت . ئېلىيۇپىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1963 - يىلى « شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ( هازىرقى « تارىم » ) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى . بۇ غەزەللەر « گۇمنام » ( فارسچە : نامسىز ، نامى ئۆچكەن ) تەخەللۇس شائىرنىڭ بولۇپ ، ئۇنىڭ غەزەلـ لىرىدىكى :

«كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر ،
دىلكۇشا ئىشرەت فەزا ھەر سەبزە زارى كاشغەر .»

دېگەن مىسرالار ھەمدە «نەھ جەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار» دەپ باشلانغان غەزىلىدىن ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۆۋە - ئىستىغبار مەزمۇنىدا يازغان :

«ئاتام ئاتى خوجەم قۇلى خوجەدۇر ،
زاھىرى قۇل ھەقىقەتى خوجەدۇر .»

دېگەن مىسرالاردىن ، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى قاتارلىق تەرەپلىرىدىن كىشىلەر «گۇمنام بىلەن ھىرقەتى بىر كىشىمۇ قانداق ؟» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشكەنىدى .
گۇمنام غەزەللىرى 1981 - يىلى تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ تەرىپىدىن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3 - سانىدا (ئومۇمىي 5 - سان) بىرقەـ دەر تولۇق ئېلان قىلىندى . مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئۆزىنىڭ «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» سۆزىدە «گۇمنام بىلەن ھىرقەتى بىر شەخسمۇ ياكى قېرىنداشلارمۇ ؟»دېگەن سوئالنى ھەمدە «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1987 - يىلدىكى ئومۇمىي 18 - سانىدا گۇمنام ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئۇستىدە مەخـ سۇس توختىلىپ ، «گۇمنام بىلەن ھىرقەتى قېرىنداشلار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى .
« تەركىرەئى قەلەندەران » ئەسىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ

مەزمۇنىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر تارىخىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ بولسىمۇ، ھىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشىدۇر. ①

«تەزكىرەئى قەلەندەران» نىڭ ئۇچىنچى لەۋھەسىدە مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ:

«پىرمەت سىپارى رىۋايەت قىلىدىكىم، بىر نەچچە پۇرسەت پىقىر ۋە مەشرەبى مەجزۇب خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۈلباغ مەۋزەئىنىدىكى بىغىدا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەتىسمال باغنىڭ مۇتەسەددىسى خوجا پاشا خىشەلىرى بولمىش مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى ئىدى. مەزكۇر ھىرقەتى يەنە گۇمنام تەخەللۇس قىلۇر ئەردى. ئانىڭ قەلەمدىن بەغايەت پۇرمەئنى ئەبىياتلار زۇھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىشتى.»

باباراھىم مەشرەپ مىلادىيە 1665 ـ يىلىدىن 1672 ـ 1673 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىدايىتۇللا خوجىغا مۇرت بولۇپ، گۈلباغدا ھىدايىتۇللا خوجا خىزمىتىدە بولغان. مەشرەپ ئىجادى ئەنە شۇ چاغدا يۇكسىلىش ۋە تونۇلۇش مەزگىلىگە كىرگەن. ئەلۋەتتە، ئۇخشاش بىر مۇھىت ئىچىدە ياشاش داۋامىدا گۇمنام (ھىرقەتى) بىلەن مەشرەپ ئىجادىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكىنى ئېنىق. گۇمنام غەزەللىرىدىكى مەشرەپ قاراشلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، مەشرەپكە تەقلىد قىلىنغان تەرەپلەر بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بابا رەھىم مەشرەپ

① «تەركىرەئى قەلەندەران» ھازىرقى تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ بوستانلىق ناھىيىسىدىكى باغىستان يېزىسىدىن بولغان ئىسھاق ئىبن زىياۋىددىن تەرىپىدىن ھىجرىيە 1130 ـ (مىلادىيە 1719) يىلى يېزىلغان ئەسەر. ئۇنىڭ قول يازما نۇسخىسى 1950 ـ يىللاردا ئۆزبېكىستاننىڭ لېنىنئاباد شەھىرىدە، فىلولوگىيە پەنلەر كاندىداتى موھسىن زاكىروۋ تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى بەش لەۋھەسى ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىل 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

كېيىن ئۆز ئىجادى ۋە ئەمەلىيىتىدە مىستىك تەسەۋۋۇپنىڭ سوپى ـ ئە-
شانچىلىق يولىغا ، كلېرىكالىزمغا ① قارشى مەيدانغا ئۆتكەن . نەتىجىدە ،
گۇمنام بىلەن مەشرەپ بىر ـ بىرىگە زىددىيەتلىك شەخسلەرگە ئايلانغان .
بابا رەھىم مەشرەپنىڭ يېقىن ھەمراھى پىرمەت سېتارىنىڭ «كىتابى قىس-
سەت ئاشىقى مەشرەپ ۋە لىئۇللاھ» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا يېزىلغان
«تەزكىرەئى قەلەندەران» دا گۇمنام پۈتۈنلەي سەلبىي شەخس ئورنىدا با-
يان قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەسەر مۇئەللىپى گۇمنامنىڭ ئەينى دەۋردە
تونۇلغان ، تالانتلىق بىر شائىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېيتىپ
ئۆتۈشتىن ئۆزىنى تارتمىغان .

گۇمنامنىڭ مەشرەپكە مۇشائىرە تەقلىتىدە يېزىلغان «مەشرەپ
مەن» رادىفلىق غەزىلىدىن بىز گۇمنام بىلەن مەشرەپ ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى كۆرۈۋالىمىز .

گۇمنام مۇنداق دەيدۇ :

«تاپىپ مەشرەپ يولىن تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام ،
ئېمەسمەن چىزى تائەت ② ، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەپ مەن .»

بىز مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى قويۇپ ، گۇمنام غەزەللىرىنىڭ
ئاساسىي تېمىسىغا ئۆتكىنىمىزدە ، ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا ئورتاق
بولغان «ئىشق ـ ئاشىقلىق» نىڭ ئاساسىي ئورۇن تۇتۇش بىلەن بىللە ،
يەنە بۇ دۇنيادىكى گۈزەللەر ، گۈزەللىكلەر ، دوستلارغا بولغان سۆيگۈ-
نىڭمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرىمىز . چۈنكى ، كۆپلىگەن
تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ قارىشىچە ، بۇ دۇنيادىكى گۈزەللىك-
لەر ئاللاھ گۈزەللىكىنىڭ ئۆلاردا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ، ئۇنى سۆيۈشمۇ
ئاللاھنى سۆيۈشتۇر . ئاللاھنى ئۆز قەلبىگە پۈككەن (ئاللاھ بىلەن بىردەك-
لىك ھاسىل قىلغان) قەلبى نۇرلۇق كىشلەرنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي

---

① كلېرىكالىزم ـــ مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىغا چېركاۋ
ئىدىيىلىرىنى سىڭدۇرگۈچى ئەكسىيەتچى ئېقىم .

② چىزى تائەت ـــ بويسۇنغۇچى ، ئىتائەت قىلغۇچى مەنىسىدە .

سۆيـگـۈسمۇ ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ ئىنساندا نامايان بولۇشى ھېسابلىنىدۇ ، مـەلـۇمـكـى ، ئاللاھ ھەر بىر شەيئىدە نامايەندۇر . شائىر گۇمنامنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىدىن بىز ئانا يۇرت سۆيگۈسىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئىپادىسىنى كۆرىمىز :

«مەززەئى ①لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر ،
ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر .
ئىشقۇ ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر ،
تۇپراقى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر .
دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي ،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر .
ئابى رۇكناباد ②، گۈلگەشتى مۇسەللا ③ سەھل ئېرۇر ،
خۇلددىن ④ ئەفزۇن تۇمەنمىڭ لالەزارى كاشغەر .
ئەيش ئەھلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئېسى ،
چۇن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارۇ زارى كاشغەر .
ئۇدۇ ⑤ ئەنبەر تۇفراغىدۇر ، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى ،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر .
ياپەرى ياھۇر ياباغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس ،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر .
ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زەندۇر لەب چۇقەند ،
نارى خەندان ⑥، سىبى رەئنا ⑦ ، ھەر نە بارى كاشغەر .»

---

① مەززەئى ـــ تېرىلغان ، تېرىلغۇ قىلىنغان .
② ئابـى رۇكـنـابـاد ـــ ئـىـرانـنـىـڭ شىراز ۋىلايىتىدىكى رۇكناباد دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا .
③ گۈلگەشتى مۇسەللا ـــ گۈلگە پۈر كەنگەن (گۈزەل) چوڭ نامازگاھ .
④ خۇلد ـــ بىر جەننەتنىڭ نامى .
⑤ ئۇد ـــ خۇش پۇراق بىر خىل دەرەخ .
⑥ نارى خەندان ـــ كۈلۈپ تۇرغان ئانار .
⑦ سىبى رەئنا ـــ قىزىل ئالما .

شائىر گۇمنام پاك ئىنسانىي سۆيگۈ تېمىلىرىدا ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىغا يېقىندىن ياندىشىدۇ . مەسىلەن :

«قايسى توبى جىلۋەسى سەرۋى خىرامانىڭچە بار ،
قايسى كەۋسەرنىڭ زۇلالى ئابىھەيۋانىڭچە بار .»
(نەۋائى)

«قايسى گۈلشەن گۈلبۇنى سەرۋى خىرامانىڭچە بار ،
قايسى گۈلبۇن ئۈزرە غۇنچە لەئلى خەندانىڭچە بار .»
(گۇمنام)

شائىر گۇمنام ئۆزىنىڭ كېيىن يازغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق لىرىك داستانىدا «ھىرقەتى» نى تەخەللۇس قىلىدۇ . داستان شائىرنىڭ «ئەھلى ھىرقە» پېشىۋاسى بولۇپ تونۇلغان مەزگىلىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا خاس «ئىشق ـ ئاشىقلىق» نى ئۆزىگە باش تېما قىلىپ ، تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ بىر قاتار قاراشلىرىنى ئۆزىدە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ . لېكىن ئۇ بۇنىڭدا مىستىك تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىگە ئەمەس ، بەلكى تەسەۋۋۇپنىڭ بىرىنچى ئېقىمىنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى بولغان فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئەسىرىگە ھەمدە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئىزىدىن مېڭىپ ياراتقان «لىسانۇتتەير» ئەسىرىگە يېقىندىن ياندىشىدۇ .

شائىر ھىرقەتى (گۇمنام) ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ مەلۇم يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكى ؛ چوڭقۇر لىرىك ، رومانتىك پىكىرلەر ئارقىلىق مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ بىرلىكى ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى مېھنەت ۋە مۇھەببەت پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ، مۇھەببەتنى ، ئەمگەكنى ، ئادەمنى ئۇلۇغلىغانلىقى ، شۇنداقلا ، داستاننىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتى ۋە بەدىئىي تىل نۇقتىسىدىن ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەردۇر .

# ئابىد قۇمۇلى

شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان چاغلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە:

«بۇ سائادەتغە سېنى يەتكۈزدى، ئابىد، شۈكۈر قىل،
غازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى.»

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ 1668 - يىلدىن 1691 - يىلغىچە قۇمۇلدا دەۋران سۈرگەن ئەبەيدۇللا غازى بەگ دەۋرىدە ياشىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد شاھ غازى يەكەن خانلىقىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن 1605 - يىلى قۇمۇلغا ئەمىر بولغان. ئاتىسى ئۆلۈپ، ئەبەيدۇللا غازى بەگ قۇمۇلغا ئەمىر بولغان مەزگىلدە يەكەن خانلىقى پارچىلىنىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان يۈتۈۋېلىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا تەدبىر قوللانغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. نەتىجىدە، قۇمۇل غالدان تەرىپىدىن جۇڭغار-خانلىقىغا قوشۇۋېلىنىدى. غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ئەبەيدۇللا غازى بەگ جۇڭغارلار ئاسارىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، چىڭ ئوردىسىغا بەيئەت قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرۇپ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك تارخان بەگلىك ئۇنۋانىنى بەرگەنىدى. شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ غەزىلىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ ھامىيلىقىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «باياز» (بىرلەشمە شېئىرىي توپلام) نامدىكى قول يازما توپلامغا شائىرنىڭ جەمئىي 34 غەزىلى، 69 رۇبائىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ غەزەل، رۇبائىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن ۋە رەتلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، شائىر ئابىد قۇمۇلى ئەينى زاماندىلا ئۆز شېئىرلىرىنىڭ مۇكەممەل دىۋانىنى تۈزگەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ دىۋانى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق.

ئابىد قۇمۇلى غەزەللىرىدە تېما، خاھىشچانلىق تەرىپىدىن نەقشىبەندى ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى بىلەن مەلۇم بىردەكلىك چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ غەزەللىرىدە ئىزچىل قوللىنىلغان «ساقىي»، «جام» (ئاپتور ئۇنى بەزىدە ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە «پىيالە»، «ئاياغ» دەپمۇ ئالىدۇ)، «مەي»، «مەيخانا» دېگەنگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئوبرازلىق ئىبارىلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر ئىجادىدىن يەنە ئۆز دەۋرىدىكى مەشرەپ ئىجادىغا مەنسۇپ بولغان ئىسيانكارلىقنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

مەسىلەن:

«زاھىد، ساڭا مەسجىدۇ ماڭا مەيخانا،
جەننەت ساڭا بولغۇسى ماڭا جانانە.
ھەريەردە تاپارغە يوق تەفاۋۇت ① ئانى،
گەر كەبئە ئىچىدە بول ۋە گەر بۇتخانە.»

قىسقىسى، ئابىد قۇمۇلىنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە بەدىئىي سەنئىتى جەھەتتىدىن يەكەن خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى بىلەن خوجىلار ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغانلىقى بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

---

① تەفاۋۇت ـــ ئايرىماق، پەرق.

# موللا پازىل

يېقىندا شائىر موللا پازىلنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» ناملىق قول يازما داستانىنىڭ تېپىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنىشى (رەجەپ ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان) بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى يەنە بىر يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولدى.

موللا پازىلنىڭ بۇ قول يازما داستانى 254 بەت بولۇپ (باش - ئاخىرى ۋە ئارىسىدىن بىرقانچە بەت يوقالغان)، ھەر بېتىدە 2×11 مىسرادىن جەمئىي 5592 مىسرا شېئىر بار. داستان ئەسلى 87 ماۋزۇ بىلەن تۈگىگەن بولسا كېرەك. لېكىن قول يازمىدا كاتىپ پەقەت 65 ماۋزۇنىلا يېزىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ماۋزۇ ئورنىنى ئاق تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. داستانىنىڭ ئالدىنقى 15 ماۋزۇسى دىباچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاغا، مۇھەممەد پەيغەمبەرگە، ئۇنىڭ چاھارىيارلىرىغا، ھەسەن - ھۈسەنلەرگە نەئت ۋە مەدھىيىلەر ئېيتىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى قەلەم، قەغەزنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق ۋاستىلىك، كېيىنكى ماۋزۇلاردا بىۋاستە بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى 15 - ماۋزۇ — «موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى» بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئۇ بىزنى مۇئەللىپ ھەققىدىكى بەزى مۇھىم پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماۋزۇ ئاستىدا شائىر ئۆزى ھەققىدە:

ئاتىم فازىل ئىدى بولدى كىچىك نام،<br>
«كىچىك» دەر ئېردى بارچە خاس ئىلە ئام.

دەپ يازسا، ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە:

كىتابىم تەئرىخى «قايغۇ» دا ئېردى ،
دېمەك غەم غۇسسەئى قايغۇدا ئېردى .

دەپ يازىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن ، شائىرنىڭ ئىسمى پازىل بولۇپ ، «كىچىك» تەخەللۇسى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيىنىڭ 1117 - يىلى (مىلادىيە 1705) يازغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ . شائىرنىڭ :

ئۆزۈمنىڭ سنۇسالىم «ھەمدە» ئېردى ،
دىلۇ جانىم ، خىيالىم غەمدە ئېردى .

دېگەن مىسرالىرىدىكى «ھەمدە» سۆزى ئەبجەد ھېسابى بويىچە 52 رەقەمنى كۆرسىتىدۇ . دېمەك ، موللا پازىل بۇ داستاننى يازغان ۋاقىتتا 52 ياشقا كىرگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادى 1653 - يىلغا توغرا كېلىدۇ .

ئاپتورنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغانلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇ كۆڭ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، ھاياتى كەمبەغەللىك ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن . يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن تۇرمۇشىدىكى كەم - كۇسىلىرىنى تولۇقلىيالماي ، ئىجارە ھەققى ، قەرزلىرىنى تۆلەپ بولالماي ، ھاجەتمەنلىك ، موھتاجلىق ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ، غەم - قايغۇغا چۆمگەن . داستاننىڭ 15 - ماۋزۇسىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان بايانلىرى ھەمدە 14 - ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن بايانلاردىن بىز بۇ خىل ئېچىنىشلىق قىسمەتنىڭ رىياكار سوپى - ئىشانلار ۋە خوجىلار ، جوڭگار ئاقسۆڭەكلىرى خەلقنى تەرەپ - تەرەپتىن ئاچ بۆرىدەك تالاپ ، يىلىكىنى سورۇاۋاتقان ، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ئەنە شۇ دەۋردە يالغۇز موللا پازىلنىڭلا ئەمەس ، بەلكى ، يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .

موللا پازىل شان - شۆھرىتى ، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرى

دەپسەندە قىلىنغان خەلقنىڭ ئىغىر ، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ، مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىجتىمائىي ئاپەت تۇپەيلىدىن ۋەيران بولغان يۇرتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى خېلى كۆپ مىسرالاردا ئىنتايىن ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەپ ، ئۆزىنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس شائىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان .

موللا پازىلنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىن 221 يىل كېيىن يېزىلغان . مەزمۇن ، بەدىئىي قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن موللا پازىلنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» ى ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» ىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ . موللا پازىل ئۆز داستانىنى نەۋائىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدا ئۇچرىمايدىغان بىر مۇنچە ۋەقە ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقان ، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىققان . ئۇنىڭ داستانى تىلىنىڭ راۋان ، خەلق تىلىغا يېقىنلىقى ، ھېسسىياتىنىڭ ساپ ۋە قايناقلىقى ؛ ۋەقەلىكلەر ماھىرلىق بىلەن تەشكىللىنىپ ، ئاز گەپ بىلەن كۆپ مەزمۇن ئىپادىلەنگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ .

# مۇھەممەد سدىق زەلىلى

مۇھەممەد سدىق زەلىلى 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىدىن بىرى.

شائىرنىڭ ھىجرىيە 1157ـ يىلى(مىلادىيە 1744ـ 1745ـ يىللار)يازغان «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد بۇزرۇكۋار» ناملىق داستانىدىكى «ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى» ، «قىرىق يىلدىن تابۇ دەمغە ھىرقەپۇش» دېگەن مىسرالار ھەمدە ھىجرىيە 1131 ـ يىلى (مىلادىيە 1718 ـ يىل) يازغان «سەفەرنامە» سىدىكى «خەستە زەلىلىدۇر چۇ نادان ھۇنۇز ، بولمادى قىرىق ياشىدە مۇسۇلمان ھۇنۇز» دېگەن مىسرالىرىدا قەيت قىلىنغان سانلار بويىچە ھېسابلىغاندا ، زەلىلىنى تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . ئەمما ، شائىرنىڭ قانچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق .

شائىر ئۆز يۇرتى يەكەن شەھىرى توغرىسىدا :

«مېنى ئەۋارە قىلغان يەركەند شەھىرىدە ماھىمدۇر ،
قاراڭغۇ ئەيلەگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر .»①

دېگەن مىسرالارنى تىزغان .

زەلىلى بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى يەكەندە ئوقۇش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ . زەلىلىنىڭ بىر غەزىلىدە «يەكەن خانلىقى» نىڭ ئىككىنچى پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان زامانىسى (1533 ــــ 1560 ـ يىللىرى ) دا تەسىس قىلىنغان «خانلىق مەدرىسە» ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ، زەلىلى بۇ مەدرىسە ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ :

---

① دۇدى ئاھ ــ ئوتلۇق ئاھ .

«چەشمە چىراغى ھەمەئى مەملەكەت ،
رەۋنەقى باغۇ چىمەنى مەئرىفەت .

بىر تەرەفى مەدرىسەئى خانەدۇر ،
ئىلىم بىرلە فەزلى گۇلىستانىدۇر .

جەمئى ئىكەن مەدرىسەدە ئالىمان ،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جەھان ...

گەرھى مۇتالىئەدە ھەنگامە ،
دەرس بېرۇر ۋاقتىدە ئەللامە .

ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۇچۇن ،
مەسنەدى ھىكمەتتە فلاتۇن ئۇچۇن ...»

يۇقىرىدىكى مىسرالارغا ئاساسلانغاندا ، «خانىلىق مەدرىسە» زەلىلى ئاساسىي بىلىم ھاسىل قىلغان يۇقىرى ئوقۇش يۇرتى بولسا كېرەك . زەلىلى شېئىرلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە گۈزەل ئىبارىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا ، زەلىلى ئەينى دەۋر ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇللىرى بويىچە ئەرەب - پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن ، ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرى ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان .

مىلادىيە 1682 - يىلى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) مەلۇم ۋاسىتىلەر بىلەن «سەئىدىيە خانلىقى» نى يوقاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئالتىشەھەردە «ئاپاق خوجا» نىڭ سۇلۇكى ئاساس بولغان ئىشانلىق يامراپ كەتتى . ھەر خىل ناملاردىكى ، بولۇپمۇ ، ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلارنىڭ ناملىرى سۇيىئىستېمال قىلىنغان تۈرلۈك «مازارلار» كۆرۈنگەنلا جايدا تىكلىنىۋەردى . قىسقىسى ، سوفىلارچە تائەت - ئىبادەت ۋە مازار - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا سەدىقە - ساخاۋەت قىلىشنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ تەكىتلەيدىغان رىياكار

ئىشانلارنىڭ تەرغىباتلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەڭ تەسىرچان قىسمى بولغان ئەدەبىيات مەزكۇر مۇھىت ئىچىدە خىلمۇ خىل ئىدىيىۋى تۈس ئالدى.

زەلىلى مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان زاماندا ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشىغان ھەم ئىجاد قىلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

زەلىلى راسا يىگىتلىك قىرانىغا يەتكەندە، «ئىشق ئېتىبارى» بىلەن نەچچە ئون يىللاپ سەپەر مۇشكۇلىنى چېكىپ، نۇرغۇن مەنزىللەرنى كېزىدۇ. كاشغەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، تۇرپان، قۇمۇللارنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بارغانلا يېرىدە «ئاشىق قەلەندەر» تەرزىدە «مازارلار» نى تاۋاپ قىلىدۇ. 50 ياشلىرىدا خوتەنگە كېلىپ، ئۇزۇن مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. خوتەندىكى ئىجادىي ھاياتى داۋامىدا زەلىلى ئىدىيىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك خاھىشلىرى پەسلەپ، رېئالىزملىق خاھىش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە شائىر 18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلىگە ئايلىنىدۇ.

زەلىلى ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭدەك زەلىلى «قەسىدە» ۋە «تەزكىرە» لەر ئۈچۈنمۇ ئىجادىي كۈچ ۋە زېھنىنى سەرپ قىلغان. بولۇپمۇ «سەفەرنامە» داستانى ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر پاكىتلارنى ئىگىلەشتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەل سۆيەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

زەلىلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، غەزەلخانلىقتا نەۋائىي قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىبلەرنى ئۇستاز تۇتقان. شۇڭا ئۇنىڭ غەزەللىرىدىمۇ ھەزەج، رەزەج، رەمەل، مۇتەقارىپ، مۇنسەرىھ، تەۋىل، ھەفىف بەھرىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

زەلىلى ئۆز غەزەللىرىنى تولىراق بەش ياكى يەتتە بېيىتلىك قىلىپ يازغان. لېكىن ئۇنىڭ غەزەللىرى ئىچىدە يەنە 9، 15، 17، ھەتتا 25 بېيىتلىكلىرىمۇ بار. بۇنداق غەزەللەر قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن قەسىدە ياكى مۇناجاتقا ياتسىمۇ، زەلىلى دىۋانلىرىدا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە غە-

زەللەر رىتىگە كىرگۈزۈلگەن . زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە بەش بېيىتلىك 70 غـەزەل ، يـەتـتـە بـېـيـىـتلىك 65 غەزەل ، ئۇنىڭدىن قالسا ئالتە بېيىتلىك 15 غـەزەل ، سەككىز بېيىتلىك 13 غەزەل ، توققۇز بېيىتلىك 15 غەزەل بار . زەلـىـلـىـنـىـڭ ھازىـر سـاقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ئاساسەن سەككىز ژانىر (غـەزەل ، رۇبـائىي ، مۇخەممەس ، مۇستەھزاد ، قەسىدە ، ساقىنامە ، تەزكىرە ياكى داستان ، سەفەرنامە) دىن تەركىب تاپقان .

زەلـىـلـى «ھەقـىـقـىـي ئىشق» كويىدا يۈرگەن «دەرۋىش» سۈپەت «ئاشـىـق شـائىر» بولۇپ مۇناسىۋىتى بىلەن تائەت ـ ئىبادەتنى جان بېقىشـنـىـڭ ۋاسـىـتـىـسـى قـىـلـىـۋالغان تاماخور «رىياكار شەيخ» لەرگە نەپرەت بـىـلـدۈرۈپ ، ئۇلارنـى قـاتـتىق قامچىلايدۇ ؛ كىشىلەرنى سۆز ـ ھەرىكەتتە راسـتـچـىـل بـولـۇشـقا ، ھۆكۈمرانلارنى ئادىل ، ئىنساپلىق بولۇشقا دەۋەت قـىـلـىـدۇ ؛ مال ـ دۇنيا توپلاشقا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ، پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان پادىشاھلارنى «قارىغۇ» ، «ئىمانسىز» لار دەپ سۆكىدۇ .

زەلـىـلـى غـەزەلـلـىرىدىن نەغمىگە ئالاھىدە خۇشتارلىقى ، نەغمىنىڭ ھايـاتتىكى رولىنى ياخشى چۈشەنگىنى ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ :

«مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر پەردەئى ئىراق ،
مەشق جۇنۇندىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى ئەجەم ،

ئەجايىب مەجلىسى گەرەم ئولدى بۇ دەشتى بەيا بانىكىم ،
نەۋائى نالەئى مەجنۇن بىلەن ئاھۇ كەباب ئەردى .»

زەلىلى غەزەللىرىدە بەزى ئىنچىكە مەنىلەرنى بايان قىلىشتا مۇنازىرىلىك سوراق ئۇسۇلى ، تەمسىللەرىلەن خۇلاسىلەش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغـانـدىـن تاشقىرى ئىستىئارە ـ رەمزىلىك تەسۋىرلەر ، بولۇپمۇ ئوخشىتىش (تەشبىھ) ئاساسىدىكى ئىستىئارىلەر ، يەنى ئىما ـ ئىشارەت ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان، چوڭقۇر مەنىلىك تەسۋىرىي ئىبارىلەر كۆپ قوللىنىلغان. شۇڭا زەلىلى تىلىنىڭ گۈزەللىكى ، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ئوخشىتىشلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان شائىر .

# مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى

شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى مىلادى 1638 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانلىرى ئابدۇللاخان، يولۋاس سۇلتان ۋە ئىسمائىل خان دەۋرلىرىدە 40 يىل ياشىغان. ئاقسۇ، قەشقەر، بۇخارا مەدرىسلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى ۋە ئىلىم ـ پەن دۇردانىلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇنىڭ ئاخىرقى 52 يىللىق ئۆمرى ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە بىۋاسىتە قول سېلىشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن نىزالار، «ئاق تاغلىق»، «قاراتاغلىق» خوجىلار سىياسىي مەزھىپىنىڭ غەلىيانلىرى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاپاق خوجىنىڭ تەلىپىنى باھانە قىلىپ يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان ئۇرۇش پاجىئەلىرى، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇدھىش جاھالەتلىك يىللار قايىنىمىدا ئۆتكەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەنە شۇ مۇدھىش، پاجىئەلىك كۈنلەردە خەراباتى خەلقپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئەخلاقىنى بەلگىلىك يولغا سېلىش ئارزۇسى بىلەن ياخشىلىق، سەمىمىيلىك، قانائەت، سەۋر، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ھالاللىق، رەھىمدىللىك قاتارلىق تېمىلاردا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، يۇرتتا ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلدى. زالىملىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، تاماخورلۇق، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇققا ئوخشاش ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلدى.

خەراباتى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپ ئاشىق سۈپەت كۈن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە 13000

مسرادىن ئارتۇق مەسنەۋى شەكلدە يازغان شېئىرىنى رەتلەپ، ئۆزىنىڭ جاھالەتلىك دەۋرانغا قارشى شىكايەتنامىسى بولغان «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق توپلىمىنى ئىشلەپ چىقىدۇ.

شائىر 88 يېشىدا (مىلادى 1726 - يىلى) تۈزگەن «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» تېمىسىنىڭ كەڭ ۋە خىلمۇ خىللىقى (ئۇ 112 ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)، مەزمۇنىنىڭ مولluقى، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ئۇسلۇبى، ئۇيغۇر ۋە شەرق خەلقلىرى ئاغزاكى ئىجادىيىتى ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىدە ئىجادىي گەۋدىلەندۇرگەنلىكى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تىلىنىڭ ساددا ۋە ساپلىقى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ، شائىر ئىجادىنى ئورگىنالLIقا، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن، شائىر «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ 46 - ماۋزۇسى: «بۇ پەسىلدە دىن پۇرۇش ۋە دۇنيا تەلەب ۋە شەيخى زەر تەلەبلەرنى ئەيتۇر» دا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«ئەي ئوغۇل بول دىن پۇرۇشلۇقتىن يىراق،
دىن پۇرۇشۇ دىل خۇرۇشلۇقدىن ① يىراق.

دىن پۇرۇشلار ئەھلى بى تەمىز ② بولۇر،
ئاقىبەت ئول دىن پۇرۇش تونگۇز بولۇر.

... ... ... ...

كىم دۇئانى قىلسە دۇنيا ۋەجھىدىن،
بولغاي ئول سائەتدە تەرسا گەبرىدىن. ③

① خۇرۇش — غەۋغا.
② بى تەمىز — ناپاك.
③ گەبر — ئوتقا چوقۇنغۇچى، ئاتەشپەرەس.

كىم دۇئانى قىلسەلەر دۇنيا ئۈچۈن ،
بولغاي ئول دەرگاھىدە ئىتتىن زەبۇن .» ①②

مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى مىلادىيە 1730 - يىلى ئۆز يۇرتى ئاقسۇدا 92 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئۇنى چۇشەنگەن ۋە ھۆرمەتلەپ كەلگەن خەلق شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەيۋەتلىك «ھاجى خەراباتى مەقبەرىسى» ۋە «ھاجى خەراباتى خانىقاسى» نى بىنا قىلىپ ، ئۇنى داۋاملىق خاتىرىلەپ ، ئەسلەپ كەلگەن .

شائىرنىڭ دىۋانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا «مەسنىۋى خاراباتى» ، «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى» دېگەن ناملار بىلەن بىر قانچە قېتىم بېسىپ تارقىتىلغان .

---

① زەبۇن — ناچار .

② «مەسنىۋى خاراباتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1985) ، 158 - ، 160 - بەتلەر .

# سەلاھى

شائىر سەلاھىنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ھېچقانداق تەپسىلىي مەلۇمات زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىگەن. بىز شائىرنى پەقەت ھىجرىيىنىڭ 1153 ـ يىلى (مىلادى 1739 ـ 1740 ـ يىللىرى) قەشقەردە يازغان «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىن بىلىمىز.

«گۇل ۋە بۇلبۇل» شائىر ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانى بىلەن تېما جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى داستاننىڭ سۇژېتى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ پېرسوناژلىرىمۇ قىزىل گۇل، بۇلبۇل. سابا ۋە تىكەندىن ئىبارەت سىمۋولىستىك ئوبرازلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان، بولۇپمۇ داستاننىڭ يېشىمى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دىن خېلى پەرقلىنىدۇ.

سەلاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى خۇددى ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىغا ئوخشاش، تېما، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلغان ئاساستا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئەسىرى ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير» ئەسىرىدىن چوڭقۇر ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالغان.

شائىر سەلاھى «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ ئاخىرىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن تاماملايدۇ:

«ئوقۇبان سەير قىلسۇنلار بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۇلىستان.

ئىشت تارىخنى بۇلبۇل كەبى ئۈچ ،
بولۇپ بىر مىڭۇ بىر يۈز ئەللىكۇ ئۈچ .
تامام ئەيلە گۇلۇ بۇلبۇل بىلە بۇ مەنتىقۇتتەير ،
بايانى ئىشق بۇلبۇل بىرلە گۇلدۇر تەممەتۇلخەير .»

«گـۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قاراپ ، شائىرنىڭ 18 ـ ئەسـىـرنـىـڭ ئالـدىـنقـى يـېـرىـمـىدا ياشاپ ، ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن .

# نەۋبەتى

ئۆزىنىڭ لىرىكىلىق ئەسەرلىرى بىلەن 18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ هەسسە قوشقان شائىر نەۋبەتىنىڭ ئەسلى ئىسمى بىزگە مەلۇم ئەمەس. خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان «نەۋبەتى» تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ هىجرىيە 1160 - يىلى (مىلادى 1747 - يىلى) ئاياغلاشتۇرغان شېئىرىي دىۋانىدا ئېيتىلغان:

ئۆمرۈم ئەللىككە يېتىپ قالدى هەنۇز ① مەن ئەل ئەمەس،
قىلمادىم ياخشى ئەمەل، بىهۇدە ئۆمر ئۆتتى دەرىغ.
ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز، يادىكار قالدى كالام،
كىشىدىن قالغاي جاهاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىش ئېردى پەيغەمبەر نەبىنىڭ هىجرەتى،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىفى بولدى ۋەسسالام.

دېگەن مىسرالاردىن بىز ئۇنىڭ تەخمىنەن مىلادى 1697 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز سەهىپىسىدە هۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان نەۋبەتىنىڭ «دىۋان نەۋبەتى» ناملىق بۇ لىرىك غەزەللەر توپلىمى ئەينى دەۋردە داڭدار خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ قولدىن قولغا ئۆتكەن هەمدە بۇ قول يازمىلارنىڭ بىر نەچچە مۇكەممەل نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر نەۋبەتى ئاخىرقى ئۆمرىنى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە، دورا پۇرۇشلۇق ۋە خەتتاتلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈز-

---

① هەنۇز ـــ تېخىچە.

گەن . بۇ ھال ئۇنى خەلقە يېقىنلاشتۇرغان . ئۇنىڭ بىر بۆلۈك لىرىك غەزەللىرى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ تېكستى قىلىنىپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لىرىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان شائىر نەۋبەتىنىڭ غەزەللىرى مەنتىقى راۋانلىقى ، ئوخشىتىش ئىبارىلىرىنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كىتاب-خانلارنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ .

دىلبەرىم ، سەندەك جەھاندا ھېچكىم رەئنا ئەمەس ،
فورقەتىڭدە ھېچكىم مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس .

ھۆسن باغىدا سېنىڭدەك كۆرمەدىم ئەي نازىنىن ،
غۇنچەئى خەندان لەبىڭدىن ھېچكىم گۇلى رەئنا ئەمەس .

بۇلبۇلى بىچارە كۆڭلۈم گۇل يۈزۈڭنىڭ شەۋقىدىن ،
زار يىغلاپ ئىستە نۇرمەن بىر گۇلى پەيدا ئەمەس .

لەبلەرىڭدىن غۇنچەئى بەرسەڭ جامالىڭ سەدقەسى ،
ئۆكسۈمەسكىم ھۆسن باغىدا گۇلى لالە ئەمەس .

نەۋبەتى ئىجادىيىتىدە مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇنداقلا ، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى ، ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەت ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچى شېئىرلارمۇ مەلۇم سالماقچى ئىگىلەيدۇ . شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە خەلققە ھېسداشلىق ، ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشىگە نارازىلىق ، ئىنسانغا مۇھەببەت ، دوستىغا ساداقەت ، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتىكى سەممىيەت قاتارلىق مەزمۇنلار كۈيلە-نىدۇ . شائىر يەنە ئۆز يۇرتى خوتەننى ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلەيدۇ :

رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى ،

بېھىشتىن زىياد مىسال ئەت خوتەننى .

خۇجەستە خاكە رەھمەت سۇرمىسى ،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى .

... ... ...

جەھان شائىرلىرى گۈلشەنى باغى ،
خەمسەڭگە قۇرداش ئىتسال خوتەننى .

سەن ھەم نەۋبەتى سىياھ رۇي ئېلىگە ،
رەقىبلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى .

ئومۇمەن ، نەۋبەتى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى . شۇڭا ، كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا شائىر نەۋبەتىنىڭ ئەسەرلىرى بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ .

# خوجا جاھان ئەرشى

ئاپاق خوجا ۋاپاتىدىن كېيىن ، تەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر تېخىمۇ كۈچەيدى . «ئاق تەقلىقلەر» بىلەن «قارا تەقلىقلەر» («ئاق تاغلىقلار» ، «قارا تاغلىقلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش ۋە دىنىي مەزھەپ كۈرىشىدىن پەيدىلانغان جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتا قول سوزۇپ ، «ئاق تەقلىقلەر» خان قىلىپ تىكلىۋالغان ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەت بىلەن «قارا تەقلىق» خوجىلارنىڭ رەھبىرى خوجا دانىيالنى ئىلىغا ئېلىپ كەتتى . ئىلىغا گۆرۈ ۋە سۈرگۈن قاتارىدا ئېلىپ كېتىلگەن خوجا دانىيالنىڭ بالا ـ چاقا ، جەمەتلىرى ئارىسىدا ئۈنىڭ تۆنجى ئوغلى خوجا ئابدۇللانىڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشىمۇ بار ئىدى .

خوجا جاھان ئەرشى ھىجرىيە 1097 ـ يىلى (مىلادىيە 1685 ـ 1686 ـ يىللىرى) خوجەندتە تۇغۇلغان .

1700 ـ يىلى خوجا دانىيال جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئالتىشەھەرنىڭ قورچاق خانى قىلىپ بەلگىلەندى . خوجا دانىيال 1730 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ھاكىمىيەت خىزمىتىدىن چەتلەشكەندىن كېيىن ، (ئۇ 1731 ـ يىلى ۋاپات بولدى) ، 1730 ـ يىلدىن 1735 ـ يىلغىچە خوجا ئابدۇللا ئالتىشەھەرنىڭ خانى بولدى . خوجا ئابدۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1736 ـ يىلى غالدان سېرىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئالتىشەھەر خوجا ئابدۇللانىڭ تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلدى . شۇنداقتىمۇ ، قالغان ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئالتىشەھەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ يەكەننى مەركەز قىلغان خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۇيۇشتى .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن (1560 - يىل) كېيىن ئىككى ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان خوجىلارنىڭ مەزھەپ كۈرىشىدە ئاخىرقى ھېسابتا «ئاق تەقلىك» خوجىلار گۇرۇھى غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۇلار ئۆز مەزھىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن باشقا بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ ۋە يوق قىلىپ، مەدەنىيەتنى ئېغىر دەرىجىدە خاراب قىلغان، ئىلىم - مەرىپەت تەرەپدارلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپكە تۇزىتىۋەتكەنىدى. ئەرشى ئىنىلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاسارىتى، ئارىلىشىشى بولمىغان ھالدا مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، شەرىئەت قائىدە - قانۇنلىرىنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللىشىشى يولىدا تىرىشقاندىن سىرت، يەنە ئەينى دەۋر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يولىدىمۇ زور ئەمگەك سىڭدۈردى. ئاتاقلىق تارىخچى، ئەدىب مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق تونۇلغان ئەمگىكىدە بۇ ھەقتە: «خوجا جاھان يەكەندە شائىر، ئاخۇنلارنى يىغىپ ئىلمىي مەجلىسلەرنى ئاچاتتى، مۇنازىرە يۈرگۈزەتتى. ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ئاخۇن، سەيد، خوجىلارنىڭ دەرسخانىسىغا بېرىپ دەرس ئالاتتى، ئۆگىنەتتى ۋە تالىپلارنى مۇنازىرىگە سالاتتى، مۇكاپاتلايتتى، يامان ئادەملەرنى قورقۇتاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ۋاقىتلىرىدىكى ئىشلارغا ئوخشىتاتتى» دەپ يازغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە دۆلەت ئەربابى، شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان خوجا جاھان ئەرشى ئۆز ئەتراپىغا ئالىم، شائىر، يازغۇچىلارنى توپلاپ، يەكەن خانلىقىدىن كېيىنكى ئاتالمىش «خوجىلار (خوجىگان)» دەۋرىدىكى بىر يۈكسەك نامايەندە، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە مەدەنىيەت ئۆسۈشىنىڭ ھامىيسى بولۇپ مەيدانغا چىققانىدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە نەۋائىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن، فۇتۇھى، موللا يۇنۇس ياركەندى، ئۆمەر باقى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەنىدى.

خوجا جاھان ئەرشىنىڭ سەمەرقەنت ۋە بۇخارالاردىكى ئەدەبىي پائالىيەتلەرگىمۇ قاتنىشىپ تۇرغانلىقى مەلۇم.

1750 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئىلىدا تۇتۇلغان ئاپاق خوجا نەۋرىلىرى بۇرھانىددىن خوجا بىلەن خوجا خاننى تۇتقۇندىن بوشىتىپ، «ئاق تەغلىك» خوجىلار قولى ئارقىلىق ئالتىشەھەرنى قايتىدىن ئۆز ئىلكىگە ئېلىش قەستىگە چۈشتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۇرھانىددىن خوجا ئاپاق خوجا بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، «ئاق تەغلىك» خوجىلار قالدۇقلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، خوجا جاھانىڭ ئالتىشەھەر ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلدى. مەغلۇپ قىلىنغان خوجا جاھان ئەرشى ئۆز جەمەتىدىكىلەر ۋە ئۆزىگە سادىق بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن يەكەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇرھانىددىن خوجا ئۇنى قۇربات مىرزا لەشكەرلىرىگە تۇتقۇزۇپ كېلىپ، پۈتۈن جەمەتى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇ ھىجرىيە 1169 ـ (مىلادى 1755 ـ 1756 ـ) يىلى بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ئەرشىنىڭ ئوغلى، لىرىك شائىر فۇتۇھىمۇ بار ئىدى.

بۇرھانىددىن خوجا ئالتىشەھەرنىڭ خانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆز ئىنىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى كۆتۈردى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى گېنېرالى جاۋ خۇي باشلىغان قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

ئەرشىنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە كۆپ يېتىپ كېلەلمىگەن. ھازىر شىنجاڭ تارىخىي مۇزېيىدا شائىرنىڭ «دىۋان ئەرشى» نامىدىكى 116 بەتلىك بىر قول يازما شېئىرلار توپلىمى ساقلانماقتا. 1985 ـ يىلى يەنە ئەرشى ۋە فۇتۇھى شېئىرلىرى قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن 42 بەتلىك بىر قول يازما مەجمۇئە تېپىلىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئورنى ئىختىيارىغا ئېلىندى. مەجمۇئەدىكى شېئىرلاردىن بىر قىسمى قەشقەردە نەشىر قىلىنغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» ناملىق توپلامدا ئېلان قىلىندى (يولداش ئابدۇرەھىم سابىت نەشرگە تەييارلـ

غان). شائىرنىڭ شىنجاڭ تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان دىۋانىنى يولداش مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 21 - سانىدا ئېلان قىلدى.

ئەرشى شېئىرلىرى شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىلىم - مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى، بەدىئىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، بىزنى ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ئەنە شۇ ئەدەبىيات تارىخى مەزگىلىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئەرشى شېئىرىيىتىدىكى بىر گەۋدىلىك تەرەپ — ئۇنىڭ دۇنيا ۋە كىشىلىك قاراش جەھەتتىدىن ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن ئوخشاشلىق ۋە يېقىنلىقتىن ئىبارەت. ئەرشى نەۋائىينى ئۆزىنىڭ ئۇستازى قىلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتتە بولغان، ئۆز ئىجادىدا ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا يېقىندىن يانداشقان. بىز ئەرشى شېئىرىيىتىدىن نەۋائىي قاراشلىرىنى نامايان قىلغان ۋە ئۇنى ئىجادىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن، تەقلىد قىلىنغان مىسرالارنى ئۇچرىتىپلا قالماي، يەنە نەۋائىي غەزەلىگە يېزىلغان نەزىرەلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

ئەرشى ئۆزىنىڭ كۆك چاي، چىنە ھەققىدىكى نەزمىلىرىدە ئېلىمىزدە چىقىدىغان كۆك چاي، جانان چىنە (پىيالە) نى مەدھىيىلەش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇ ۋەكىللىكىدىكى ئەدىبلەرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئەلىشىر نەۋائىي ۋە يەكەن خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

# خوجا سدىق فۇتۇھى

خوجا سدىق فۇتۇھى خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئوغلى دۇر . «تارىخىي نادىرىيە» دە خوجا سدىق فۇتۇھىنىڭ ئاتىسى خوجا جاھان ئەرشى يەكەندە تەختكە ۋارىسلىق قىلغان چاغدا 18 ياشتا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان . شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ، خوجا سدىق فۇتۇھى ھىجرىيە 1130 - يىلى (مىلادى 1717 - 1718 - يىللار) دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ .

خوجا سدىق فۇتۇھى بوۋىسى خوجا ئابدۇللا ۋە دادىسى خوجا جاھان ئەرشى ئىلىدا ، جۇڭغارلار قولىدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا تۇغۇلغان . ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە بوۋىسى خوجا ئابدۇللا جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئالتىشەھەرگە خان قىلىپ تەيىنلىنىپ ، پەقەت ئىككى يىلدىن كېيىنلا (1732 - يىلى) دادىسى بىلەن يەكەنگە قايتالىغان . خوجا سدىق فۇتۇھى 18 ياشقا كىرگىچە دادىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ ھەمدە ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ ، خېلى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن ، زېھىن - ئىقتىدارى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەت بولغان .

فۇتۇھى ئاتىسى خوجا جاھان ئەرشىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس ۋە ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۆزىمۇ شائىر بولۇپ يېتىشكەن . ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى «فۇتۇھى» نامى بىلەن دىۋان قىلىپ توپلىغان .① فۇتۇھىنىڭ بۇ دىۋانى بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاتىسى ئەرشى شېئىرلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈلگەن ئۈچ پارچە قول يازما توپلىمى تېپىلدى . بۇ توپلاملاردىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان توپلام بىلەن يېقىندا يەكەندىن

---

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن .

تېپىلغان (ئابلەت ئابلىز تەرىپىدىن) توپلامدىكى فۇتۇھى قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرلار «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 2 - سانىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش، باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان توپلامدىكى فۇتۇھى قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرلار «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

فۇتۇھى شېئىرلىرى ئاساسەن ئىشقىي - مۇھەببەت، ئەدەب - ئەخلاق تېمىسىدا بولۇپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەر جۇملىسىگە كىرىدۇ.

فۇتۇھى ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىكى ئىنسانىي خىسلەتلەرگە يات ئىللەتلەردىن سەسكىنىپ، كىشىلەرنى چىن ئىنسان سۈپىتىدە ياشاشقا چاقىرىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

ئەھلى دۇنيا بەزمىدە ئىچكەن شاراب نايابىدىن،
ئىشت يالاغى ئىچرە ئىچكەن قىپقىزىل قان ياخشىراق.
گەرچە يوق شەۋكەت ئېلىغە نالىدىن پەريادى جەڭ،
بەلكى تاۋۇس چەمەنىدىن مۇرغى خۇشخان ياخشىراق،
ئەي فۇتۇھى ئىلكىگە تەسبى ئېلىپ قىلما رىيا،
مەي ئىچىپ زۇننار ئاسىپ كەلتۈرگەن ئىمان ياخشىراق.

فۇتۇھى يەنە بىر جەھەتتىن، ياشلىقىدىلا مەلۇم ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن ئىقتىدارلىق سەركەردىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئاتىسى خوجا جاھان ئەرشى بوۋىسى خوجا ئابدۇللانىڭ ئورنىغا يەكەندە خان بولۇپ ئولتۇرغان 20 يىل مابەينىدە، ئاتىسىنىڭ ئالتىشەھەرنى جۇڭغارلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە پائال ماسلىشىپ، كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ. ئاتىسى جۇڭغارلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغاندا، خوتەندىن يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ھاياتى ۋە ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

خوجا سىدىق فۇتۇھى ھىجرىيىنىڭ 1169 - يىلى (مىلادى 1755 - 1756 - يىللار) بۇرھانىددىن خوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

# موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

1980 - يىلى خوتەندىن «دىۋان بىلالى» ناملىق قول يازما توپلامـ
نىڭ تېپىلىشى بىلەن شائىر موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ نامى
ئەدەبىياتىمىزغا مەلۇم بولدى.

قول يازما توپلام شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن
خوتەنلىك خەتتات موللا نىياز تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، شائىرنىڭ
شېئىرلىرىدىكى بەزى پاكىتلىق ماتېرىياللار ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلەتكەن تىل،
ئەدەبىي ئۇسلۇبىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۇنى 17 - ئەسىرنىڭ ئاـ
خىرى، 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن
شائىرلارنىڭ بىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

«دىۋان بىلالى» قىرىق بىر بۆلۈم 1138 مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن
بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كەڭ، ئوي - پىكىرلىرىنىڭ
چوڭقۇرلۇقى، تېمىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، تىلىنىڭ يېنىك، راۋانلىقى
بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شائىر ئۆز ئوي - پىكرى، قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشتا
يالغۇز مۇلاھىزىلەرگە يۆلىنىپلا قالماستىن، نۇرغۇن ئىبرەتلىك مەسەل،
ھېكايە، داستانلارنى قىستۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنىڭ قايىل
قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. شائىر بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى جانلاندۇرۇش
(ئادەملەشتۈرۈش) ۋاستىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئىپاـ
دىلىمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ ئېلىنغان ئۇچار
قۇشلارنى ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ، سىمۋوللىزملىق
ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە كىنايە قىلىش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي،
ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

# موللا يۈنۈس يەركەندى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، خوجاجاھان ئەرشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە يەكەن ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە مەدەنىيەت مەلۇم جانلىنىش كۆرۈلۈپ ، بىر قىسىم ئەدەبىي ، ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بىر تۈركۈم ئەدىبلەر ئەرەب ، فارس ، ھىندى ئەدەبىياتىدىن «مىڭ بىر كېچە» ، «رەۋزەتۇسسەفا» ، «شاھنامە» ، «دارابنامە» ، «كەلىلە ۋە دىمنە» نى ھەمدە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر فارس تىلىدا يازغان «تارىخى رەشىدى» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇئەييەن ئىز قالدۇرۇپ كەتتى . بۇ تەرجىمىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەينەن تەرجىمە بولماستىن ، بەلكى ئىجادىي يوسۇندا قايتا ئىشلەنگەندى . ئەنە شۇنداق تەرجىمىلەر ئىچىگە يەكەندە ئۆتكەن شائىر موللا يۈنۈس يەركەندىنىڭ مەشھۇر تاجىك شائىرى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىنىڭ فارس تىلىدا يازغان «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى فارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش داۋامىدا ئىجادىي ئىشلەپ چىققان ئەسىرى — «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» نى قوشۇش مۇمكىن .

موللا يۈنۈس يەركەندى شەرق ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى سيۇژىتقا ئايلىنىپ كەتكەن يۈسۈپ ماۋزۇسىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا يېڭىباشتىن ئىشلەپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇھىتنىڭ رېئال كۆرۈنۈشلىرىنى ، ئۆز قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈشكە ئىنتىلدى . مىلادى 1755 ـ يىلى مەيدانغا چىققان بۇ ئەسەر 72 باب ، 9048 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ 14 بابى داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبى ، مۇھەببەت ، ئىلىم ۋە تىل مەسىلىلىرىگە ، قالغان بابلار «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىنى بايان

قىلىشقا بېغىشلانغان.

مـوللا يـۇنـۇس يـەركەندىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىغا دائىر باشقا مەلۇ-ماتلار زامانـىـمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئابدۇراهمان جـامـىـنىڭ مەشهۇر ئەسىرى «يۇسۇپ - زۇلەيخا» نى تەرجىمە قىلىپ ئىجا-دىي ئىشلىگەن ئەمگىكى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە.

# موللا مۆمىن يەركەندى

شائىر موللا مۆمىن يەركەندى خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ياشاپ ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى . شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان شېئىرلىرىدا شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى خوجا جاھان ئەرشىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر ئېچىنىشى ، خوجا ئافاقنىڭ نەۋرىسى خوجا بۇرھاندىننىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولىدىكى رەزىل قىلمىشلىرىغا بولغان نارازىلىقى ۋە خەلق ئاممىسىنى قىرغىن قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغانلىقى ، ئۇنىڭ «قارا تەقىلىك» خوجىلارغا مەنسۇپ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئىجادىنىڭ ئەرشى ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

«قارا تەقىلىك» خوجىلارنىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا ، خوجا دانىيالنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ئىچىدە خوجا مۆمىن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز . بۇ كىشى خوجا ئابدۇللانىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا يۇسۇپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا مۆمىن بولۇپ ، ئۇ ، يەكەندە تۇغۇلغان . ئاتىسى خوجا يۇسۇپنى جۇڭغارلار ئىلىدا بىر مەزگىل گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ تۇرغاندا ، خوجا مۆمىن تاغىسى خوجا جاھاننىڭ تەربىيىسىدە بولغان . خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ، ئۇ خوجا سىدىق فۇتۇھى بىلەن بىللە ئەدەبىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدىبلىرى قاتارىدا تونۇلغان . ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل قەشقەردە ئاكىسى بىلەن بىللە يۇرت سورىغان .

خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولۇپ ، خوجا جاھان پۈتۈن جەمەتى بىلەن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن مەزگىلدە خوجا مۆمىن

ئاكىسى بىلەن بىللە ئۆزىنى چەتكە ئالغان. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى مەلۇم ئەمەس.

يولداش ئابدۇرەھىم سابىت شائىر موللا مۆمىن يەركەندىنىڭ ھازىرچە تېپىلغان ئىككى پارچە غەزىلىنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلدى.

# موللا ئابدۇلئەلىم (شائىراخۇن)

موللا ئابدۇلئەلىم (شائىراخۇن) نىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، زامانىمىزغا ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئەسىرى — «ئىسلامنامە» ناملىق تارىخىي داستانى يېتىپ كەلگەن. داستان نامدا ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى خوجاخان بىلەن بۇرھانىددىن خوجىلارغا بېغىشلانغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئاپتور 18 - ئەسىرنىڭ 40 - ۋە 50 - يىللىرىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئەھۋالى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئۇيغۇر فېئوداللىرىنىڭ بۇ كۈرەشلەرگە قاتنىشىشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ئەھۋالىنى ئەسەرنىڭ مەركىزىدە قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. موللا ئابدۇلئەلىم بۇ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگىنىدە بىر ئاڭلىغۇچى ياكى چەتتىن تۇرۇپ كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى، بۇ ۋەقەلەرگە شەخسەن ئۆزى قاتناشقۇچى سۈپىتىدە تۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىپ، داستاننىڭ قىممىتى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

داستاننىڭ تىلى شائىرنىڭ ئۆز دىئالېكتى، يەرلىك خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، نۇرغۇن خەلق ماقال - تەمسىللىرى كىرگۈزۈلگەن. چاغاتاي تىلى ئامىللىرىنىڭ ناھايىتى ئاز كۆرۈلۈشى داستاننى شۇ دەۋردە يېزىلغان باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

موللا ئابدۇلئەلىم (شائىراخۇن) «ئىسلامنامە» داستانىنى تەخمىنەن 1756 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان. داستان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا 18 - ئەسىرگە تەۋە قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپلا قالماستىن، شۇ دەۋرلەردىكى ئالتەشەھەر خانلىقى، جۇڭغار خانلىقى تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

# مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىكىلىق ئىجادىي مىراسلىرى ۋە «تەزكىرەئى ئەزىزان» غا ئوخشاش ئەدەبىي - تارىخىي ئەسىرى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 1740 - يىلى قەشقەردە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىچىكىدىنلا بىلىم ئېلىشقا ھەۋەس قىلىپ، ئاۋۋال توقۇزاقتىكى مەدرىسىلەردە، كېيىن قەشقەردىكى مەشھۇر «ساچ» مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ يەنە ياشلىقىدا دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ھۆكۈمدارى خوجا جاھان ئەرشىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرىنى خوجا جاھان ئەرشكە بېغىشلىغان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى لىرىك شېئىرلار يېزىش بىلەن باشلانغان. كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا 18 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن زور تارىخىي - ئىجتىمائىي ۋەقەلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىدىن ئاز بىر قىسمىلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ①

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ تۈرلۈك ماۋزۇلاردا 18 دىن ئوشۇق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ تەزكىرە ژانىرىدىكى تۇنجى ئەسىرى — «تەزكىرەئى ئەزىزان» مىلادىيە 1771 - يىلى يېزىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرە ژانىرىدىكى ئەسەرلەر ئاساسەن

---

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ سەككىز پارچە غەزىلى، تۆت پارچە مەسنەۋىسى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1984- يىل ئومۇمىي 14 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

ئىككى تۇرگە بۆلۈنىدۇ . ئۇنىڭ بىرى دىنىي ـ ئەدەبىي تەزكىرىلەر ؛ يەنە بىرى ، تارىخىي ـ ئەدەبىي تەزكىرىلەردۇر . «تەزكىرەئى ئەزىزان» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاز ئۇچرايدىغان تارىخىي ـ ئەدەبىي تەزكىرە تىپىگە كىرىدۇ . ئۇ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە نەۋائىينىڭ «مەجالسۇن نەفائىس» ، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرە تۇششۇئەرا» ناملىق ئەسەرلىرىگە ئوخشىسىمۇ ، يەنە بىر جەھەتتىن ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ، ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر ۋە مول تارىخىي ـ ئىجتىمائىي مەزمۇنلىرى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن پەرقلىنىدۇ . مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تارىخىي ـ ئەدەبىي تەزكىرە ئىـ جادىيىتىدە يېڭى ئۇسلۇب ، يېڭى پەللە ياراتقانلىقىنى نامايىش قىلىدۇ .

«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا چەتتىن كىرگەن خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خان ـ خوجىلار ھەققىدىكى بايانلار ، خوجا دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا جاھاننىڭ ھاياتى ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە مۇنقەرز بولۇش تارىخىغا دائىر بايانلار ۋە خوجا بۇرھانىدىنغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر ناھايىتى پاكىتلىق ھالدا بېرىلگەن . شۇنداقلا ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەدىبلەر ، مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى قىممەتلىك مەلۇماتلارمۇ ئۇچرايدۇ .

«تەزكىرەئى ئەزىزان» غا كىرگۈزۈلگەن مەسنەۋىلەر ، غەزەللەر ، مۇسەممەن ، مۇخەممەس ، رۇبائى ۋە ساقىنامىلار ئاپتور ئىجادىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ . بۇ شېئىرلاردا ئاپتور ئۆزى بايان قىلىۋاتقان تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرگە بولغان مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ، ئەخلاقىي ـ دىداكتىك قاراشلىرىنى روشەن ، ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ . ئالايلى :

«ئىككى بارسەن زىنھار ھېچكىمگە ئازار ئەيلەمە ،
ھېچ دىلغە بەرمە رەنجى ئانى كۆپ زار ئەيلەمە .

ھەر جەفاكىم سەن قىلۇرسەن تاڭلا كەلمىشدۇر ساڭا ،
ئۆزگە نەفئ ئىستەپ بىرەۋگە زۇلم بىسيار ئەيلەمە .

قويماغىل بىجا قەدەم قىلما خىيانەت كىمسەگە ،
ئىككى ئالەمدە قاتتىغ جانىڭغە كۆپ زار ئەيلەمە .

ھەرنە قىلساڭ قىل ، فەقىرى كۆڭلىدىن ئازار ئەتمەگىل ،
دەرھەقىقەت شاھ ئېرۇرسەن كىم ئۇنى خار ئەيلەمە .

نەچچە دۈشمەننى ئۆزۈڭگە مەھرەمى زار ئەيلەدىڭ ،
سىررىڭ ئەيلەر فاشكىم ئەغيارنى يار ئەيلەمە .

گەر ساڭا ئەھلى ھەقىقەت كارى خۇد مەلۇم ئەمەس ،
جانۇدىل بىرلە ئەقىدە ئەيلە ئىنكار ئەيلەمە .

ھەرنەچە جەۋرى جەفا يەتسە فەلەك ئەييارىدىن ،
بىل ئۆزۈڭ دەردىڭنى كىم دۈشمەنگە ئىزھار ئەيلەمە .

سادىقا ئۆتكەن ئەزىزلەر روھىدىن يارى تىلەپ ،
ئىتلەرىنىڭ ئىتلەرى سۈلكىدە بول ئار ئەيلەمە .»

«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا ئەينەن ئېلىنغان ياكى ئاپتور تەرىپىدىن قايتىدىن ئىشلەنگەن ، ئىجاد قىلىنغان ماقال ـ تەمسىللەر ، ھەتتا بىر قىسىم فارسچە ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ ، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىنى ياخشى بىلىش بىلەنلا قالماي ، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى بىلەنمۇ يېقىندىن تونۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ـ ئۆلىمالىرىدىن بىرى ئىدى . ئۇ مەلۇم مەزگىل قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەرسلىك قىلغاندىن كېيىن ، قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن . بۇ مەزگىلدە ئالىمنىڭ شان ـ شۆھرىتى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا يېيىلغان . زوھورىدىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ، شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى

ئا . نىزارى ، غەربى ، زىيائى ، سەبۇرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن . بۇ مەزگىلدە (19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى) ئەدىب «ئەدەبۇسسالىھىن» («ياخشى ئەدەبلەر») ، «زۇبدە تۇلمەسائىل ۋەل ئەقائىد» («ئوبدان مەسىلىلەر ۋە قائىدىلەر») ، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھب» ، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامە شاھ» قاتارلىق ئەخلاقىي - دىداكتىك ۋە تارىخىي - بەدىئىي ئەسەرلىرىنى مەيدانغا چىقارغان . مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «ئەدەبۇسسالىھىن» ، «زۇبدەتۇلماسائىل ۋەل ئەقائىد» ناملىق ئەخلاقىي - دىداكتىك ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەر بولغان ، «ئەدەبۇسسالىھىن» ئوتتۇرا ئاسىيا ، تۈركىيە ۋە شىنجاڭنىڭ مەدرىسلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان . ① 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئىككى ئەسەر پېتېربۇرگ ، تاشكەنت ، كالكوتتا ، تۈركىيىدە بىرنەچچە قېتىم رۇس ، ئۆزبېك ، ۋە تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان . رۇس شەرقشۇناسى ب . س . لىكوشن «ئەدەبۇسسالىھىن» نى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ، 1895 - يىلى تاشكەنتتە ، 1915 - يىلى پېتېربۇرگدا نەشر قىلدۇرغىنىدا ، بۇ ئىككى ئەسەرگە «شەرقتىكى ئەدەب - ئەخلاق مەجمۇئىسى» دەپ نام بەرگەن . ②

«تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامە شاھ» — مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەسلى ئىراننىڭ تەبەرىستان رايونى ئامۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان جۇۋەير تەبەرىنىڭ «تارىخ تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە ئاخىرىغا بىر قانچە بابلارنى قوشۇپ ئىجادىي ئىشلەپ چىققان ئەسىرى . ئەسەرنى يېزىشنى قەشقەر ھاكىملىرىدىن ئىسكەندەربەگ تەشەببۇس قىلغىنى ئۈچۈن ، ئاپتور بۇ تەرجىمە ئەسىرىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان . ئۇ يەنە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى »

---

① ئى . سەيدۇللايېۋ : «مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىك مىراسى» . «بۇلاق» ژۇرنىلى ، 1988 - يىل 3 - سان ، 173 - بەت .

② ئى . سەيدۇللايېۋ : «مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىك مىراسى» . «بۇلاق» ژۇرنىلى ، 1988 - يىل 3 - سان ، 173 - بەت .

ئەسىرىنى فارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 1849 ـ يىلى قەشقەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا پاجىئەلىك تۈردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ شۇ يىلى 109 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھىرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئالدىدىكى زەرەتكارلىققا (ئاق مازارغا) دەپنە قىلىنغان.

# مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ، ھايات ، كىشىلىك ئىنسانىي مۇناسىۋەت مىزانلىرىنى ، ئىلىم - مەرىپەت ، ۋىجدان ، نومۇس ، ھايا ... قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلىرىنى بىر قەدەر چوڭقۇر ، ئەتراپلىق شەرھلەپ بەرگەن دىداكتىك ئەسەر ــــ «سىدىقنامە» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى مىلادىيە 1715 - يىلى ئاتۇشتا دۇنياغا كەلگەن .

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ئۇزاق مەزگىل ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، تىلى ، تارىخى ، مەدەنىيىتى ، پەلسەپە ۋە قانۇنچىلىققا دائىر بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماستىن ، ئەرەب ۋە فارس تىل - ئەدەبىياتى بىلەنمۇ يېقىندىن تونۇشقان . ئۇ ئىسلام پەلسەپىسى ، ئەخلاقشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىش داۋامىدا ، 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى قابۇس ئىبنى ۋەششىمگىرنىڭ دىداكتىك ئەسىرى ــــ «قابۇسنامە» نىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغاچقا ، شۇ دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد ئىبراھىمبەگ كېپەكبەگ ئوغلىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە قوللىشى بىلەن مىلادى 1785 - يىلى «قابۇسنامە» تەقلىدىدە بىر ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ ، بۇ ئەسەرنى 1787 - يىلى تاماملىغان ۋە ئۇنىڭغا «سىدىقنامە» دەپ ئىسىم قويغان .

بۇ ھەقتە ئاپتور :

ياشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە كۇرەشتىم تاغ ئىلە ،
قازدىم بەھرى يەتكەي دەپ تاغنى تىرناغىم بىلە .»

دەپ يازىدۇ .

«سـىـدىـقـنـامـه» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان 44 بابلىق نەسرىي ئەسەر بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن دىداكتىك خاراكتېردىكى مۇلاھىزە، شەرھ-لەرنى، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە ۋە پەلسەپىۋى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن، ئۇنىڭدا ئاپتور يەنە بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس بولغان مە-جازى ۋاسىتىلەرنى، خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى كۆپلەپ، جايىدا قوللىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئارىلىرىغا قىستۇرۇلغان شېئىرلار بولسا، ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ئۇنى تىل، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن بەدىئىي ئەسەر تۈسىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن «سىدىقنامە» ئەسىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك پىروزىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا يېزىلغان نەمۇنىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

# ئۆمەر باقى

شائىر خوجا جاھان ئەرشى دەۋرىدە يەكەندە يەنە بىر گۈللەنگەن ئەدەبىي ھايات بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە نەۋائىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۆمەر باقى ئەنە شۇ مەزگىلدە يېتىشىپ چىققان ئەدىبلەرنىڭ بىرىدۇر.

18 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ياش ئۆمەر باقى يەكەندىكى ئەدەبىي پائالىيەتلەرگە قىزغىن قاتناشقان، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتىكى يەكەننىڭ ھاكىمى ئېۋەزبېكنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ كۆپ يىللار ئەجىر قىلىپ، مىلادى 1792 - يىلى تاماملىغان نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى داستانلار ئاساسىدا ئىشلەپ چىققان ئەسەرلىرى — «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» نى ئېۋەزبېكنىڭ نامىغا بېغىشلىغان.

ئۆمەر باقى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى خەلق داستانلىرى تىلى بىلەن نەسرىي شەكىلدە ئىجادىي ئىشلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىلا نەزمى شەكىلدە بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئۆمەر باقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەشتە ئۇنۇملۇك ئىزدەنگەن ئەدىب ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەدىب ھەققىدىكى قىسمەن مەلۇماتلاردىن ئۇنىڭ 18 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا يەكەندە تۇغۇلۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ۋە خېلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

# مەھزۇن

شائىر مەھزۇننىڭ («مەھزۇن» شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ «غەمكىن» دېگەن مەنىدە) ئىسمى ۋە تەرجىمھالى مەلۇم ئەمەس. بىز شائىرنىڭ ھاياتى ۋە يۇرتىغا دائىر پاكىتلارنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئالىمىز.

شائىرنىڭ يۇرت كېزىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ:

«مېنى مەھزۇن نېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،
خوتەن مۈلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم.»
«مەھزۇن خوتەنگە ئالتىشەھەر چار باغىدىن،
كەچكىل مۇقامى ئەسلىغەيان، ئۆز دىيار خوپ.»

دەپ يازغان مىسرالىرىدىن ۋە بىر شېئىرىدا 18 - ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن خوجا ئىسھاقنى تىلغا ئالغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، مەھزۇن تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى، 18 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى بىلىمىز.

شائىر شېئىرلىرىدىكى بايانلاردىن يەنە، خەلق ئېغىر قاششاقلىق، قاراڭغۇلۇقتا قالغان، نەپسانىيەتچىلىك، ئەمەلپەرەستلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلغان جەمئىيەتتە روھىي جەھەتتە ئېغىر ئازابلانغان شائىرنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندا «بەختسىز ئۆتكەن كۈنگە رەنجىپ، تاڭلا ئەۋلاد ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن» يۇرتىدىن جاھانگەشتە بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شائىر قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلارنى كېزىپ يۈرگىنىدە، جەننەت سۈپەت دىيارى — خوتەننى

كېچە - كۈندۈز سېغىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىپ بارغانلىقى ياكى ئالتىشەھەرنىڭ بىرەرسىدە ۋاپات بولغانلىقى بەلگىسىز. شائىردىن بىزگە قالغىنى ھەر خىل تېمىدىكى لىرىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن بىر قول يازما دىۋان بولۇپ، دىۋانىنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاچان پۈتتۈرۈلگەنلىكى، ئاپتور قەلىمىگە ياكى باشقا بىر كاتىپ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

شائىر دىۋانىدا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش مۇھەببىتىنى، سۆيگۈگە بولغان ساداقىتى ۋە يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى ئارزۇ - تىلەك، ئىنتىزارلىق كەيپىياتلىرىنى، زامان زۇلمىغا بولغان نارازىلىقىنى، ھايات لەززەتلىرىنى، ئەۋزەل بىلىشتەك پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى، كىشىلىك ئەخلاقى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«دىۋان مەھزۇن» 45 غەزەل ۋە مۇنازىرە تېمىسىدىكى بىر ئىبرەتلىك شېئىردىن تۈزۈلگەن. «قوغۇنلار ئۆز ئارا ھۆرمەت تالاشتى» دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان، مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئېپىك شېئىرىي ئەسەر تىپىگە كىرىدىغان ئاخىرقى شېئىرىدا شائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كۆزگە چېلىقىدىغان «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» («شەكەرىستان») تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، قوغۇنلارنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق خوتەن جەمئىيىتىدىكى سانسىز چوڭ - كىچىك فېئودال ھۆكۈمران، ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم - ستەملىرىنى، نەپسانىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق رەزىل قىلمىشلىرىنى قاتتىق ھەجۋى قىلىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى خوتەندىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا يازغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

شائىر مەھزۇننىڭ شېئىرلىرى ئاممىباب، تىلى يېنىك، راۋان بولۇشتەك، شۇنداقلا، 18 - ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىگە ئائىت بىر مۇنچە تەرەپلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تىل تەتقىقاتىمىزدا مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مىراس ھېسابلىنىدۇ.

# موللا ھەيدەر

يېقىندا تېپىلغان، ھىجرىيە 1275 ـ (مىلادى 1855 ـ) يىلى سەپەر ئېيى (2 ـ ئاي) نىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى خوتەنلىك موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك ئىككى كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان زور ھەجىملىك قول يازما ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە يەنە يېڭى دۇردانە بولۇپ قوشۇلدى. ①

قول يازمىنىڭ باش قىسمى موللا ھەيدەر (تەخەللۇسى — «مىسكىن») نىڭ فارسچىدىن نەزمىلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان «جەڭنامە ھەزرەتى ئەلى»، «رەزەتۇششۇھۇدا» قاتارلىق ئىككى داستانىدىن؛ ئوتتۇرا قىسمى موللا ھەيدەر، موللا سالىھ، موللا نىياز قاتارلىق ئۈچ شائىرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى لىرىك شېئىرلىرىدىن؛ ئاخىرقى قىسمى موللا ھەيدەرنىڭ موللا نىياز بىلەن بىرلىشىپ نەزمىلەشتۈرۈپ چىققان «ئەمىر ئابامۇسلىم» ناملىق داستانىدىن تەشكىل تاپقان ھەمدە بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىلادى 1785 ـ يىلىدىن 1795 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان.

«مىسكىن» تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان شائىر موللا ھەيدەر «رەۋزەتۇششۇھۇدا» ۋە «ئەمىر ئابامۇسلىم» داستانلىرىنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا ئۆزى ھەققىدە قىسمەن مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. ئۇلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، موللا ھەيدەر خوتەن (ئىلچى) شەھىرىدىن بولۇپ، خوتەن ھۆكۈمدارى ئەمىر ئەزىزنىڭ ھۇزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن.

---

① بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يولداش مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەد تەرىپىدىن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 21 ـ سانىدا ۋە 1988 ـ يىل 1 ـ سانىدا (ئومۇمىي 22 ـ سان) بېرىلگەن.

ئۇ «رەزەتۇششۇھۇدا» نى فارسچىدىن نەزمى تەرجىمە قىلىشنى ۋە «ئەمىر ئابا مۇسلىم» قىسسىسىنى نەزملەشتۈرۈشنى ئەمىر ئەزىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىلغان .

شائىر موللا ھەيدەرنىڭ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان بولۇپ ، ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ؛ يەنە بىر جەھەتتىن ، قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەنلەر ئۈچ شائىرنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمى بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەتتۇر . بۇ ھەقتە قول يازمىنى تەييارلىغان كاتىپلار ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ ئۆتىدۇ .

موللا ھەيدەرنىڭ تەرجىمە ئەسىرى — «جەڭنامە ھەزرەتى ئەلى» 1500 مىسرادىن ئارتۇق بولۇپ ، ئۇنىڭدا خەلىپىلىك نۆۋىتى ھەزرەتى ئەلىگە يەتكەندە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى جېدەل - ماجىرالار ؛ «رەزەتۇششۇھۇدا» ئالتە مىڭ مىسراغا يېقىن بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان كەربالا ئۇرۇشى نەزمى شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ شائىر نىيازى بىلەن بىرلىشىپ نەزملەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان «ئەمىر ئابا مۇسلىم» داستانى ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخس ئابامۇسلىم ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان ھەربىي ، سىياسىي كۈرەشلەر ئاساسىي تېما قىلىنىپ يېزىلغان زور ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ ، 15 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق .

# موللا سالىھ

ھىجرىيىنىڭ 1272 ـ (مىلادىيە 1855) يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قول يازما توپلامغا شائىر موللا سالىھنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇستەھزاد ۋە كىچىك تىپتىكى ئېپىك شېئىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 3500 مىسرا ئەتراپىدا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

موللا سالىھنىڭ ئۆز شېئىرلىرىغا قىستۇرۇپ ئۆتكەن بەزى مەلۇماتلاردىن، ئۇنىڭ ھىجرىيە 1157 ـ (مىلادىيە 1743 ـ 1742 ـ) يىللىرى تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. شۇنداقلا، شائىرنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا قاراقاشنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئالغانلىقىغا، ھەمدە:

بىر كۈنى ئىزلەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاقسارىغە،
بىر قونۇپ ئېلىتىپ مېنى باردى ئالىپ ئۆز سارىغە.»

دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ قارىقاش ناھىيىسىنىڭ توخۇلا يېزىسىغا قاراشلىق مەڭلەي كەنتىدىكى تاقسا مەھەللىسىدىن ئىكەنلىكىنى (بۇ شائىرنىڭ يۇرتى ياكى شۇ مەزگىللەردە تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇشى مۇمكىن) بىلىمىز.

سالىھى (شائىر شېئىرلىرىدا ئۆزىنى شۇنداقمۇ ئاتىغان) شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاپتور ئۆز يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە ياكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىرنىڭ

مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ۋە جۇدالىق ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە بېغىشلانغان . «موللا سالىھنىڭ چېچەكنى ھەجۋى قىلغانى» سەرلەۋھىلىك مۇخەممەسىدە ، شائىر ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن چېچەك ۋاباسى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ مىسلىسىز كۆپ قىرىلىپ كەتكەنلىكى ، چېچەك ئەجدىھاسى بالىلارنىڭ «يۈزدىن بىرىنى قويۇپ ، قالدىسىنى ئېلىپمۇ تويمىغان» لىقى ، يۇرتىنى يىغا - زار ، ئاھ - پەرياد ، ھازا - ماتەم قاپلىغانلىقىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن تەسۋىرلىدى . موللا سالىھ شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىزنى ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

سالىھى شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى ، شېئىرىي پىكرىنىڭ روشەنلىكى ، بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكى ، ۋەزىن ۋە شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مۇھىم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە .

«بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومۇمىي 21 - ساندا شائىرنىڭ 23 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى .

# موللا نىياز

شـائىر ۋە تارىخچى موللا نىياز خوتەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىـلىم ئىگىلەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ياشلىقىدىلا ئەدەب ۋە تـارىـخچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىـرىدىـن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگىنى ـــ 2080 مىسرا شېئىردىن تەركىب تـاپـقان تارىخىي داستان «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» («تۆت ئىمام تەزكىـرىـسى») بـىلەن، 48 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ئەسەر ـــ «ئەرزنامە» دىن ئىبارەت.

«تـەزكـىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ قىسمغا بۆلۈندۇ؛ بىرىنچى قىسمى ـــ ھەمدۇ سانا، ئىككىنچى قىسمى ـــ داستاننىڭ ئاسـاسـىي ۋەقەلىكى، يەنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىسلامىيەت بـىلەن بۇددىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر، قەشقەر، يەكەننىڭ قايتىدىن ئىـسلامـغا كىرىشى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھردىن كەلگەن ئىمام نـەسـرىـددىـن بـاشلىق تۆت نەپەر ئىمامنىڭ ياردىمىدە خوتەندە ئىسلام ئېـچـىش جـەريـانـى ئوخـشـاش ۋەقـەلـەر رىۋايەت ئارىلاش بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى ـــ شائىرنىڭ ئۆز ھاياتىغا دائىر بايانلاردىن ئىبارەت.

شائىر داستانىدا ئۆزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«ئانا مۈلك خوتەن ئاتا تاغى،
تۆت ئىماملارىم نىيازى مەن داغى.
... ... ...
ئاقىبەت بىر كۆنى تۇغۇلمىشمەن،
بىر نەھىف ① ھەم زەئىف ئوغۇلمىشمەن.

---

① نەھىف ـــ ئاجىز، نىمجان.

شۈكۈر ئېتىپ تەربىيەت قىلىبدۇرلەر ،
روز - شەب مەرھەمەت قىلىبدۇرلەر .
قويۇب ئېركەن ئاتىمنى موللا نىياز ،
مېنى قىلمىش ئىماملارىمغە نىياز .
بەردى مەكتەبكە تۆرت ياشىمدا ،
ئاتام ئېردى ھەمىشە قاشىمدا .
مېنى دەپ كۈندە داخىلى مەكتەب ،
ئۈرگەتۈرگە ماڭا ئىلىم - ئەدەب .
ياشىم ئالتە - يەتتەگە يەتمىش ،
بىۋەفا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش ...

شائىر داستاننى يازغان ۋاقتى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ :

بۇ تەفەككۇر بىلە قاتىب باشىم ،
يەتتى ئاخىر يىگىرمەگە ياشىم .
... ... ...
يەنە تارىخ بولمىش ئېردى غەرىب ،
نەشىردىن تاپتى نەزمغە تەرتىب .
ئاي ھەمەل ئېردى يىل ھەمدۇنە ،
ھەم تەمام ئولدى روز ئازىنە .

«غەرىب» سۆزى ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 1211 - يىلىنىڭ 1 - ئېيى بولىدۇ . دېمەك ، شائىر موللا نىياز ئۆزىنىڭ تارىخىي داستانى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» نى مىلادى 1796 - يىلى 7 - ئايدا ، يىگىرمە ياشلىق مەزگىلىدە يېزىپ چىققان . شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ، شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادى 1777 - يىلى (ھىجرىيە 1191 - يىلى) بولىدۇ .

«ئەرزنامە» شېئىرى موللا نىيازنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئەسىرىدۇر . ئېرىنىڭ ۋاپاسىز ، زالىملىقى بىلەن ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بىر بىچارە مەزلۇمەنىڭ

ئاغزىدىن خوتەن ھاكىمىگە تۇتۇلغان ئەرز تەرىزىدە يېزىلغان بۇ ئەسىرىدە شائىر ئاياللارنى خارلاپ ، ئاياغ - ئاستى قىلغان فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ . شېئىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىپ يېزىلغان ئاكتۇئال تېمىدىكى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ، شائىرنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ، خەلقپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئەدىب ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان .

# غەيرەتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان، ھىجرىيە 1229 - (مىلادى 1813 - 1814) يىلى قومۇل ۋاڭى مۇھەممەد بەشىرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تۈزۈلگەن شېئىرلار توپلىمى (قول يازما) — «باياز»غا 33 نەپەر شائىرنىڭ ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «غەيرەتى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ «خۇبمۇكىن» ناملىق مۇخەممەسىمۇ بار.

«خوبمۇكىن» سۆزى ھەم ماۋزۇ ھەم رادىپ قىلىنىپ يېزىلغان بۇ مۇخەممەس 48 كۇپلېت (240 مىسرا) دىن ئىبارەت بولۇپ، يەكەندە يېزىلغان ۋە شائىرنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق مەشۇقىسىگە بېغىشلانغان. بۇنى شائىرنىڭ:

«ياركەند شەھرىدە مەنزىلگاھ سىز،
تا تىرىكمەن بىر قىلىڭ پەرۋاھ سىز،
جىلۋە ئەيلەپ ئۆتسىڭىز ناگاھ سىز،
دەھر ئېلى ئەنجۇم كۆرۈنگەي، ماھ سىز،
ئاھ دەپ ئىشقىڭدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن.»

دېگەن مىسرالىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

شائىر ئۆز مۇخەممەسىدە يەنە:

«بولدى ئۈچ يىل ئىلچىدىن بىز كەلگەلى،
يارنىڭ كويىدا مەن ئەمگەلگەلى،
كېچە - كۈندۈز يادىدا جان بەرگەلى،

تىل ئۈچىدا ھەر زەمان دان بەرگەلى ،
يەم بېرىپ يۈرتۇمغا يانسام خۇبمۇكىن .»

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ يەكەنگە ئىلچى شەھىرىدىن كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۆز يۇرتىغا قايتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن .

«خۇبمۇكىن» ناملىق بۇ مۇخەممەس بىزگە شائىر غەيرەتىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى ھەققىدە باشقا مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ تونۇلغان شائىرلار ئىجادىدىن تاللاپ تۈزۈلگەن توپلام ئىچىدىن ئورۇن ئېلىشى ، ئۆز نۆۋىتىدە ، شائىر غەيرەتىنىڭمۇ تونۇلغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ .

شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن . ①چۈنكى ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجا توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ ، 1759 ـ يىلى شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بىر مەزگىل نىسبىي مۇقىملىق ، جانلىنىش ۋە ئۆسۈش بارلىققا كەلگەن ، سۇلتان سەئىدخان ، خوجا جاھان ئەرشى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا بىر ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى بولغان يەكەنگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقانىدى . پەرىزىمىزچە ، شائىر غەيرەتمۇ شۇ مەزگىللەردە يەكەنگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۆز ئىجادى بىلەن تونۇلغان شەخسلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن .

① شائىرنىڭ ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ۋە شائىرنى تونۇشتۇرغان ئابدۇقەييۇم خوجىمۇ «شائىر تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلۇپ ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

# قەلەندەر

شائىر قەلەندەرنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ دەسلەپ تېپىلغان تولۇقسىز دىۋانىنىڭ ھىجرىيە 1221 ـ (مىلادىيە 1806 ـ 1807) يىلى پۈتۈلگەن (ياكى كۆچۈرۈلگەن) لىكىگە ۋە شائىرنىڭ مەزكۇر دىۋانىدا بېرىلگەن «قىلساڭ» رادىفلىق غەزىلىدىكى:

«ئۆتۈبدۇر قۇللۇقۇڭ ئەي پەرىۋەش ياشىم ئاتمىشتىن،
ئۆلەر چاغىم بولۇبدۇر نە بولۇر جانا رىزا قىلساڭ.»

دېگەن مىسرالارنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، شۇنداقلا، شائىرنىڭ ھىجرىيەنىڭ 1210 ـ (مىلادىيە 1795 ـ 1796) يىلى خوتەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەزىز دەۋرىدە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن ①(جەمئىي 11 پارچە) مەلۇم بولۇشىچە، شائىر قەلەندەر 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىگىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن. ئۇ ھازىرقى ئافغانىستانىنىڭ قۇندۇز شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىنكى ئۆمرى خوتەندە ئۆتكەن، ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىجادىي مىراسلىرىنىڭ ھەممىسى خوتەندە يېزىلغان ياكى توپلام قىلىنغان.

شائىر قەلەندەرنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىككى تولۇقسىز

---

① بۇ شېئىرلار «قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى» نامى بىلەن (مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختىنىياز قۇربانلار نەشرگە تەييارلىغان) «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

دىۋانى ①ھەمدە كېيىن يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى (يەتتە غەزەل، تۆت مەسنەۋى) دىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرى تامامەن دېگۈدەك مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆيگۈ تېمىسى ۋاپا - ساداقەت، ياخشىلىق، زا- مان جەبىر - جاپالىرى ئۈستىدىن شىكايەت، ئارزۇ - ئۈمىد قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار گىرەلەشتۈرۈلگەن ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. شائىر ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى باي ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىنى گۈزەل، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي تىلى ئۆزى- نىڭ نەپىس ۋە جۇلالىقلىقى، مەجازى ۋاستىلەرنى ئۆزىدە تولۇق، ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۈرگىنى، رەڭدارلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئالايلى:

«ئاھ ئوتىدىن تولدى ئالەم، بولماسا يوق ئېردى ئوت،
كۆز ياشىم تا قويمادىم ھىجرىڭدە دەريا بولمادى.»

(ئەسلىدە دۇنيادا ئوت يوق ئىدى، ئاھلىرىم بىلەن ئوتقا تولدى، جۇدالىقتا كۆز ياشلىرىمنى تۆكمىگەن بولسام دەريامۇ بولماس ئىدى.)

لېرىك شائىر قەلەندەرنىڭ غەزەل، مۇخەممەس ۋە مەسنەۋىلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى نادىر دۇردانىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا زور قىممەتكە ئىگە.

① خوتەندىن دەسلەپ تېپىلغان تولۇقسىز قول يازما دىۋان 149 غەزەل، 25 مۇ- خەممەستىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا (ت. ئېلىيوپ نەشرگە تەييارلىغان) ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدا (ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان) ئېلان قىلىنغان. قەلەندەرنىڭ 1987 - يىلى خوتەندىن تېپىلغان يەنە بىر تولۇقسىز قول يازما دىۋانىدىكى 60 غەزەل «بۇلاق» ژۇر- نىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدا (مەتقاسىم ئەكرەم، مۇھەممەتئىمىن تۇردىلار نەشرگە تەييارلىغان) ئېلان قىلىندى.

# قاسىمى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا (1799 ـ يىلى) ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شائىرى قاسىمى «تەزكىرەئى ئارسلانخان» ناملىق تارىخىي داستانىنى يازدى .

قاسىمىنىڭ بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ، 2112 مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ شېئىرىي داستانى ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋرىسى يۈسۈپ قادىر ئارسلانخاننىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان .

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ دائىرىدە بولۇپ ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋرلەردىكى يەر مەسىلىسى ، دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، شۇنداقلا ، داستان ئىبرەت خاراكتېرىدىكى بەزى شېئىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان .

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قاسىمى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچراتقىلى بولمايدۇ . پەقەت «تەزكىرەئى ئارسلانخان» داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئورنىغا قاراڭ ئۇنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجاد قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن .

# ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى

شائىر موللا ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى (قىسۇرى) مىلادى 1717 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسى بازار مەدرىس ئالدى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەھمەدنىڭ دادىسى خوجامنىياز ئاخۇن بىلىملىك ئادەم بولۇپ زامانىسىنىڭ ئۆلىماسى ئىكەن.

ئەھمەد باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز دادىسىدىن ئالغاندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسى ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بىلەن تونۇشقان ھەمدە قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەدەبىي ساھەگە قەدەم قويغان.

ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قەشقەردىكى تالىپلىق ھاياتىنى تاماملاپ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. كېيىنچە ئەلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنىمۇ قوشۇمچە بېجىرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، شۇ دەۋر مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي يىغىلىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شېئىرىي تېپىشماقلارنى تېپىش ئويۇنلىرىنى تەشكىللىگەن.

شائىر «قىسسۇرى» (كەمچىلىك ئۆتكۈزگۈچى) تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئېلىپ بارغان ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيىتى داۋامىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەت، ئابرويغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، يېقىنقى يىللارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسىرى — «رەۋ-

زەتۇززۇھرا» («زۇھرانىڭ بېغى») بولۇپ، مىلادىيە 1802 ـ يىلى يېزىلغان. ئۈچ مىڭ مىسرادىن قۇرۇلغان بۇ دىداكتىك داستاندا شائىر ساپ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەب ـ ئەخلاق ھەققىدىكى ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى مەزمۇنلۇق پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار، ئىبرەتلىك مەسەل ۋە ھېكايەتلەر ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتكەن.

شائىرنىڭ «تەنبىھ» ناملىق شېئىرىنى ① ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ساتىرا ژانىرىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى قاتارىدا ھېسابلاشقا بولىدۇ.

شائىرنىڭ مۇدەررىس ۋاقتىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى قىزىقارلىق شېئىرىي تېپىشمىقى ئىخلاسمەنلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

ئول نەدۇركىم يۇزدۇر ئۇنىڭ بارمىقى،
سەككىز ئاياغ ئۇستىدە تۇرمىقى.
بەش بېشى بار، بەش تېنى بار تۆت جېنى،
نە ئەجەبتۇر بەش بېرىپ تۆت يانمىقى.

بۇ، جەسەتنى تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلغىلى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋە دەپنە قىلىپ قايتقان تۆت كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئوبرازلىق ئېيتىلغان بۇ شېئىرىي تېپىشماقنىڭ مەزمۇنى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، كىشىنى خېلىلا ئويلاندۇرىدۇ.

خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر شائىر تەڭسىز زامان ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنۇلارنى يازغانىدى:

«قازاندەك قارايسۇن پەلەكنىڭ يۈزى،
جاپا بىرلە جۇپتۇر ۋاپا بىرلە تاق.

① بۇ شېئىر «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئەيسادەك كىشىگە بېرىپ بىر ئېشەك،
ئېشەكتەك كىشىگە بېرىپ مىڭ بۇراق. ①

شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى 110 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1827 - يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەستى تۇيۇقتا قويۇلغان بولۇپ، قەبرىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

① ئۇچار ئات، تۇلپار.

# مىر ھەسەن سەدائى

ئەدەبىياتىمىزغا «دىۋان سەدائى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمىنى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن شائىر مىر ھەسەن سەدائى 18 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن .

شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىدا قانچىلىك ياشىغانلىقى ۋە ئۇ يەردىن سىرتقا قاچان چىقىپ كەتكەنلىكى ، قاچان ، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى نامەلۇم . شائىرنىڭ ئىسمى ، يۇرتى ۋە تەخەللۇسى ھەققىدىكى مەلۇمات ئۇ ئۆزى قوقەند شەھىرىدە ھىجرىيە 1221 ـ يىلى (مىلادى 1806 ـ 1807 ـ يىللار) تۈزۈپ چىققان «دىۋان سەدائى» دىن مەلۇم . شائىر دىۋانىدا بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ :

«ئۆتمەي ئىشقىنىڭ بەھرىدىن ، گەر قاپ بولۇپ نەھرىدىن ،
بۇلاق بېشى شەھرىدىن ئېيتىپ بارىڭ دوستلارىم .»

«مىر ھەسەن ئاتىم ، سەدائى دەپ ماڭا بولدى لەقەب ،
مەئنى يوق يا مەسلىھەت مانەندى نەقش بورىيا .»

شائىر شېئىرلىرىدا يەنە دىۋانىنى پۈتكەن ۋاقتىنى ، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئەللىك ياشقا يېتىپ قالغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ .

شائىر سەدائىنىڭ شېئىرلىرىدا پاك ۋە سەمىمىي ئىشق ـ مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ، زۇلۇم ، جاھالەت ، نادانلىق ئۈستىدىكى ھەقلىق شىكايەتلەر ۋە ئىسيانكارلىق روھى ئەكس ئېتىدۇ . شۇنداقلا ئۇنىڭ شېئىرلىرى خۇراپىي دىنىي ئەقىدىلەر ، تەركىدۇنياچىلىق قاتارلىق پاسسىپ ئامىللاردىنمۇ خالىي ئەمەس .

«دىۋان سەدائى» ھىجرىيە 1337 ـ يىلى (مىلادى 1918 ـ يىلى) موللا زەپەرشۇكۇر مۇھەممەد ئوغلى ناملىق كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت غولام ئارىف مەتبەسىدە نەشر قىلىنغان. شائىر ئەسىرىنىڭ ئەسلى قول يازما نۇسخىسى دۇشەنبە شەھىرىدە، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا 725 ـ نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

# موللا سدىق يەركەندى

موللا سىدىق يەركەندى نەۋائى ئەسەرلىرىنى نەسرىي شەكىلدە ئىجادىي ئىشلەش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى راۋان ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن ھېكايىلەشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا يەنە بىر خۇش پۇراق گۈل ئېچىلدۇرغان ئەدىبلەردىن بىرى.

موللا سىدىق يەركەندى بۇ ئىشقا ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ھاكىم بېگى مىرزامۇھەممەد ھۇسەيىن بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كىرىشكەن. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىگە ئىككى خىل ئىسىم قويغانلىقىنى، يەنى بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى «نەسرىي خەمسە» دەپ؛ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان ھاكىم بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنى «نەسرىي مىرزامۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» دەپ ئاتىغانلىقىنى يېزىپ كېلىپ، ئەسەر نامىدىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەسەر ھىجرىيە 1228 ـ (مىلادى 1813 ـ ) يىلى يېزىلغان بولىدۇ.

موللاسىدىق يەركەندى ئۆز ئەسىرى ئۈچۈن نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىن «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ئاپتور بۇ پەلسەپىۋى داستاندىن 19 ـ ماقالات ـــ بەھرام قىسسىسىنى تاللىۋالغان)، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى، «سەبئەئى سەييار» («يەتتە سەييار») ئورنىغا نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرىنى تاللىۋالغان.

«نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسىين بەگ» نى تۈزۈشتە موللا سىدىق يەركەندى ئۆزىنىڭ يېتىلگەن ئەدىب ، تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان . ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، شۇنداقلا ، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ . شۇڭلاشقا بۇ ئەسەر تىلشۇناسلىق جەھەتتىدىنمۇ مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە . ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ ئاپتور ئىجادىنى ئورگىناللىققا ئىگە قىلغان .

يازغۇچى موللا سىدىق يەركەندى يەنە ، نەۋائىدىن ئىلگىرىلا «خەمسە» چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ فارس تىلىدا ياراتقان چوڭ تىپتىكى چۆچەكلەر توپلىمى — «چاھار دەرۋىش» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان .

موللا سىدىق يەركەندىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى نامەلۇم . ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قاراپ ئۇنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

# ئەھمەدشا قارىقاشى

جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، خەلق ئاغزىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن مەشھۇر ساتىرىك شېئىر «ئات قىسسىسى» ①نىڭ ئاپتورى ئەھمەدشا تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا قارىقاش ناھىيىسى قاپاقلا يېزىسى ھالايلى (ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

ئەھمەدشانىڭ دادىسى مۇبارەكشا قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى. ئەھمەدشا دەسلەپكى بىلىمنى دادىسى قولىدا ئالغان، 17 ياشلارغا كىرگىنىدە قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى ــ «خانلىق مەدرىسى» گە بېرىپ ئوقۇغان، ئۇ ئەزەلدىن مودا بولۇپ كېلىۋاتقان ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدىن، قەسىدىچىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆز خاراكتېرىگە مۇناسىپ ھالدا (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ناھايىتى خۇش چاقچاق، ھەزىلكەش كىشى ئىكەن)، دەۋرىدىكى قالاق، سەلبىي تەپلەرگە تىغ ئۇرىدىغان ساتىرا (ھەزىل) ژانىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلىپ تاللىۋالغان.

ئەھمەدشا قەشقەردىكى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قارىقاشتىكى «گوزەر» مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەنگەن، ئۇ ئاتىقا ھېرىسمەن كىشى بولغىنى ئۈچۈن، قەشقەردە بىللە ئوقۇغان، كېيىن

---

① ئەھمەدشا قارىقاشىنىڭ بۇ شېئىرى ئەڭ دەسلەپ 1948 ـ يىلى، غۇلجىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا، يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ نەشرگە بېرىشى بىلەن «يامان ئات ھەققىدە مۇخەممەس» دېگەن نام بىلەن بېسىلىپ چىققانىدى. كېيىن بۇ شېئىر يەنە «سالامنامە»، «نەزەر مۇپتىغا خەت» دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتالدى.

يۇرتىغا قايتىپ ئاقسۇدا مۇپتى بولغان نەزەر ئىسىملىك ساۋاقدىشىغا 50 تەڭگە يوللاپ، ئاقسۇنىڭ ياخشى ئېتىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. دەل بىر يىل توشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئاخىرى ساۋاقدىشى ئەۋەتكەن ئاتنى تاپشۇرۇۋالغان. ئاتنىڭ ئەيىب، نۇقسانلىرى كۆپ بولغاچقا ئۇ ئىزا - ئاھانەتكە قېلىپ كۆپ ئاۋارىچىلىق تارتقان. ساۋاقدىشى نەزەرنىڭ ۋاپاسىز، دىيانەتسىزلىكىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەھمەدشا «ئات قىسسىسى» دەپ ئاتالغان مۇخەممەس شەكلىدىكى بۇ شېئىرنى يېزىپ نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىپ بەرگەن.

ئەھمەدشا قارىقاشى بۇ مۇخەممەسىدە ئۆتكۈر، ئوبرازلىق، يۇمۇرىستىك تىل ۋاستىسى ئارقىلىق كىشىلىك ئەخلاققا يات بولغان ئاچكۆزلۈك، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىقتەك ئىللەتلەرنى غەزەپ بىلەن قامچىلىغان.

شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان «مېۋىلەر ۋەسپى» ناملىق ئەسىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇنازىرە ژانىرىغا مەنسۇپ نەزمى ئەسەر بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقا كىرگەن مېۋىلەر مۇنازىرىسى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرگە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

# ئىبراھىم مەشھۇرى

1983 ـ يىلى ئۆكتەبىردە يەكەندىن بىر قول يازما غەزەللەر توپلىمىنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ نامى مەلۇم بولدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات قولغا ئېلىندى . ①

شائىرنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» دەپ نام بېرىلگەن غەزەللەر توپلىمىدىن ئۇنىڭ يەكەنلىك شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم . دىۋاندا بېرىلگەن شائىرنىڭ يەكەن ھاكىمى ئېزىز بەگكە ئاتاپ يازغان مەرسىيىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرى مۇھەممەد ئېزىز ھاكىمبەگ يەكەن ۋە خوتەنلەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ، يەنى ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىرلاردىن بىرى دەپ ئېيتالايمىز .

ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ دىۋانى 205 غەزەل ، ئۈچ مۇخەممەس ، بىر مۇسەددەس ، ئىككى تەرجىئبەند ، ئىككى مەرسىيە ۋە بىر مۇناجاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، جەمئىي 3960 مىسرادىن تۈزۈلگەن . شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئاجايىپ گۈزەل لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ساپ مۇھەببەتنى كۈيلەپ ، ئۆزىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت كۆز قارىشىنى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك تەلپىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن .

ئىبراھىم مەشھۇرى دىۋانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تىلىنى پىششىق بىلگەن ، ئابدۇرەھمان جامى ، ئەلىشىر نەۋائى ، سەككاكى قاتار-

---

① بۇ قول يازما توپلام يولداش مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . توپلامدا م . يۈسۈپنىڭ مەشھۇرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ قوشۇپ بېرىلدى .

لىق سۆز ئۇستىلىرىدىن ئەستايىدىل ئۆگەنگەن يېتۈك لىرىك شائىر سۇ-
پىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئىبراھىم مەشھۇرى ئۆز
شېئىرلىرىنى ئاجايىپ كۆركەم مەنا ۋە سۆز ئۈنچىلىرى بىلەن بېزىگەن
ماھىر سەنئەتكاردۇر. ئۇ شېئىرلىرىدا جامى، نەۋائى ۋە فۇزۇلىلارغا تەقلىد
قىلىدۇ، مۇشائىرە قىلىدۇ ۋە بەھس قىلىدۇ.

شائىر شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا بولغان نارازىلىقىنى،
ئىچ پۇشۇقىنى كۆرىمىز. ئۇ رىياكار سوپىلار، بېخىل بايلار، تاماخور
سەللىلىكلەر، جاھىل مۇتەئەسسىپلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ
زامانىدىن خوۋلۇق كۆرمەي، يۇقىرىقىدەك ئەزگۈچى، تەييارتاپلار تەبە-
قىسىدىن نەپرەتلىنىپ جاھانگەشتە - سەرگەردانلىق، غۇربەتچىلىك
ئىچىدە ھايات كۆچۈرگەنلىكىنى، قەلەمنى ئۆزىگە ئاشنا تۇتۇپ دەردىنى
تۆككەنلىكىنى ئۆز شېئىرلىرىدا ئىپادە قىلىدۇ.

# ئىسمائىل بەگ

ئىسمائىل بەگ (بى نىشان) 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ بىرى. بىزگە ئۇنىڭ مىلادىيە 1827 - يىلى يازغان چوڭ تىپتىكى ئېپىك داستانى — «پەندنامە» بىلەن، 1842 - يىلى تۈزۈپ چىققان «دىۋان بى نىشان» ناملىق توپلىمى مەلۇم.

ھازىر شىنجاڭ تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئون مىڭ 948 مىسرا بېيىتتىن قۇرۇلغان «پەندنامە» داستانى تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ مەرىپەت، ئەخلاق - دىيانەت ھەققىدىكى كۆز قاراش، مۇلاھىزىلىرى، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك پەند - نەسىھەتلىرى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ دۇنيا قارىشى، تەشەببۇسلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىرنىڭ «دىۋان بى نىشان» ناملىق توپلىمى ئۇنىڭ ئىشق - مۇھەببەت، ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەب - ئەخلاق ۋە مېھنەت تېمىسىدىكى بىر قىسىم غەزەل، مۇخەممەس ۋە رۇبائىلىرىدىن تەشكىل تاپقان.

# ئابدۇرەھىم نىزارى

ئۆزىنىڭ باي ئىجادىي مىراسلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى ئاچقان شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مۇھىم ۋە ھۆرمەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ .

ئابدۇرەھىم نىزارى ① 1843 - يىلى يازغان «دۇررىلنەجات» («نىجاتلىق ئۈنچىلىرى») ناملىق ئەسىرىدە بەرگەن :

«ئۆمۈر داغى ئالتمىشۇ يەتتى ،
يەتمىشكە يېقىن ئۆمىد كەتتى .»

دېگەن مەلۇماتقا ۋە ھازىرغىچە ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا ، شائىر 1776 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ بولاقبېشى مەھەللىسىدە كىچىك قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ دەسلەپ كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ، قەشقەر «خانلىق مەدرىس» تە ئىلىم تەھسىل قىلغان .

كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلىغان نىزارى ئوقۇش ھاياتى داۋامىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەدەبىيات پېشۋالىرى — فىردەۋسى ، شەيخ سەئىدى ، خۇسراۋ دېھلىۋى ، خوجا ھافىز شىرازى ، بىدىل ، ئابدۇرەھمان جامىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشقان ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن نەۋائى ، لۇتفى ، سەككاكى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭدىن بەدىئىي ئوزۇق ئېلىش بىلەن بىللە ئۇلارغا

---

① «نىزارى» شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ ، «غەملىك» مەنىسىدە .

ئىجادىي ھالدا ياندىشىپ ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ «مۇخەممەس نىزارى» توپلىمىغا كىرگۈزگەن بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا يېزىلغانىدى. ئۇ، ئىلىمنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ماھارەت يېتىلدۈرۈش بىلەنلا قالماي، يەنە خەتتاتلىق سەنئىتىنىمۇ ئىگىلىگەنىدى.

شائىر ياشىغان دەۋر (18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى) ئۇيغۇر خەلقى مانجۇر ھاكىمىيىتى ۋە ئۆز ئىچىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىپ، ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدى. شائىر ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كەمبەغەللىك ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ ئۇزاق زامان كىشىلەرنىڭ خەت - چەكلىرىنى يېزىپ بېرىش، تۈرلۈك كىتاب نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزدى.

شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بايانلاردىن مەلۇمكى، نىزارىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەدەبىي تالانتى شۇ چاغدىكى قەشقەر ھاكىمى زوھورىدىن ھاكىمبەگنىڭ ئالاھىدە دىققىتى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. 50 نەچچە يېشىغىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش، كاتىپلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ھاياتىنى پەقىرلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن شائىرنى 1830 - يىللىرى زوھورىدىن ھاكىمبەگ ئۆز ئوردىسىغا ئالدۇرۇپ مىرزا (كاتىپ) لىق خىزمىتىگە تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى.

نىزارى نەۋائىينى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلق ئارىسىغا تارقىتىشتا ئەڭ كۆپ ئەمگەك قىلغان، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەۋائىي دۇردانىلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپ قىلغان. نىزارى كۆچۈرگەن نەۋائىي كۇللىياتىنىڭ تولۇق بىر قول يازمىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئە. نەۋائىي نامىدىكى دۆلەت ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ قول ياز-

مىلار فوندىدا ساقلانماقتا . ①

نەۋائى ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئەمگەكلەر كېيىنكى مەزگىللەردە نىزارىنىڭ نەۋائى ئىزىدىن مېڭىپ ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نىزارى «خەمسە» چىلىكىنىڭ مەيدانىغا چىقىشىغا ئالاھىدە زېمىن ھازىرلىدى .

ئۆز تالانتى ، تىرىشچانلىقى ، ئىقتىدارى بىلەن زامانىسىدە تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان نىزارى زوھورىدىن ھاكىمبەگنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى بىلەن ئەتراپىغا تونۇلغان شائىرلار ، تارىخچىلار ، ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنى ، ماھىر خەتتات ۋە رەسساملارنى توپلاپ شۇ دەۋر مەدەنىيىتىدە يېڭى بىر گۈللىنىشنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى . ئەنە شۇ مەزگىللەردە زوھورىدىن ھاكىمبەگ نىزارىنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ :

چۇ ئۇششاقلارنىڭ ھېكاياتىنى ،
كى باشدىن ئۆتكەن رىۋاياتىنى .
قىلىپ جەمئىي نەزىم ، ئەيلەسە خوبدۇر ،
كەلامى تەبىئەتكە مەرغۇبدۇر .

نىزارى ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ . ئۆز خەلقىگە ئۇستازى نەۋائىدەك گۆھەرلەر خەزىنىسىنى تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ ۋە بۇ مەقسەت يولىدا تىرىشىدۇ . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇنىنىڭ تەكلىپى بىلەن زوھورىدىن ھاكىمبەگ زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى نىزارى ، زىيائى ۋە غەرىبىنى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىدۇ . 1841 ـ يىلدىن 1843 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار تۇرپان شەھىرىدە ئەفرىدۇن ۋاڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىجادىيەت ۋە ئەسەرلىرىنى قايتا ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىرلەشمە توپلىمىنى ئىشلەپ چىقىدۇ .

نىزارى ، زىيائى ، غەرىبىلەر ئىجادىي ھەمكارلىقتا ئىشلىگەن بۇ

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قازاقىستان «نائۇكا» نەشرىياتى، 1983) 113 ـ بەت .

تۇپلام ئۇن سەككىز داستان، قىسسە ۋە يىگىرمە تۆت ھېكايەتتىن تۈزۈلگەن. ①بۇ داستان، قىسسەلەرنىڭ توققۇزى زور ھەجىمدە بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمى (تۇپلامدا «مۇقەددىمە» دېيىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇنداق دەپ ئاتاش مۇۋاپىق تېپىلدى) بىلەن «فەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «مەھزۇن - گۈلنىسا» ۋە «رابىئە - سەئدىن» داستانلىرى، شۇنداقلا، تۇپلامدىكى ھېكايەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى نىزارى قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

نىزارى ئۆز خەلقىغە نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكىدەك بىر يۈرۈش جەۋھەرلەرنى تەقدىم قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇپلامغا كىرگۈزگەن يوقىرىقى بىر يۈرۈش نادىر ئەسەرلىرى بىلەن كۆزلىگەن مەقسىتىگە تولۇق يەتتى.

مەلۇمكى، «فەرھاد - شىرىن» داستانى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ داستان يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ۋەقەلىكى خەلق ئىچىدە رىۋايەت - چۆچەكلەر قاتارىدا كەڭ تارقىلىپ، ئەسىرلەر بويى ئېقىپ يۈرگەن ھەمدە كېيىن 7 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شاھى خۇسراۋنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ، ئىران خەلقى ئارىسىدا «خۇسراۋ - شىرىن» نامى بىلەن تونۇلغان. ئۇنى بىرىنچى قېتىم 10 - ئەسىردە ياشىغان ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى يازما ئەدەبىيات ھالىتىگە كىرگۈزگەن. 12 - ئەسىرگە كەلگەندە ئازەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋى يەنە شۇ نام بىلەن بۇ داستاننى فارس تىلىدا يېزىپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر «خەمسە» سىگە كىرگۈزگەن. 14 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋىمۇ نىزامىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

---

① بۇ تۇپلامنىڭ ھازىر ئىككى قول يازما نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نىزارى كۆچۈرۈپ چىققان «غەرىبلەر ھېكاياتى» نامى بىلەن ئاتالغان نۇسخىسى لېنىنگرادتا، يەنە بىر نۇسخىسى «مۇھەببەت داستانلىرى» نامى بىلەن (بۇ نام مۇزېيى خادىملىرى تەرىپىدىن قويۇلغان) شىنجاڭ تارىخي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا ئىچىدىكى نىزارى قەلىمىگە مەنسۇپ داستانلار 1985 - يىلى 9 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگۈزۈلگەن «فەرھاد - شىرىن» داستانى بەش داستان ئىچىدە سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. نەۋائى بۇ داستاننى يېڭى سيۇژىت، يېڭى پىكىر ۋە بەدىئىي قىيابەت بىلەن يېزىپ چىققان.

نىزارى ئەلشىر نەۋائى ئىزىدىن مېڭىپ «فەرھاد - شىرىن» داستانىنى يازغاندا، نەۋائىغا تەقلىدچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقماي، بەلكى يېڭى بىر ئىجادىي يول بىلەن ماڭغان. نەۋائى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەسۋىرلەرنى تەكرارلىمىغان. نەۋائى ئۆز داستانىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ «بەھرى ۋافىز» دەپ ئاتالغان بەھرىدە يازغان بولسا، نىزارى مۇتەقارىب بەھرىدە ئۆزىگە خاس يېنىك ئۇسلۇب بىلەن يازغان.

نىزارى ئەلشىر نەۋائىنى ئۆز ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى، چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ھەر بابىنىڭ ئاخىرىدا كەمتەرلىك بىلەن: «بىز بۇ داستاننى ئوقۇغان ئادەمگە يېنىك بولسۇن ئۈچۈن قەدىرئەھۋال قىسقا بايان قىلدۇق، بۇلارنىڭ تەئرىپى نەۋائىنىڭ 〈 خەمسە 〉 سىدە ئۇزۇن بايان قىلىنغان، ھەممە سۆز تولۇق ئېيتىلغان» دەيدۇ.

※ ※ ※

«لەيلى - مەجنۇن» ئەسلىدە كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان ئەرەب رىۋايىتى ئىدى. بۇ رىۋايەت ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن تارتىپلا شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا قىسسە شەكلىگە كىرىپ كەڭ تارقالغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى سيۇژىتقا ئايلىنىپ كەتكەن. «لەيلى - مەجنۇن» سيۇژىتىنى بىرىنچى بولۇپ يازما ئەدەبىياتقا نىزامى گەنجەۋى ئېلىپ كىرگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن فارس تىلىدا بىر قاتار «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، 15 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا «لەيلى - مەج-

نۇن» داستان سۇپىتىدە مەيدانغا چىقمىغانىدى. ئەلىشىر نەۋائى تۇنجى قېتىم ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — «چاغاتاي تىلى» دا «خەمسە» يارىتىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، «لەيلى - مەجنۇن» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى مەيدانغا چىقاردى. نەۋائىدىن كېيىن، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا نەچچە ئونلاپ «لەيلى - مەجنۇن» داستانى ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئەسلى ئەرەب رىۋايىتى بولغان بۇ سيۇژىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدىمۇ كۆكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق مېۋىلەرنىڭ بىرسى ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىدۇر.

نىزارى «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنى يازغاندا، لەيلى ۋە مەجنۇنلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى ئاددىيلا تەكرارلاپ قويۇش بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى ئۇ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرلارغا ئوخشاش، بۇ رىۋايەتنى بىر ۋاستە دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ سيۇژىتىغا ئىجادىي مۇناسىۋەتتە بولدى. شائىر بۇ رىۋايەت سيۇژىتىنى 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ رېئاللىقى بىلەن قايتا يۇغۇردى. چۈنكى نىزارى ياشىغان دەۋردىكى قەشقەردە يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ۋە فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتى ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ خىل ئەھۋال كىشىلىك ئەركىنلىككە، ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن ئىلغار كۈچلەرنىڭ بېشىغا يەنىلا بالايى - ئاپەتلەر كەلتۈرمەكتە ئىدى. بۇ رېئاللىقنى بىۋاستە كۆزەتكەن شائىر نىزارى لەيلى - مەجنۇنلار پاجىئەسىنىڭ ئەرەب سەھراسىدىلا ئەمەس، قەشقەردىمۇ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. بۇ خىل رېئاللىققا نىسبەتەن نارازىلىقى كۈچەيگەن شائىر قولغا قەلەم ئېلىپ، لەيلى تىمسالىدا كىشىلىك ئەركىنلىكى بوغۇلغان قەشقەر قىزلىرىنىڭ ئاھۇ پەريادىنى، مەجنۇن ۋۇجۇدىدا بولسا، زىندانغا بەند قىلىنغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ غەزەپ يالقۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. «لەيلى - مەجنۇن» داستانى شائىرنىڭ تەنقىدىي رېئالىزمغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

ئومۇمەن، نىزارىنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» داستانى 19 - ئەسىر ئۇي-

خۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ئىنقىلاشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرسىدۇر .

※ ※ ※

نىزارى ئارقىدىنلا ، «لەيلى - مەجنۇن» غا ئوخشاپ كېتىدىغان پاجىئە — ئۆز زامانىسىدە قەشقەرنىڭ كۆكچى يېزىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەمەلىي ۋەقەگە ئاساسەن ، چوڭقۇر رېئالىزم روھىدىكى «رابىيە - سەئدىن» داستانىنى يازدى ۋە بۇنىڭ بىلەن تەنقىدىي رېئالىزمغا يول ئاچتى .

شائىر نىزارى ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى سىيۇژىت قىلىش ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمگە ، جۈملىدىن ، فېئودالىق ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمىگە كەسكىن قارشى چىقىدۇ .

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى رابىئە — گۈزەل ، ئاقكۆڭۈل ، پاك ۋىجدانلىق ، ساپ مۇھەببەت ئىگىسى ، زۇلۇمغا قارشى دادىل يۈرەك ئۇيغۇر قىزى . ئۇ ، ساپ مۇھەببەت يولىدا فېئودال كۈچلەرنىڭ ھەر خىل زىيانكەشلىكىگە دۇچار بولىدۇ ۋە ئاخىرى دەرد - ئەلەم ، قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . رابىيە ۋە سەئدىننىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى چوڭقۇر ، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن ، لېكىن فېئودالىق جەمئىيەتتە ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن بولۇپ ، شائىرنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا ئىپىك ۋەقەلەر بىلەن دولقۇنلۇق لىرىك ھېسسىيات ۋە پەلسەپىلىك پىكىر - مۇلاھىزىلەر بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن . داستاندا ئاجايىپ باي تەسەۋۋۇر كۈچى ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ۋە باشقا بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىلغان . شائىر ئۆز قەھرىمانى رابىئەنى ئاي بىلەن قوياشقا ، خۇش پۇراق قىزىل

گۇلگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىسە ، سەلبىي ئوبراز جابىرنى شۇملۇقنىڭ سىمۋولى قاغىغا ئوخشىتىدۇ .

ئومۇمەن ، ئىلغار دېموكراتىك غايىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بۇ ئەسەر بۇگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە .

نىزارى داستانچىلىقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى — قەھرىمانىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىگە تولىراق ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت . شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى غەزەل شەكلى بىلەن ، چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە سۈرەتلەپ بېرىپ ، ئوقۇغۇچىدا قەھرىمانلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق ئويغىتىش مەقسىتىگە يېتەلىگەن . شائىرنىڭ داستانلىرىغا كىرگۈزگەن غەزەللىرى مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن بىرقەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ غەزەلچىلىكتىمۇ پىشقان لىرىك شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . نىزارىنىڭ يەنە باللار توغرۇلۇقمۇ يازغان بىرمۇنچە شېئىرلىرى بار .

نىزارى 1839 - يىللىرى زوھۇرىدىن ھاكىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەشقەردە قولغا ئالغان «دۇررۇلنەجات» ①(«نىجاتلىق ئۈنچىلىرى») ناملىق ئەسىرىنى تۇرپاندا قايتا ئىشلەپ تاماملىدى . بۇ ئەسەردە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تۈزۈمچان بولۇشى ، ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل ۋە ئاقىل بولۇشى ، خەلققە كۆيۈنۈشى كېرەكلىكى ئۆتكۈر سوئال - جاۋاب بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنىدۇ . سوئال مۇدبىر خۇدبىن ناملىق سەلبىي ئوبرازنىڭ ئاغزىدىن بېرىلىپ ، جاۋاب مۇقبىل رەۋشەندىل ناملىق ئىجابىي ئوبرازنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنىدۇ . تۈزۈلۈشى نەسرىي - نەزىم شەكلىدە بولۇپ ئومۇمىي كىتاب 88 سوئالغا 92 جاۋاب بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

نىزارى ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىسى بولغانلىقتىن ، خەلقلەرنىڭ كۈيىنى كۈيلەپ ، پۈتۈن ئەسەرلىرىنى خەلق ئاممىسىغا بېغىشلىدى . ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە خۇشامەت قىلىپ ، ئۇلارنى ماختاشتىن ئۆزىنى ساقلىدى . شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە كىشىلىك جەمئىيەتنى ئىنسان-

---

① بۇ ئەسەرنىڭ «زاد ئۇلنەجات» («نىجاتلىق ئوزۇقلىرى») ، «دەھرۇلنەجات» («نىجاتلىق دۇنياسى») ناملىق نۇسخىلىرىمۇ بار .

پەرۋەرلىك ، ۋاپادارلىق ، سەممىيلىك ، مەردلىك ، گۈزەللىككە ۋە دىيا-
نەتكە چاقىردى . ئالدامچىلىق ، مۇناپىقلىق ، زالىملىقنى نەپرەت قامچىسى
ئاستىغا ئالدى . ئۇ ، يەنە ئۆز ئەسەرلىرىدە چەت تىللارنى مۇمكىن قەدەر ئاز
ئىشلىتىپ ، خەلققە چۈشىنەرلىك تىل ، يېنىك ۋە ساددا ئۇسلۇب ئىش-
لەتتى . شائىرنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئېسىل
بايلىق ھېسابلىنىدۇ .

شائىرنىڭ تۇرپاندىن (ئاساسلىقى ، لۈكچۈندىكى ئەفرىدۇن ۋاڭ
ئوردىسىدىن) قەشقەرگە ، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ھۇزۇرىغا قاچان قايتىپ
كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس (بۇ ھەقتىكى يىلنامىلەردە ئىلگىرى - كېيىنلىك
مەۋجۇت) . ئومۇمەن ، شائىر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر ئوپالنىڭ
قۇمباغ (ئازىغ) كەنتىدىكى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تەيىن قىلىپ بەرگەن
ئارامگاھىدا داۋالىنىپ دەم ئالغان ۋە مۇشۇ مەزگىلدە «ھەزرىتى
موللام» (مەھمۇد قەشقەرى) تەزكىرىسىدىن پايدىلىنىپ ، «دىيارى ئىمام»
ناملىق كىتابىنى يازغان . مۇتەپەككۇر ، رېئالىزمچى شائىر ئابدۇرەھىم
نىزارى 1848 - يىلى ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ جەسىتى «ھەزرىتى موللام»
قەبرىسى جايلاشقان دۆڭلۈكنىڭ غەربىي شىمال يانباغرىغا قويۇلدى .
نىزارى قەبرىسى ھېلىمۇ شۇ جايدا «ئابدۇرەھىم سىجىلات مەقبەرىسى» نامى
بىلەن مەشھۇر .

# نورۇز ئاخۇن زىيائى

نورۇز ئاخۇن زىيائى ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ زاماندىشى ۋە يېقىن دوستى ئىدى. نىزارى لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا تۈزگەن توپلىمىنىڭ خاتىمىسىدە زىيائى ھەققىدە:

«زىيائى لەقەب بار ئىدى دىلپىسەند،
مۇساھىب بولۇپ بىزگە ئۇل دەرمەند.»

دەپ يېزىپ، بىر تەرەپتىن ئىككىسىنىڭ قېلىن دوست-ئۈلپەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن زىيائىنىڭ دەردمەن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، شائىر ئا. نىزارى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ باش كاتىپلىقىدىكى زوھورىدىن ھاكىمبەگ دىۋانخانىسىغا ئىشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئون نەچچە يىل بەگ، ۋاڭلارنىڭ ئوردىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھاياتىنى ھېچ خوۋلۇق كۆرمەيدۇ، ئاغرىپ قالغىنىدا باشپاناھسىز قېلىپ جىق جاپالار تارتىدۇ. بۇ شائىرنىڭ 1843-يىلى يازغان «مەھزۇنۇل ۋاھىزىن» («مۇڭلۇق ۋەزلەر») ناملىق داستانىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

نىزارى بىلەن بىللە ئۆتكەن دوستلۇق، مەسلەكداشلىق، ئىشداشلىق ھاياتى زىيائى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ مەزگىلدە بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 1841-يىلدىن 1843-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ نىزارى بىلەن بىللە تۇرپانغا — ئەفرىدۇن ۋاڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىدا ئۆز ئەسەرلىرىنى قايتا ئىشلەپ، نىزارى بىلەن ھەمكارلىقتا

تۇزگەن ئەدەبىي توپلامغا ئۆزىنىڭ «ۋامۇق - ئۇزرا» ، «مەسئۇد - دىلئارا» داستانلىرىنى كىرگۈزىدۇ ھەمدە توپلام تەركىبىگە كىرگەن ئەڭ يىرىك ئەسەر ـــ «چاھار دەرۋىش» نى نىزارى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىقىدۇ .

«چاھار دەرۋىش» ئەسلىدە ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ فارس تىلىدا ياراتقان چوڭ تىپتىكى چۆچەكلەر توپلىمى ئىدى . نىزارى ۋە زىيائىدىن بۇرۇن موللا سىدىق يەركەندى بۇ توپلامنى ئەسلىسىگە سادىق بولغان ھالدا نەسرىي شەكىلدە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققانىدى . نىزارى ۋە زىيائى بۇ ئەسەرنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ، ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئەنئەنىسى بويىچە ئىجادىي ئىشلەپ ، ئۇنى نەزمىي شەكىلدە يېزىپ چىقتى . داستانىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا يېقىن بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر دىئالېكتى كۆزگە خېلى چېلىقىدۇ .

«ۋامۇق - ئۇزرا» ـــ «ھىندۇ دىيارى» دا بولۇپ ئۆتكەن ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى گۈزەل خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا يېزىلغان يىرىك داستان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھىندى شاھى قىزى ئۇزراغا غايىبانە ئاشىق بولغان يىگىت ۋامۇقنىڭ ۋىسالغا يېتىشكە ئامالسىز قېلىپ ئىشق ئوتىدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ، ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن ئۇزرانىڭ ئۆزىنى غايىبانە ئىشق ئوتىغا سالغان يىگىتنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ھىجران ئىلكىدە ئۆزىنى ۋامۇقنىڭ جەسىتىگە ئېتىپ ھايات بىلەن ۋىدالاشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن . شائىر زىيائى بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ ، ئۆزىنىڭ تەڭلىك - باراۋەرلىك ، چىن مۇھەببەتنىڭ دەخلىسىز بولۇشى كېرەكلىكىدەك ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

«مەسئۇد - دىلئارا» شائىر زىيائىنىڭ شەرق كلاسسىك داستانچىلىقى ئەنئەنىسى ئۇسلۇبى بويىچە ياراتقان يەنە بىر يىرىك داستانىدۇر . خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئەرەب ئەپسانىسى ئاساسىدا يېزىلغان بۇ ئىشقىي - رومانتىك داستانىدا شائىر بەسىر پادىشاھى مىرزەبانىنىڭ ئوغلى شاھزادە مەسئۇد بىلەن ئەرەمباغنىڭ پادىشاھى شەھبال پەرىنىڭ قىزى دىلئارا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋىسالغا يېتىش

يولىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ھەممە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكەنلىكلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق سادىق ، قەتئىي ئىرادىلىك ، پىداكار كىشىلەرلا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ دېگەن ئىلغار ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

«مەسئۇد ـ دىلئارا» داستانىدا شائىر چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ . شائىرنىڭ داستاندىكى ئاساسىي ئىدىيەت — مۇھەببەت ۋاپاسى بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى جاپا ئوتتۇرىسىدىكى ئىددىيەتتۇر . شائىرنىڭ قەھرىمانلىرى جاپا تارتقانسېرى ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ۋاپاسى شۇنچە تاۋلىنىپ بارىدۇ . شائىر داستانىدا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ۋاپاسى ۋە جاپاسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى :

«جاپا بىرلە جۇپتۇر ۋاپا بىرلە تاق .»

دېگەن پەلسەپىۋى پىكىرگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ .

شائىر زىيائىنىڭ «مەھزۇنۇل ۋاھزىن» داستانى ئالتە مەۋئىزە ① ، يەتتە ماقال ، بەش تەمسىلنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ 4800 مىسرادىن تۈزۈلگەن دىنىي ، ئەخلاقىي ، دىداكتىك ئەسەر بولۇپ ، شائىرنىڭ نوپۇزلۇق ئەمگىكى قاتارىغا كىرىدۇ . داستاندا شائىرنىڭ ئانا يۇرتى — قەشقەر ھەققىدە يازغان لىرىك شېئىرلىرىدا تۆۋەندىكىدەك قۇرلار ئۇچرايدۇ :

بىلمىدۇق كاشغەر چىمەنمۇ ئىكەن ،
گۈلى گۈلزارىدا سەمەنمۇ ② ئىكەن .
يەتسە بويى ئەگەر دىمانىڭگە ،
باقمايىن مەرھەلە ③ ياراغىڭگە .

---

① مەۋئىزە — ۋەز ـ نەسىھەت ، ئۇگۈت .
② سەمەن — گۈلنىڭ بىر خىلى .
③ مەرھەل — قونالغۇ .

هەرقاچان بولسا سۇ چىمەنگە نۇزۇل ① ،
ئەيلىگەيلەر بۇ گۇلشەن ئاھۇ ھەمۇل ②

شائىر ئەسرىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ :

ئىلىم بىر گەۋھەردۇر ئىنسانغا ،
زەنۇ مەرد گاداي ۋە سۇلتانغا .
ئىلىم ئىككى جاھانغا مايە ③ ، بىل ،
ھەم قىزىق كۈندە باشقا سايە ، بىل .

ئادالەت ، ئىلىم ـ مەرىپەت ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغان شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ .

① نۇزۇل ـــ چۈشكەن ، يەتكەن .
② ھەمۇل ـــ غايىب ، يوقلۇق .
③ مايە ـــ جەۋھەر ؛ دەسمايە .

# تۇردى غەرىبى

شائىر تۇردى غەرىبى (خەلق ئۇنى «تۇردى نازىم»، «تۇردۇش ئاخۇن» دەپمۇ ئاتىغان) مىلادى 1802 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تىلسۇزاق يېزىسىدىكى بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۆز يېزىسىدىكى كونا مەكتەپتە ئوقۇپ خەت - ساۋاتىنى چىقارغان، كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ بولاقبېشى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلگىنىدە، ئۇ شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق تالانتلىق شائىر ئا. نىزارى بىلەن تونۇشىدۇ. نىزارى بىلەن تونۇشۇش ياش تۇردىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى. ئۇ نىزارىنىڭ ياردىمىدە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىقتىدارلىق، تالانتلىق بىر ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

غەرىبىنىڭ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرى تولىمۇ غۇربەتچىلىك ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ كېيىن ئىجادىيەتكە قەدەم قويغىنىدا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ غېرىب - غۇرۋانە ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تەخەللۇسىنى «غەرىبى» قويىدى. بۇ ھەقتە شائىر مۇنۇلارنى يازىدۇ:

جاھان ئىچرە غۇربەتتىن ھالىم تەئەب ①
ئىدى تۇردى ئىسمىم «غەرىبى» لەقەب.

نىزارى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تەرىپىدىن دىۋانخانا (كاتىبات ئىشخانىسى) نىڭ باش مىرزىلىقىغا تەيىنلەنگەندە، تۇردى غەرىبىمۇ دىۋانخانىنىڭ مىرزىلىقىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ خىزمەت ھەمدە ئىجادىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

① تەئەب — قىيىنچىلىق؛ ھېرىش، تېلىش.

شائىر 1840 ـ ، 1841 ـ يىللىرى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەشقەردە «كىتابى غەرىب» ئەسىرىنى يېزىپ، ئوتتۇزدىن ئوشۇق كەسىپ ۋە ھۈنەر ئىگىلىرىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئورنى، ئىچكى زىددىيەتلىرى ۋە ھەرقايسى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ چىقتى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ سوئال ـ جاۋابلىرى ئارقىلىق ئىلىم ـ پەن، ئەمگەك، ئادالەت، راستچىللىق، ئۆز ئارا ياردەم، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇلۇغلىدى. دېمەك، شائىر بۇ ئەسىرىدە تەڭسىزلىك، مۇناپىقلىق ۋە شەخسىي ئاداۋەت، ئىچكى نىزالار ئەۋج ئالغان قاراڭغۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە شەرىئەت يولى بىلەن جەمئىيەتنى توغرا يولغا سېلىش مەيدانىدا تۇرغان بىر ئىسلاھاتچى، جەمئىيەتشۇناس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

1841 ـ يىلى نىزارى، زىيائىلار تۇرپانغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي غەرىبمۇ تۇرپانغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە نىزارى، زىيائىلار قولغا ئالغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى زور ھەجىملىك داستانلار سىكلىنى تۈزۈش ئىشىغا قاتنىشىدۇ ۋە بۇ توپلامغا ئۆزىنىڭ نەۋائىي ئىزىدىن مېڭىپ ياراتقان يىرىك ئەسىرى ــ «شاھ بەھرام» داستانىنى كىرگۈزىدۇ.

شائىر غەرىبى «شاھ بەھرام» داستانىنى يېزىشقا كىرىشكىنىدە بىردىنبىر مەنبە سۈپىتىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئەئى سەيياھ» ئەسىرىگە ئاساسلاندى. چۈنكى ئۇ ئۆز خەلقىگە نەۋائىي ئىجادىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ھەمدە نەۋائىي مىراسلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قويغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ غەرىبى ئۇن مىڭ مىسرالىق «سەئبەئى سەييار» داستانىنىڭ ئاساسىي مېغىزىنى تاللاپ، ئەسەرنىڭ قىسقا ۋارىيانتىنى ياراتتى، ئۇ نەۋائىي داستانىنىڭ سيۇژىتىغا ئاساسلىنىپ،

ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ، روھىنى ساقلاپ قېلىپ بەزىبىر ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزدى ۋە ئايرىم ئوبرازلارنى تېخىمۇ مۇكەممەلەشتۈردى .

شائىر غەرىبىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى لىرىك غەزەللەر يېزىش بىلەن باشلانغان . ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن غەزەللىرى ئاساسەن ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدا بولۇپ ، شائىر بۇ غەزەللىرىدە مۇھەببەت دەردىدە ، ھىجران ئوتىدا يۈرىكى جاراھەتلەنگەن بىر لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا گەۋدىلەندۈرىدۇ . شائىر غەزەللىرىدە يەنە زاھىدلىق تەلىماتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەنقىد قىلىپ ، زاھىدلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى . ئۇ زاھىدلارنى ئىنسانىي مۇھەببەت - ئىشقنى بىلمەيدىغانلار قاتارىدا ھېسابلىدى :

مۇھەببەت لەززىتىدىن بىخەۋەردۇر زاھىد غاپىل ،
غەرىبى دەردى ئىشقنى ئىشقى بارلاردىن سورا .

شائىر تۇردى غەرىبى 1862 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولدى .

# ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى

ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر
شەھىرىگە قاراشلىق قوغان يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
ئىلىم - مەرىپەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان سەبۇرى قەشقەردىكى
باشلانغۇچ ۋە يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا (مەدرىسىلەردە) جاپاغا چىداپ تى-
رىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، زامانىسىنىڭ يېتىلگەن ئىلىم ئەھلىگە
ئايلانغان. ھاياتى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتتۈۋاتقان شائىر تۇرمۇشىنىڭ
ئېغىر بېسىملىرىغا تىز پۈكمەي ئىزچىل ئىجادىيەت، ئىلمىي ئىشلار بىلەن
شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ بۇ روھىدىن تەسىرلەنگەن ۋە شائىرنىڭ ئىستېدات،
ئىقتىدارىغا قايىل بولغان قەشقەر ھۆكۈمدارى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ شا-
ئىرغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كېپىللىك قىلىش ۋە
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش نىيىتىدە،
ئۇنىڭغا قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆمەن دەرياسى بويىدىكى ھەرەمباغ
يېزىسىدىن بىر بۆلۈك يەر ۋە سۇ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. سەبۇرى ئائى-
لىسى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ بىر چەتتىن دېھقانچىلىق قىلىپ،
يەنە بىر چەتتىن ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە 19 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

سەبۇرى ئەسەرلىرىدىن ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغىنى «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا»، «دىۋان سەبۇرى» ۋە «ماقالات» دىن ئىبارەت.

«نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» ئەسىرىنى سەبۇرى 1840 - يىلى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يازغان، شائىر ئۇنىڭدا نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئاساس قىلىپ،

نەۋائىنىڭ ئادالەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەيدۇ ، نەۋائىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ھەم مەملىكەتتە ئادالەت ، ھەققانىيەت ئورنىتىش يولىدا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى قىزغىن مەدھىيلەپ ، ئۆزىنىڭ نەۋائى ئادالەتپەرۋەرلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ قۇدرىتى ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نۇرى بىلەن جاھالەت ۋە زۇلۇمنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتەك ئۆپتىمىستىك كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

«دىۋان سەبۇرى» شائىرنىڭ بىر بۆلۈك غەزەل ، مەسنەۋى ، تەرجىئى بەندلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنئەنە بويىچە مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئادالەت ، ھەققانىيەت ، مەرىپەت ، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى ، ئاچكۆزلۈك ، ئابرويپەرەسلىك ، ھىيلىگەرلىك ، ساختىپەزلىك ، يالغانچىلىق ، خىيانەت - ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە بولغان ھەققانىي غەزەپ - نەپرىتى ، زاماننىڭ بىۋاپالىقى ئۈستىدىكى شىكايىتى ئەكس ئېتىدۇ .

«ماقالات» شائىرنىڭ نەۋائىشۇناسلىق ئىشىنىڭ يەنە بىر نادىر جەۋھىرىدۇر . مەلۇم بولۇشىچە ، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ سەبۇرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە جاۋابەن : «نەسرىي ئىبادەت تەرزى بىلەن خاس ئاۋامنىڭ ئاممىباب تىلىدا راۋان بىر ئەسەر مەيدانغا كەلتۈرۈلسە ، خەلقنىڭ چۈشىنىشىگە ئېغىر كەلمەي پايدىلانسا» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ . سەبۇرى بۇ ھەقتە كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ : «ئەگەرچە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قول سېلىشقا ھەددىم يوق ئىدى ، ئەمىرگە بويسۇنۇش تەقەززاسىدىن چارىسىز قەلەم سۈردۈم . يىراقنى كۆرگۈچى ئەمىر ھۆسەيىن سەبۇرى ئەرز قىلۇركى ، مەشھۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ زور خىزمەت ئېتىكىگە قول تەگكۈزۈلدى . ھەر بىر بۇلبۇل ئۆزى بىلگىنىچە سايرايدۇ ۋە ھەر تۇتى ئۆز ئىقتىدارىچە ناۋا تۈزىدۇ . مەن پېقىرغا مەئنى گۈلچېھرەسىدىن ئازغىنا كۆ-

رۇنۇپ ئىدى ، ئاشۇ ئىقتىدارىمچە مەئنى كىلىنىگە زىبۇ زىننەت بەرگەيمەن .»

سەبۇرى «ماقالات» نى نەسرىي تۇرنىڭ سەجئە (نەسرى ئەسەرلەردىكى قاپىيىلىك چۇشۇرگە) شەكلىگە مۇراجىئەت قىلىپ ، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ماقالات تۈزۈش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «ھەيرەتۇلئەبرار» ، مەشھۇر پەلسەپىۋى داستانى «لىسانۇتتەير» گە جاۋابەن يېزىپ چىققان ۋە مەزمۇن ، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئىمكانىقەدەر يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇشقا تىرىشقان . «ماقالات» تا يەنە نەۋائىنىڭ يىرىك ئەسىرى — «مەھبۇبۇلقۇلۇب» نىڭ تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈكتۇر . دېمەك ، سەبۇرى ئۆزىنىڭ بۇ ئەمگىكىدە نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىگە ئىجادىي ياندىشىدۇ ۋە كۆپلەپ ئۆزلۈك ئالىدۇ .

سەبۇرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بۇ ئەسىرى 20 بابتىن قۇرۇلغان بولۇپ ، مەزمۇنىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقى ، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئەدىب شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ دىداكتىك پەلسەپىۋى داستانچىلىق ، ماقالاتچىلىق ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىپ ، كىشىلىك ئەخلاقى ۋە زامانغا بولغان قاراشلىرىنى سىمۋوللۇق پېرسوناژلار ، يۇمۇرلۇق ، ھەجۋى ۋاستىلەر ، ئىبرەتلىك پارچە ، مەسەللەر ياردىمىدە جانلىق ، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادە قىلىدۇ .

«ماقالات» 1842 ـ ، 1843 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان . ئەدىبنىڭ ئۆز قول يازما ئەسىرى قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىمىر ھەسەن قۇتلۇق ھاجى تەرىپىدىن ساقلانغان بولۇپ ، 1962 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇلدا بۇرھان ئەپەندىگە تەقدىم قىلىنغان . بۇرھان ئەپەندى بۇ تەۋەررۇك ئەسەرنى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن .

ئەدىب ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق .

# زوھۇرى

«زوھۇرى» تەخەللۇسى بىلەن بىزگە ئۆز دىۋانىنى قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىپ، 19 - ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدا قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئىكەنلىكى يېقىنقى يىللاردا ئەدەبىياتىمىزغا ئايان بولدى ①.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تۇرپاندىكى ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن يەرلىك فېئودال ۋاڭ - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇم تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى قوللىغان. نەتىجىدە، بۇ مەزگىلدە نىزارى، زىيائى، غەرىبى ۋە سەبۇرى قاتارلىق ئەدىبلەر مەيدانغا چىقىپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى بىر يۈكسىلىشنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى. زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى ۋە رولىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر ئەدىب ئىكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

زوھۇرىدىننىڭ دىۋانى پۈتۈنلەي غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىدا «زوھۇرى» تەخەللۇسىنى

---

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 11 - سانىدا شائىر قۇربان بارات زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ھەمدە «دىۋان زوھۇرى» نى ئېلان قىلدى.

ئىشلەتكەندىن تاشقىرى ئۆز ئىسمى زوھۇرىدىنىنمۇ قوللانغان. بەزى غەزەللەردە ئۆزىگە «شاھ»، «شاھا» دەپمۇ خىتاب قىلغان، بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق ئورنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تىلى بولسا كېرەك. دىۋانىنىڭ سەۋىيىسىدىن شائىر زوھۇرىدىنىڭ ئۆز زامانىسىغا كۆرە يۇقىرى مەلۇماتلىق، مۇئەييەن ئەدەبىي ئىستېداتقا ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى، ئەرەب، فارس تىللىرىدىنمۇ خەۋىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دىۋاندىكى غەزەللەر ئىشق - مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تېمىدا بولۇپ، شائىرنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇلىرى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغىنى ئۈچۈن 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى بورىنىدا فەرغانىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى، قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزىگە خاس بىر بۆلۈك ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەمدە 30 -، 40 - يىللاردا قەشقەردىكى ئەدەبىي ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشىدە ئوينىغان رولى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ.

# موللا نىيازى

شائىر موللا نىيازىنىڭ تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس . دىۋانىنىڭ باشتىكى ئىچ مۇقاۋىسىغا خەتتات موللا فەتھ قۇمۇلى تەرىپىدىن يېزىلغان :

«بۇ دىۋان ساھىبى موللا نىياز ئاشىق ئاخۇن ،
مۇھەببەت جامىدىن مەي ئىچىپ باغرىنى قىلغان خۇن .»

دېگەن مىسرالارغا ۋە دىۋاندىكى باشقا قىسمەن مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ شائىر موللا نىيازىنىڭ (ئۇ شېئىرلىرىدا «نىيازى» نى تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن) «دىۋان نىيازى» نى مىلادى 1841 ـ 1842 ـ يىللىرى دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ . دىۋانىنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىدىكى : «ھەزرەت تۇرپان جاساق مۇھەممەد ئەفرىدۇن جۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ نىياز كىتابلىرى»دېگەن خاتىرىدىن دىۋانىنىڭ تۇرپاندا پۈتۈلۈپ ، مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭغا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن . ئەمەلىيەتتىمۇ ، دىۋان پۈتۈلگەن ۋە مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭغا تەقدىم قىلىنغان ۋاقىت ئەفرىدۇننىڭ لۈكچۈن (تۇرپان) ۋاڭلىقىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ .

«دىۋان نىيازى» ① 135 پارچە لىرىك غەزەل ، بىر تاماقلار مۇنازىرىسىۋە بىر مېۋىلەر مۇنازىرىسى قاتارلىق مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئىككى پارچە تىپىك نەزمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . شائىرنىڭ ھەممە غەزەللىرى دېگۈدەك مۇھەببەت تېمىسىدا بولۇپ ، بەدىئىي جەھەتتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ .

نىيازى ھاياتىنى ۋە لىرىكىسىنى ئۆگىنىش 19 ـ ئەسىر شەرقىي شىنجاڭ ئەدەبىي ھاياتى ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىر مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ .

---

① «دىۋان نىيازى» ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1983 ـ يىل ئومۇمىي 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان .

# خۇشهال غەربى

19 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى خۇشهال غەرىبنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى پاكىتلىق ماتېرىياللارنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئاكتۇۋال مەسىلىلىرى» ناملىق ئەسەردىكى ئا. جەلىلوۋنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىش مۇمكىن.①

جەلىلوۋنىڭ تەتقىقاتىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، شائىر خۇشهال غەربىي ئەسلى قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان. قەشقەر مەدرىسىدە زامانىنىڭ مەشھۇر دانىشمەنلىرىدىن بىرى بولغان مەۋلەۋى خوجامۇھەممەد ئاخۇنۇمنىڭ دەرسخانىسىدا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىببىي ئىلىم، مەنتىق، گىراماتىكا، پەلسەپە پەنلىرىنى ۋە ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ قەشقەردە 1827 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئۇستازى بىلەن بىللە قوقانغا قېچىپ چىققان.

خۇشهال غەربىي فەرغانە ۋادىسىنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا ئېغىر مۇساپىرلىق هاياتىنى كەچۈرۈپ، كۆپ رىيازەت چېكىدۇ. ئۇ بۇ جەريانىدا نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز ۋەتىنى، يار ـ بۇرادەرلىرىگە بولغان سېغىنىشىنى، ۋەتەندىن ئايرىلىش ئازابلىرىنى ۋە ۋەتەننى كۆرۈش ئىشتىياق ـ ئىنتىلىشلىرىنى، ناھايىتى تەسىرلىك، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ۋە ئاكتۇۋال بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانغا مۇھەببەت، چىن سۆيگۈ، ۋاپادارلىق،

① ئامانبېك جەلىلوۋنىڭ «خۇشهال غەربىي ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار» ناملىق بۇ ماقالىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىل 1 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

ساداقەت، دوستلۇق، ئىلىم - مەرىپەت غايىلىرىنى تەرغىپ قىلىش، ۋاپاسىزلىقنى، جاھىل - نادانلارنى، ئەپسانىۋى ھۆر - پەرى، جەننەتنى دەپ بۇ دۇنيانى تەرك ئەتكەن زاھىدلارنى تەنقىد قىلىش خۇشھال غەربى ئىجادىنىڭ ئومۇمىي تېماتىكىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

خۇشھال غەربى ئىجادىدىن بىزگە ئۇنىڭ «كۇللىيات غەربى» ناملىق قول يازما توپلامى مىراس قالغان بولۇپ، توپلامنىڭ بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا، يەنە بىر نۇسخىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنامىدىكى ئەنجان ئوبلاستلىق كۇتۇپخانىنىڭ نادىر كىتابلار بۆلۈمىدە ساقلىنىدۇ. «كۇللىيات غەربى» ناملىق بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئارزۇ ۋەزنىنىڭ تۆرلۈك بەھرلىرىدە يازغان 271 غەزەل، 53 مەسنەۋى، 37 رۇبائى، 14 مۇخەممەس، 14 ساقىنامە، ئۈچ مۇستەھزاد، 31 قىتئە ۋە بىر تارىخى قاتارلىق جەمئىي 424 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

شائىر خۇشھال غەربىنىڭ «كۇللىيات غەربى» ئەسىرىدىن ئېلىپ نەشرگە تەييارلانغان (ئا. جەلىلۇپ تەرىپىدىن) بىر قىسىم شېئىرلار قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «پەرۋاز» ناملىق توپلامنىڭ (ئۇيغۇر تىلىدىكى) 1988 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# موللا قۇربان

شائىر موللا قۇرباننىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «داستانى ئىمام جەئفەرى سادىق» ناملىق داستانىدىن تەشكىل تاپقان بىر قول يازما توپلىمى 1986 - يىلى خوتەن شەھىرىدىن تېپىلغان①.

قول يازما 200 بەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ 152 بېتىگە موللا قۇرباننىڭ شېئىرلىرى ۋە داستانى كۆچۈرۈلگەن. قول يازمىدىكى شېئىرلاردىن بۇرۇنراق يېزىلغىنى، 1854 - يىلى يېزىلغان بىر مەرسىيە بولۇپ، شېئىرلارنىڭ 1859 - 1860 - يىللىرى، داستانىنىڭ 1870 - 1871 - يىللىرى كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قاراپ، شائىر موللا قۇرباننىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 70 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

شائىر موللا قۇرباننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. شائىرنىڭ چىرىيىدىكى ئىماملار مازىرىنى تەرىپلەپ يازغان بىر شېئىرىدىكى:

«تەمامى مىلك چىرا — ئىت، قۇشلىرىدۇرمىز بۇ دەرگاھىنىڭ،
چىرا ئادەملەرى بولسۇن ۋەيا بولسۇن گۇلەخمارى.»

دېگەن مىسرالاردىن ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ چىرىيە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. شائىر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كىرىيە ۋە خوتەنلەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ بۇ ھەقتە:

① شائىرنىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نەشرگە تەييارلىغۇچى سۆزىدىن ئېلىندى.

«گاھى كەربە گاھى خوتەندە يۈرۈپ،
تۇتمادىم ئۆيمۇ بىر ۋەتەندە يۈرۈپ.»

دەپ يازغان.

شائىر موللا قۇربان ئۆز شېئىرلىرىدا يەنە ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ يېتىملىك، غېرىبلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەنلىكىنى يازغان ھەمدە ئۆز ئائىلىسىنىڭ غۇربەتلىك تۇرمۇشىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«شەھرى غۇربەتكە تۈشۈپ بولمادى بىزگە كەڭلىك،
تۈگەچ ئاشلىقىمىز بولدى بەغايەت تەڭلىك.
نەفسىگە بەرگەلى ھېچ نەرسە تاپالماي قۇربان،
خارلىقغە قالادۇر گاھى مۇبارەك رەمازان.
بالالارغە بولادۇر كەرسەنەلىك بىرلە زۇلۇم،
ئۇرۇپ ئالماققا ھۆكمۈم يوق، ساتىپ ئالماققا پۇلۇم.
تام تېشىپ قىلسام ئوغرىلىق تېخى ھەم بولماغۇدەك،
بەگلەرىم تۇتسە، تۇتۇپ جانىنى، تىرىك قويماغۇدەك.»

شائىر موللا قۇربان ئۆز شېئىرلىرىدا زامانىسىنىڭ رېئال زىددىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان بولۇپ، بۇ خىل ئىجابىي تەرەپلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كۆزگە خېلى كۆپ تاشلىنىدۇ.

موللا قۇرباننىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىقتىدار ۋە ئورگىناللىققا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شائىرنىڭ نەۋائى غەزەللىرىگە يازغان مۇخەممەسلىرىدە روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ مۇخەممەسلەر مەيلى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ئاساسىي غەزەل بىلەن ياخشى ماسلاشقان.

# موللا بىلال نازىمى

موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى — 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، ئىنسانىي تۇيغۇ ، ھېسسىياتقا باي لىرىكىلىرى ، ئەينى زامان رېئاللىقىدىكى ۋەقەلەر ئاساس قىلىنغان داستانلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ رېئالىزمىنى يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلەيدىغان شائىر .

موللا بىلال 1823 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى نامرات موزدۇز يۇسۇپ ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . شائىرنىڭ ئاتىسى نامرات كاسىپ بولۇشىغا قارىماستىن ، مەرىپەتكە ئىنتىلەتتى . شۇڭا ياش بىلال ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ ، خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان . كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شۇ جەرياندا ئىجادىيەتكە ئىنتىلگەن . ياش شائىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرى ھەم شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان (بۇ ھال شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدىلا ئەكس ئېتىشكە باشلىغان) . شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن . شائىر ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يازغان ئەسىرى «غازات دەرمۈلكى چىن» دە «ئۈستىدە تون ، ئىلكىدە ئالتۇن - زەبۇن ھالەتتە ، خالايىق ئىچىدە خار ۋە زەلىل بولۇپ ھايات كەچۈردۇم» دەپ ئەسلىتىپ ئۆتكەن . شائىرنىڭ شۇنداق ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىغا ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىگە ئاساس ۋە تۈرتكە بولغان . شۇڭا موللا

بىلال مەدرىستە ۋە ئۇنى پۈتتۈرۈپ مەلۇم مەسچىتتە مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ياكى «تەيپىڭ تيەنگو» نىڭ تەسىرى ئاستىدا 1867 - يىلى ئىلىدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان مەزگىللىرىدە بولسۇن، ھامان خەلق بىلەن دىلكەش بولغان، ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇلىرى ئىنقىلابىي پائالىيىتىدىن ئۆز ئەسەرلىرى ئۈچۈن تېما ۋە ماتېرىيال ئىزدىگەن، ئۆزى بىلەن زاماندىش خەلق قوشاقچىلىرى بىلەن دوست بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي كامالىتى ئۈچۈن بەھر ئالغان. موللا بىلال لىرىكىلىرىنىڭ ئەينى چاغلاردىلا خەلق ئارىسىغا تارقاپ، خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانى بىزگە ئۇنىڭ چىڭ خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىلى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى، ئېزىلىشكە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى، چارروسىيىنىڭ زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقىغا ئىنتايىن نارازى كەيپىياتتا بولۇپ، قارشى تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. موللا بىلال ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەسلىدە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ماكانى بولغان، كېيىن چارروسىيە تاجاۋۇز-چىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان ياركەنت شەھىرىدە نامراتلىق ھەم ۋەيرانىچىلىقتا ئۆتكۈزگەن. 77 يېشىدا ئەما بولۇپ، 1900 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ①

موللا بىلالنىڭ ھاياتى مۇرەككەپ، بوران - چاپقۇنلۇق، داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردا ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجادىي مىراسى ئۆزىنىڭ بەدىئىي يۈكسەكلىكى، تېمىسىنىڭ ھەر خىللىقى بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئەينى يىللاردىكى ھاياتنى، داۋالغۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىكتۇر.

---

① شائىرنىڭ تۇغۇلغان ھەم ۋاپات بولغان ۋاقتى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشر قىلغان «غەزەلىيات» دا بېرىلگەن مەلۇمات بويىچە توغرىلاندى — ئى. ئە.

موللا بىلالنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى غەزەللىرىنى دىۋان شەكلىگە
كەلتۈرگەن توپلىمى «غەزەلىيات» شائىر ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋە خېلى
يۈكسەك سەۋىيىلىك مېۋىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر ئىجادىي پائالىيە-
تىنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.
«غەزەلىيات» ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزەللەر ئاساسەن سۆيگۈ تېمىسىغا
بېغىشلانغان. شائىر سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق فېئوداللىق
جەمئىيىتىنىڭ كىشىلەر بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى، ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتتىكى خۇراپات ئاسارىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شائىر
غەزەللىرىدە يارنى ئۇلۇغلاش، يەنى فېئودال كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى،
كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇلارغا
ئوقۇلغان مەدھىيىلەر تېمىسالىدا كىشىلىك ئەركىنلىكى، تەڭلىكى، سادا-
قەت ۋە ۋاپادارلىقىنى ئۇلۇغلايدۇ، شائىر نەزەرىدە ئاياللارغا قانداق
مۇئامىلىدە بولۇش ئەينى ۋاقىتتا، ئىنسانىي ئەركىنلىك، ئىجتىمائىي تەڭ-
سىزلىككە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىبارەت ئۆتكۈر ئىجتىمائىي
مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «غەزەلىيات» تا يارنىڭ بىۋاپا-
لىقى ۋە جەبىر - جاپاسى ئۈستىدىن قىلىنغان ئاغرىنىش ۋە شىكايەتلەرمۇ
ئاز ئەمەس. بۇ، خۇددى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى سۆيگۈ تېمىسى-
دىكى غەزەللەرگە ئوخشاش فېئوداليزم جەمئىيىتىنىڭ كىشىلىك
ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپىتىنىڭ
كۆچۈرۈلمە ئىنكاسىدۇر. «غەزەلىيات» تىكى يارنىڭ بىۋاپالىقى ۋە ئۆزىنىڭ
دەردۇ غەم بىلەن خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلىدىغان مىسرالارنى
پەقەت مۇئەللىپنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتى ۋە سۆيگۈ ئازابى سۈپىتىدە
چۈشىنىش بەكمۇ يۈزەكى قاراشتۇر. ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈپ تەھلىل
قىلغاندا، بۇنداق مىسرالار ئەينى يىللاردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پا-
جىئەسى ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىر خىل ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
موللا بىلال غەزەللىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ھادىسە
شائىرنىڭ لىرىك ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشەن-

دۇرۇپ بېرىدۇ .

موللا بىلالنىڭ چوڭ ھەجىملىك داستانى «غازات دەرمۇلكى چىن» (1875 ـ يىلى يېزىلغان) فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنى ، يەنى «تەيپىڭ تيەنگو» نىڭ تەسىرىدە ئىلى رايونىدا قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شائىر بۇ قوزغىلاڭنىڭ بىۋاستە كۆزەتكۈچىسى ۋە ئىشتىراكچىسى سۈپىتىدە ، ئۇنى خەلقنىڭ ئادالەتسىزلىككە قارشى ھەرىكىتى ۋە ئۆز غايىسىدىكى ئادالەتكە ئىنتىلىشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى دەپ قاراپ ، ئۇنى ئۆز داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى ، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى رېئال تېمىلار ئارقىلىق ئەسەر يېزىشتا ئابدۇرەھىم نىزارىدىن كېيىنكى زور بىر ئۆلگە ھېسابلاشقا بولىدۇ . مەزكۇر داستاننىڭ قىممەتلىك تەرەپلىرىدىن بىرسى ، گەرچە دىنىي پەردە ئاستىدا بولسىمۇ ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتەلىگەنلىكىدە ئىپادىلەنسە ، ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ، رېئال ۋەقەلەرنى نىسبەتەن ئەينەن تەسۋىرلىگەنلىكىدە ، شۇنداقلا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان يۇقىرى تەبىقە ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ . تارىخىي شەرت ـ شارائىت ۋە يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، موللا بىلال قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغان سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە ، قوزغىلاڭ جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەيدۇ . ئەلۋەتتە ، ئەينى تارىخىي شارائىتتا شائىرغا ئۇنداق تەلەپنى قويۇشمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى .

موللا بىلالنىڭ رېئال ۋەقەلەر ئاساسىدا يازغان يەنە بىر داستانى «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» (1881 ـ يىلى يېزىلغان) بولۇپ ، ئۇ ، ئەينى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرانىڭ ياخشى نەمۇنىسىدۇر . شائىر بۇ ئەسىرىدە دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئالدامچى ئاچكۆز ، ئىغۋاگەر شەخسنىڭ ساختا قىلمىشلىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ ۋە خەلقنى بۇنداق قىلىقلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ .

شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا خاتىرىلىنىپ، پۈتۈپ چىققان «نوزۇگۇم» قىسسىسى — مەيلى تېما، مەيلى مەزمۇن، مەيلى رېئالىزمنىڭ چوڭقۇرلىشىشى جەھەتتىن بولسۇن، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا يېڭىلىق ئېلىپ كىرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرسى. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە، تەنقىدىي رېئالىزمدىنمۇ ئۈستۈن تۇردۇ. بۇنىڭدا شائىر ئاياللار ئوبرازىنى ئاسارەتكە قارشى روھىي ئىسيان-كارلىق بىلەن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق فېئودال رېئاللىقنى ئىنكار قىلغۇچى ۋاپادار ئاشىق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى زۇلۇمغا قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلغۇچى ئۈمىدۋار قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى بىر ئۈلگە تىكلىدى. يەنى موللا بىلال نازىمى ئاياللار ئوبرازىنى نوقۇل سۆيگۈ-ئىشق سەھنىسىدىن جەڭ-كۈرەش سەھنىسىگە يۆتكىدى. ئەسلىدە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىشتىراكچىسى نوزۇگۇم ئۆز غايىسىگە ئاخىرىغىچە سادىق بولۇپ، زۇلۇمغا قارشى تۇردى ھەم ھاياتى ئۆچۈن كۈرەش قىلدى، كۈرەش بىلەن قۇربان بولدى. شۇڭا شائىر نو-زۇگۇمغا بېغىشلانغان مىسرالىرىدا ئۇنىڭغا:

«بۇنىڭدەك بولسا خاتۇنلار پائالى،
تاپار جەننەت بۇزەنلەرنى كامالى»

دەپ مەدھىيە ئوقۇدى.

موللا بىلال نازىمىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەنقىدىي رې-ئالىزمدىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر دەۋرىنىڭ پەخرى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالدۇ.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 3 - سانىدىكى ئابدۇشۇكۇر تۇردى تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى)

# موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» («مۇزىكىچىلار تارىخى») ناملىق رىسالىسى بىلەن تونۇلغان موللا نېمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا (مۆجىزى) نىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىز ھازىرچە ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمىدا بېرىلگەن بايانلاردىن ئېلىپ كېلىۋاتىمىز.

مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى 1828 ـ يىلدىن باشلاپ چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خوتەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەلشىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىلادى 1854 ـ 1855 ـ يىللىرى يېزىپ چىققان. بۇنىڭ ـ دىن، مۆجىزىنىڭ 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئەلشىر ھاكىمبەگ تىلىدىن مۆجىزى تە ـ رىپىگە بېرىلگەن مۇنداق جۈملىلەر بار: «سەنكىم كەسبىڭ ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبيات ①مەملىكەتىنىڭ بۇلبۇلۋار سۇلتانى، ئەدەبىيات مۈلكىنىڭ تۇتى شىرىن لىسانىدۇرسەن ② ھەم خۇش پۈتكۈچى ھەم دىلكەش ئەيتقۇچى سەندۇرسەن.» ③ بۇ تەرىپلەردىن موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ئۆز دەۋرىدە داڭلىق سازەندە، ئەدىب ھەمدە ئۇستا خەتتات، ماھىر ناخشىچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن پەقەت بىزگە تارىخىي ـ ئەدەبىي تەزكىرە تىپىدىكى ئەنە شۇ ئەسىرىدىلا يېتىپ كەلگەن.

---

① شېئىر، بېيىت.

② لىسان ـ تىل، سۆز.

③ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982)، 25 ـ بەت.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللەشىش جەريانى، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مۇزىكا ئۇستىلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. گەرچە بۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى يەركەن خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان قىدىرخان يەركەندى ۋە ئامانىساخان (نەفىسى) ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى قىدىرخان، ئامانىساخان ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدا مۆجىزىنىڭ مۇشۇ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلاندى.

# موللا مۇھەممەد نىيازى

موللا مۇھەممەد نىيازى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر يېڭىسار ناھىيە قوناساق كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ھىجرىيە 1273 ـ يىلى (مىلادىيە 1856 ـ 1857 ـ يىللار) يېزىلغان «مەنسۇر» ① ناملىق داستانىدىن ئىبارەت.

شائىر موللا مۇھەممەد نىيازىنىڭ «مەنسۇر» ناملىق داستانى ئىسلامىيەتتىكى تەسەۋۋۇپنىڭ تونۇلغان ئىجادچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ مەنسۇر ئەل ـ ھۇسەيىن ئەل ـ ھەللاجغا بېغىشلانغان. موللا مۇھەممەد نىيازى مەنسۇر رىۋايىتى ئاساسىدا ئەسلى فارس تىلىدا نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان شۇ ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ شېئىرىي شەكىلدە ئىجادىي ئىشلەپ چىقىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئېقىمىنىڭ تونۇلغان ۋەكىلى مەنسۇر ھەللاج ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان ھورۇفى نەسىمىگە ھېسداشلىق قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئۇلۇغلىغان. ئۇ رىۋايەت تۈسىدىكى بۇ ئەسەرنى ئىجادىي ئىشلەش داۋامىدا يەنە خوجا ئەھمەد يەسەۋىنى رىۋايەت قىلغۇچى قاتارىدا قويغان ھەمدە ئۇ ئارقىلىق مەنسۇر ۋە نەسىمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر بىلەن باغلىغان.

داستان 1383 مىسرادىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. غەزەل ۋە مەسنەۋى شەكلىدىكى ئالدىنقى 30 مىسرا كىرىش سۆز، كېيىنكى 1353 مىسرا داستاننىڭ سيۇژىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ

---

① مەزكۇر داستان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

قىسمىدىكى ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان 32 مىسرالىق ئۈچ پارچە غەزەلدىن باشقىسى مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان. داستاننىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن شائىر موللا مۇھەممەد نىيازىنىڭ بىر قەدەر يېتىلگەن، ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى پىكىر، دۇنيا قاراشقا ئىگە ئەدىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىغا قارىماي، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، بىر بۆلۈك ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ «مەنسۇر» دىن باشقا ئەسەرلىرى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

# موللا شاكىر

ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچىسى موللا شاكىر 1805 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھاياتى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندا ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش، تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى قىسمەن مەلۇماتلارنى ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى — «زەفەرنامە» دىن ئالغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ھەققىدە باشقا ماتېرىياللارغا ئېگە ئەمەسمىز. «زەفەرنامە» دىن مەلۇم بولۇشىچە، شائىر موللا شاكىر تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان بۇ داستاننى ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى (مىلادىيە 1866 - 1867 - يىللار) 61 يېشىدا يېزىپ چىققان. ئەسەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان 3720 مىسرا بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر «زەفەرنامە» نىڭ خاتىمىسىدە بۇ ئەسەرنى بەش ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى، تىلى، شېئىرىي قۇرۇلمىسى، تارىخىي مەلۇماتلىرىنىڭ ئېنىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدە خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسەردە 1864 - يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى كۇچاردىن كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەن خەلق قوزغىلىڭى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە غەلىبىلىرى، قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىدىن راشىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىللە سايىد ھېكىمبەگكە ئوخشاش خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ خىيانەتكارانە قىلمىشلىرى پاش قىلىنىدۇ. چىڭ ھاكىمىيىتى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال - پومېشچىكلار بىلەن بىرلىشىپ

ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان زۇلۇم - ئوقۇبەتلىرى پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلىنىدۇ .

«زەفەرنامە» مۇھىم پاكىت قىممىتىگە ئىگە تارىخىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن ، بەزى يۇرت ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى ، شىنجاڭدىكى بەزى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە يەر تۈزۈلۈشىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك ئىلمىي ، بەدىئىي ئەسەردۇر . شائىر ئۆز داستانىدا تۇغلۇق تۆمۈرخانىدىن كېيىن بولغۇسۇن ، كۇسەند ، شەھرى بەربەر ، ئەردەۋىل دېگەن يەر ناملىرىنىڭ ئىلى ، كۇچا ، ئۈچتۇرپان ، ئاقسۇ دېگەن ناملارغا ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ .

«زەفەرنامە» نىڭ قول يازما نۇسخىسىنى قۇمۇللۇق شاكىر ئىمام 1923 - يىلدىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن بولۇپ ، 1955 - يىلى ئىيۇندا شىنجاڭ تارىخىي مۇزېيىغا ھەدىيە قىلغان .

# دىلبەر دورغا

105 مىسرا، 21 كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن «مەزلۇملار ئاھى» سەرلەۋھە-
لىك مۇخەممەس بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىز ئىچىدە
ئېغىزدىن ئېغىزغا، دەپتەردىن - دەپتەرگە كۆچۈپ زامانىمىزغىچە يېتىپ
كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلارنىڭ بىرى. ئەسەرنىڭ باش ۋە
ئاخىرىدىكى ئاپتور تەخەللۇسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدىن، ئەسەر يېزىلغان
دەۋر شارائىتىدىن ۋە ئاپتور ھەققىدىكى كېيىنكى ئىزدىنىشلەردىن بىز بۇ
قىممەتلىك بەدىئىي مىراس ئاپتورىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە ياشاپ ئۆتكەن «دىلبەر دورغا»
ناملىق شائىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا
چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى يەرلىك ۋاڭ، بەگلەر بى-
لەن بىرلىشىپ خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتۇرىدۇ.
خىلمۇ خىل ناملار بىلەن ئاتالغان ئالۋان - ياساقلار ھەدەپ كۆپىيىپ،
خەلق ئاممىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە تەلتۆكۈس خاراب بولۇشقا قاراپ يۈز
تۇتىدۇ. شائىر دىلبەر دوغىنىڭ مۇخەممىسى ئەنە شۇ تارىخىي - ئىجتىما-
ئىي شارائىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى زاماندىكى شەپقەتسىز
رېئاللىق، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى كۈلپەتلىك ئورنى، ئې-
چىنىشلىق ھاياتى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

نامە ژانىرىدا يېزىلغان بۇ مۇخەممەسنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئەرزنامە»
بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، لېكىن بۇ ئەسەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق ئا-
رىسىدا «مەزلۇملار ئاھى» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ
كەلگەن.①

① ئەسەر «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

تۆۋەندە، دىلبەر دورغىنىڭ بۇ مۇخەممەسىدىن بىرقانچە كۇپلېتنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز :

«ئون باشى، يۈز باشى ئالۋان ئېلىپ تىنمايدۇ،
پۇل بېرىلىك دەيدۇ تۇرۇپ ئالغۇچىلىك قويمايدۇ،
دورغىلار بەزى كېلىپ قامچا بىلەن ئوكىلايدۇ،
يالۋۇرۇپ ئەيۇ دېسەم قوللىرىمنى باغلايدۇ،
مەن تۇغۇلغانغا پۇشايمان ھەم نادامەتتە بېگىم.

قالمىدى مەندە ئېشەك، ئات، كالا، قوي ئەچكۈ ئۇلاغ،
تۈگمە مۇنجاق كوچىمىزدا تۈگىدى ھەم ساچباغ،
مېۋىسىز قالدى دەرەخلەر قۇرىدى باغ - ئاراغ،
كەتتى ئالۋانغا تامام قالدى بىزلەردە فىراغ،
ياخشى ۋەسپىڭنى قىلالمايمەن بۇ ئىبادەتتە بېگىم.

بۇ دىۋان بەگلەر قويار پاشىغا پىلنىڭ يۈكىنى،
كۆتۈرەلەمدۇ بېگىم پاشا پىلنىڭ تۈكىنى،
ھەم تېپىلغايمۇ ئۆلۈم، ئاھ ... خۇدايىم شۇ كۈنى،
ھېچ ئىلاج بولمىدى دىلبەر ئەرز قىلماي بۇ كۈنى،
بۇ سەۋەب يىغلاماقىمگە ئۇشبۇ پۇرسەتتە بېگىم.»

# مەھمۇد ھېكىم بەگ

«مەھمۇد ھېكىم بەگ» (خەلق ئىچىدە «مامۇت ھېكىم بەگ») نامى بىلەن تونۇلغان ئەدىب مەھمۇدخان مىلادىيە 1814 - يىلى ئاتۇش مەشھەدتە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مىرئەھمەد شەيخ مەشھەدتىكى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخى ۋە ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن، ئانىسى ھەمرابۇۋى ئاتۇشنىڭ تۆركۆل يېزا ئازنا مەسچىت مەھەللىسىدىن بولۇپ، مەرىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى.

مەھمۇدخان كىچىكىدىن ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىپ، 30 يېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرقەدەر يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىلگەن. زېھنى قۇۋۋىتى، ئىقتىدارى بىلەن تونۇلۇپ، سۇلتان سوتۇق بۇغراخان مازىرى يېنىدىكى مەدرىسكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ جەرياندا كۆپلىگەن تالىپلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن.

1857 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مەھمۇدخان ئاكىسى ئىسمائىل خوجام ۋە بىر قىسىم تۇغقان - يېقىنلىرى بىلەن پەرغانىگە چىقىپ كەتكەن. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۇ ئانىسى ھەمرا بۇۋىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇرتىغا شېئىرىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ، «زۇلمەتلىك يىللار تارىخىنى بايان قىلىپ قىرىق كېچىدە يۈز نەچچە كۇپلېت شېئىر يازغانلىقىنى» ① ئېيتقان.

1864 - يىلدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ چىكىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى قوزغىلىڭىدا مەھمۇدخان قوزغىلاڭ رەھبىرى سىدىقبەگنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋە

---

① مەكتۇپنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىدى. باشقىلار تەرىپىدىن ئەسلەپ خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرىدا بەزى پاكىتلار ئۆزگىرىپ كەتكەن.

سىدىقبەگكە باش مەسلىھەتچى بولغان. بۇزرۇكخان ۋە ياقۇپبەگلەر ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندە ئۇ پەيدىنپەي چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرىغان، ئاخىرىدا ياقۇپبەگ بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، يىگىتلىرى (شۇ مەزگىلدە خاس لەشكەرلەر شۇنداق ئاتالغان) بىلەن ئۇنىڭغا قارشى مەيدانغا ئۆتكەن.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن چىلىك سۇلالىسى مەھمۇدخاننىڭ ئاما ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى تۆھپىسىگە قاراپ، ئۇنى قەشقەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلىگەن. كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ پىتنە - پاسات، تۆھمىتى بىلەن قارىلىنىپ، بىر قىسىم ھەمراھلىرى بىلەن قۇمۇلغا 20 يىللىق پالانغان. شائىر قۇمۇلدا يازغان بىر غەزىلىدە ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى كەچۈرمىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ①

«ئاڭلىڭىز ئى ئەھلى ئالەم بىر ھېكايەتۇ ئەجەب،
بىلگىنىمچە شەمئى ئىزھار ئەيلەيىنۇ مەن غېرىب.

تابەئى چەندىن دىيارىم كاشغەر شەھرى ئىدى،
مەن بېلىق ئېردىم ۋەتەن گوياكى بىر بەھرى ② ئىدى.

يەتتە ئەجدادىم مېنىڭ سۇلتان سوتۇقنىڭ ۋارىسى،
تەبەئىدە نەچچە يۈزلۈك ئادىمىۋ بار ئىدى.

ئەز قازا ئاپەتۇ پىترەن بىزگە سالدى قوزغىلاڭ،
چەشمە بەت تەشىئەتىدىن ③ بولدى تاراجۇ تالان.

---

① بۇ شېئىر «تارىم» (1989 - يىل 12 - سان، 128 - 129 - بەتلەر) قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى كۇپلېتلىرى ئالمىشىپ قالغان، بەزى سۆز - مىسرالار ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز ئىزدىنىشلىرىم داۋامىدا، بىر قانچە كۆچۈرمە نۇسخا ئاساسىدا رەتلەپ چىققان نۇسخىنى تولۇق بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

② بەھرى — دېڭىز.

③ يامانلارغا ئەگىشىپ مەنىسىدە.

ئۇشبۇ چىندا جۇيى - دارىن مەن غېرىبنى تاپتۇرۇپ ،
ئوغرىلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ .

خىزمىتىم شايەستە بولغاندىن قىلىپ كۆپ ئىلتىپات ،
چازا تاپشۇردى بېرىپ جۇڭسا كۆزلۈك ئوتىغات .

توققۇز ئاي مىقدارى بولدۇم كاشغەرگە ھۆكۇمران ،
بولدى ئەلايۇ ۋىلايەت ھەم رەئىيەت شادىمان .

دەۋلەتۇ - ئىززەتكە رەشىك ئەيلەپ بۇ چەرخى ۋاجىگۇن ،
بولدى خىزمەت ھەمدەئىززەت بارچەمەقسەت سەرنىگۇن ① .

سۆز تېپىپ ماھى مۇھەررەمدە كۇچارلىق ئىككى سەگ ② ،
مۇددىئاسى مەن يىقىلسام بولسىلار ئورنۇمغا بەگ .

نەچچە يالان سۆزنى دارىنگە مەخپىي ئۇقتۇرۇپ ،
زاھىرى - باتىنىدە يوق ئىشلارنى بىزگە يۇقتۇرۇپ .

دېدىلەر ئايا توبەرغان ③ ئىچرە بوھتانلىئەزىم ،
جۇيى نىڭ باشىنى ئايلاندۇردى شەيتانىر رەجىم .

دەپئەتەپ بىزگە غەزەپ ئەيلەپ قوشۇپ ئوتتۇز چېرىك ،
ئىتتىرىپ خامىغا تاشلاڭ كۆزىتىپ قاتتىق - يىرىك .

ئۇشبۇ شەرنىڭ ئىسمى مەشھۇر ئەھلى ئاغزىدا قۇمۇل ،
تابەئى يۇرت كەنتى - سەھراسى بولۇپ نەچچە سۇمۇل .

---

① ئاستىن - ئۈستۈن .
② ئىت .
③ قاتمۇ قات ، ئۈستى - ئۈستىگە .

شۈكرى لىللا بەردى غۇربەت ئىچرە ئۇبدان دوستۇ - يار ،
باسسمۇ باشنى زىمىستان ، كۆڭلىمىز ئەمما باھار .»

شائىر قۇمۇلدىكى سۈرگۈن ھاياتىدىمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئىككى پارچە توپلام تۈزگەن . ھالبۇكى ، بۇ توپلاملار كېيىنكى مەزگىللەردە يوقىلىپ كەتكەن . يېقىنقى يىللاردا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ ، بىر قىسىم ئەسەرلەر ئېنىقلانغان بولسىمۇ ، ئۇ ئەسەرلەر ئىچىدە مەھمۇد ھېكىمبەگكە تەۋەلىرى ئانچە كۆپ بولمىدى .①

شائىرنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان شېئىرلىرىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى خىلمۇ خىل بولۇپ ، ئۇنىڭ بەزىلىرى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ژانىر ، شەكىللىرى ، بەزىلىرى خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە تۈزۈلگەن . مەزمۇن جەھەتتىن بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي تېمىلاردا بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ، ھىجران ئازابلىرى ، مۇ- ھەببەت - نەپرىتى ۋە خۇشاللىق - قايغۇلىرى ئىپادىلەنگەن . ئۇنىڭ قوشاق شەكلىدە تۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى ، يۇمۇرلۇقلۇقى بىلەن خەلق ئىچىگە تارقىلىپ ، ئەل ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن . مەسىلەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» نىڭ 4 - توپلىمىدىكى «قارىغاي» ، «ئامەت» ماۋزۇسى بىلەن بېرىلگەن قوشاقلار ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ .

مەھمۇد ھېكىم بەگ تەخمىنەن 1896 - يىلى ، سۈرگۈن مۇددىتى توشۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن . ئۇ كېسەل بولۇپ ، قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەچكە ، كېيىنكى ھاياتىدا كۆپ ئىش قىلالمىغان . 1902 - يىلى ئاتۇشتا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتە ھادىسىگە ئۇچراپ (ئۆي

① شائىرنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە دائىر بايانلار ۋە ئىجادىدىن نەمۇنىلەر «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 10 - سانىنىڭ 133 - ، 134 - ۋە 135 - بەتلىرىدە ؛ 1989 - يىل 4 - سانىنىڭ 123 - ۋە 124 - بەتلىرىدە ، 12 - سانىنىڭ 128 - ، 129 - ۋە 130 - بەتلىرىدە بې- رىلگەن .

بىسۋىلىپ) 88 يېشىدا قازا تاپقان . ئۇنىڭ جەسىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان مازىرى يېنىدىكى ئەسلىدە مەھمۇد ھېكىم بەگكە تەۋە بولغان چارباغقا (مەھمۇد ھېكىم بەگ بۇ باغنى قەشقەردە ھاكىم بەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە سوتۇق بۇغراخان مازىرىغا ۋەخپە قىلىپ بەرگەن) دەپنە قىلىنغان .

# ئاشۇراخۇن غەرىبى

خوتەنلىك شائىر ئاشۇراخۇن غەرىبىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىل-لىرىنىڭ ئاخىرىدا ياراتقان «ئەمىر ئالىي» ناملىق داستانىمۇ موللا بىلال نازىمى، موللا شاكىر، ئاسىينىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش 1864 ـ 1867 ـ يىللار ئارىلىقىدا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان.

شائىر ئۆز داستانىدا ئەنە شۇ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوز-غىلاڭلىرى ھارپىسىدىكى خەلق تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن:

«ئالۇر ئېردى ئالباڭ قويۇپ نەچچە ئات،
كى بەرسە تۈگىمەس ئالۇر ئېردى پات.
كى خام، پاختا، ئايلىق، چاپانلىق پۇلى،
كى ئۇشرى كەنتىن ئالۇر بىر يولى.
كى يىغلار ئېردى كېچە ـ كۈندۈز ئېرىغ،
مۇسۇلمانلارنىڭ رەڭگى بولدى سېرىغ.»

ئاشۇراخۇن غەرىبىنىڭ خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ماھىيىتىگە قارىتىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى مىسرالىرى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئىجادىي پايدىلىنىشنىڭ ئۈلگىسىدۇر:

«قارا يۈگنى ھەرقانچە يۇۋغان بىلەن،
ئاقارغايمۇ سۇ ئىچرە تۇرغان بىلەن.»

شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى، باشقا ئىجادىي مىراسلىرى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

# ئاسىي

ئەدىب موللا شاكىردىن كېيىن، «زەفەرنامە» ناملىق يەنە بىر تارىخىي داستاننى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن «ئاسىي» تەخەللۇسلۇق ئەدىبنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ئەھۋاللار ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

1955 - يىلى قاغىلىقتىن راشىدىن مۇپتى ئىسىملىك ئۆلىما ئەۋلادلىرىنىڭ كۆمۈپ ساقلىغان يېرىدىن شىنجاڭ تارىخىي مۇزېيى ئىختىيارىغا ئېلىنغان بۇ تارىخىي داستان 2460 مىسرادىن ئارتۇق بېيىتتىن قۇرۇلغان بولۇپ، تۇزۇلۇش جەھەتتىن ئىككى قىسىم توققۇز بابقا بۆلۈنگەن. داستاندا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلققە سالغان زۇلۇم - كۈلپەتلىرى، 19 - ئەسىرنىڭ 40 - ، 50 - يىللىرىدا خەلقنىڭ قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي - تارىخىي ۋەقەلەر يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

داستان مۇئەللىپى بۇرۇن خاتا ھالدا «مۇغەننى» تەخەللۇسى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنىدى. «زەفەرنامە» داستانىنى ئىچكىرىلەپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە داستان مۇئەللىپىنىڭ «ئاسىي» تەخەلۇسلۇق شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنى داستانىنىڭ ئاخىرىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان:

«كى ئەي ئاسىي سۆزۈڭنى ئەيلەدىڭ قەتئ،
چۇ بىر مۈشكىل تىلسىمى ئەيلەدىڭ قەتئ.①

---

① قەتئ — ئۈزۈش، كېسىش مەنىلىرىدە. بۇ يەردە «قەتئ» سۆزى ئالدىنقى مىسرادا «ئۈزۈش» مەنىسىدە، كېيىنكى مىسرادا «كېسىش» مەنىسىدە كەلگەن.

هەمۇل مۇشكىل تىلسىمكىم ئۇشاتتىلىڭ ،
دۇررى گەۋھەرلەرىن ئالەمگە ساچتىلىڭ»

دىگەن مىسرالاردىن بىلىش مۇمكىن .

شائىر داستانىنىڭ نامى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ :

«زەفەر تاپقاچ چۇ بولدۇم نۇسرەت ئەنجام ،①
‹زەفەرنامە › بۇ دەپ قويدۇم مۇگا نام .
... ... ...
‹زەفەرنامە › دىمەككە ھۇججەت ئۇشبۇ
يەنە تەئرىخى ئەلفازى ھەم ئۇشبۇ .»

دىمەك ، «زەفەرنامە» داستانى ھىجرىيە 1276 ـ (مىلادىيە 1860 ـ) يىلى يېزىلغان .

«زەفەرنامە» داستانى مۇئەللىپىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ ، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ۋەقەلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ .

① ئەنجام ــ نەتىجە ، ئاقىۋەت .

# سەيد مۇھەممەد

سەيد مۇھەممەد ھەيد مۇھەممەد ئوغلى («سيىت مۇھەممەد قاشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆزىنىڭ «شەرھى شىكەستە» («روھى سۇنغانلىقنىڭ با- يانى») داستانى بىلەن 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

شائىرنىڭ «شەرھى شىكەستە» داستانى 1882 - يىلى يېزىلغان. ئۇ ئۆز داستانىنى 60 ياشتىن ئۆتكەندە يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ بويىچە قارىغاندا، شائىرنى 1820 - ، 1821 - يىللىرى دۇنياغا كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەن، يۇرتىنى بىلدۈرىدىغان «قاشى» دېگەن شەرتلىك ئىسمىغا ۋە داستاندا ئېيتىلغان:

«ئالتۇن ئۆستەڭ بىز كۆچەرمىز يۈز تۇمەن ئەمگەك بىلە،
جايلىشىپ مەنزىل تۇتۇپكىم يۇرت بولالماقلىق مۇھال.»

دېگەن مىسرالارغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئا- ساسىي دەريالارنىڭ بىرى بولغان قاش دەرياسى ۋادىسىدىكى قاش يېزىسىنىڭ ئالتۇن ئۆستەڭ كەنتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

شائىر سەيد مۇھەممەد «شەرھى شىكەستە» دە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1864 - يىلدىكى مەشھۇر خەلق قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ غەلبىە مېۋىسىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، ئىلى ئاھالىسىنىڭ قورقۇش ۋە ئالداش ئىچىدە يەتتە سۇغا كۆچۈش جەريانى ھەمدە كۆچ- كەندىن كېيىنكى ئېغىر كۈنلىرىنى ناھايىتى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ داستاننى ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ھۆججىتى دېيىشكە بولىدۇ.

«شەرھى شكەستە» داستانى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ . 1864 ـ يىلىدىكى كۈرەشلەرگە بىۋاسىتە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەردە باشتىن ـ ئاخىر خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغان شائىر ئەسەرىدە خەلقنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ، شائىر ئالداش ، قايمۇقتۇرۇش ئاستىدا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىۋاتقان خەلق ئاغزىدىن مۇنۇلارنى بېرىدۇ :

«ئەلۋىداڭ دەپ بىز كېتەرمىز ، ئىلە شەھىرى ياخشى قال ،
مۇلك ئىمارەت ، جايۇ مەنزىل ، ئەرزۇ بەھرى ياخشى قال .

ئاتا ـ بابالار ئۆتتۈپ ، مۇنداغ بەلانى كۆرمىگەن ،
بىزگە كەلدى بۇ قازا ھەم باغۇ ـ بوستان ياخشى قال .»

شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك روھى داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى :

«ھەم ئۆزۈمنىڭ دەردى بار ، پۇقرالار ئۈچۈن غەم يېدىم ،»

دېگەن مىسرالاردا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ .

سەيد مۇھەممەدنىڭ «شەرھى شكەستە» داستانى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ بىر نادىر ئۈلگىسى بولۇپلا قالماي ، تىل ۋە تارىخ جەھەتتىمۇ مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

# موللا ئەلى بىننى موللا ئىمىن

شائىر موللا ئەلى بىننى موللا ئىمىن مىلادى 1835 - يىلى شايار ناھىيىسىنىڭ چارتاق كەنتى تال تېرەك مەھەللىسىدە (ھازىرقى گۈلباغ رايونى تەۋەسى) نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ دادىسى ئىمىن موللا مەرىپەتپەرۋەر، بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، ئوغلىنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. كىچىكىدىنلا بىلىم ئېگىلەشكە ئىجتىھات بىلەن بېرىلگەن ئەلى ياشلىق مەزگىللىرىدىلا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، بىلىمى ۋە خەتتاتلىق ساھەسىدىكى قابىلىيىتى بىلەن تونۇلغان. ئۇ 30 ياشقا كىرگىنىدە شۇ ۋاقىتتىكى شايار ھۆكۈمرانى قادىر ھېكىمبەگنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، مىرزىلىققا تەيىنلەنگەن. ھېكىمبەگ مەھكىمىسىدىكى ناھەقچىلىكلەر ۋە ئادالەتسىزلىكلەردىن يۈرىكى سىقىلغان ئەلى ھەجگە بېرىش باھانىسى بىلەن مىرزىلىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆز مەھەللىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان. كېيىن ئۇ يەرلىرىنى باشقىلارغا ئۆتنۈپ بېرىۋېتىپ ناھىيە بازىرى ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەرنى زىيارەت قىلغان ۋە قايتىپ كېلىپ، 1902 - يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

شائىر موللا ئەلى ئۆز ئۆمرىدە يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ «دىۋان ئەلى» نامىدىكى شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ، ئۇنى ئۆز قەلىمى بىلەن تۆت نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققان، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى نەۋرىسى تاش ئىمىن ھاجى تەرىپىدىن تەۋەررۇك مىراس سۈپىتىدە ساقلانغان.

«دىۋان ئەلى» 164 بەت بولۇپ، پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە چىرايلىق يېزىلىپ كۆچۈرۈلگەن ئىككى مىلك مىسرادىن ئارتۇق مەسنۇي،

غەزەل ، مۇرەببە ۋە مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان شېئىردىن قۇرۇلغان . دىنىي ئەقىدىلەرگە ، پەند ـ نەسىھەتكە بېغىشلانغان شېئىرلار دىۋاندا ئا-ساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا شائىر يەنە كىشىلىك ئەخلاق ، ئىلىم ـ ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ، مەرىپەتپەرۋەر بولۇش ، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاش ، سېخىلىق ، مۇلايىملىق ۋە ۋاپادارلىق ، كۆيۈمچانلىق ، پاك مۇ-ھەببەت ... قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ . دىۋاندىكى ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان تىپىك شې-ئىرلاردا بولسا شائىر جاھالەتلىك قارا زامان ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ، تەكەببۇر ، مەنسەپدارلارنى ، جاھىل پىتنىخورلارنى ، ئاچكۆز نەپسانىيەت-چىلەرنى نەپرەت بىلەن ئەيىبلەيدۇ . شائىر :

غېرىبلار كۆڭلىنى ئالماق ، نە ھاجەت مەككىگە بارماق ،
ئەگەردە ئاقىل ئەرسەڭ سەن ئەمەس لازىم بايان قىلماق .
ئەگەر كەلسە قولۇڭدىن سەن بىراۋنى شادىمان قىلماق ،
بايان قىلسام بۇرادەرلەر ساۋاب ھەج ئەكبەرى ① قىلماق ،
شىپالىقنى ئاتا ئەيلەپ غېرىبنى شادىمان قىلدىڭ .

دېگەن مىسرالىرىدا غېرىب ـ غۇرۋالارغا شەپقەت قىلىش ، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ، غەرەزسىز ۋە خالىس مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، خۇشاللىق بېغىشلاشنى ئىسلام ئېتىقادىدا ئەڭ چوڭ پەرز ھېسابلانغان ھەج قىلىشتىنمۇ يۇكسەك ئورۇنغا قويىدۇ .

① ھەججە ئەكبەر ــ چوڭ ھەج مەنىسىدە .

# موللا مۇسا سايرامى

موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى مىلادى 1836 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتا باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسىدا (ھازىرقى باي ناھىيە توقسۇن يېزىسى ئاناقىز كەنتى توغايلا مەھەللىسىدە) دۇنياغا كەلگەن. موللا مۇسا سايرامىنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئەينى زاماندا باي ناھىيىسى تەۋەسىگە تونۇلغان ئىلمىي ۋە دىنىي زات بولۇپ، ئوغلى مۇسانىڭ (مۇسۇر ئاخۇنىنىڭ) ئىلىم ۋە دىنىي جەھەتتىكى تەربىيىسىگە ئۇنىڭ گۆدەك ۋاقتىدىن باشلاپلا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنى يەتتە يېشىدىلا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان سايرام مەدرىسىدە ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە قىلغان ۋە 11 يېشىدا كۇچادىكى «ساقساق» مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ مەدرىسىنىڭ ئاساسلىق مۇدەررىسى موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن تونۇلغان زات بولۇپ، ئۇ موللا مۇسانىڭ دادىسى بىلەن ھەمسۆھبەت ئىدى. موللا مۇسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالىندارشۇناسلىق)، ئىلمى نۇجۇم، ناباتات (ئاگرو بىئولوگىيە)، جۇغراپىيە، ئەرەب ۋە فارس تىلى قاتارلىقلاردىن ناھايىتى يۇقىرى نەتىجە قازىنىپ، تېزلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا»، «موللا ئەبجەدخان» دېگەنناملار بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەتنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. مىلادى 1854 - يىلى موللا مۇسا «ساقساق» مەدرىسىنى تۈگىتىپ ئۆز ئانا مەكتىپى — سايرام مەدرىسىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

مىلادى 1864 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇندا كۇچا رايونىدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ دېھقانلىرى بىلەن قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار سايرامغا يېقىنلاشقاندا، موللا مۇسا بۇ قوزغىلاڭنى قىزغىن قوللاش بىلەن تەڭ، ئۆزىنىڭ بارلىق تالىپلىرىنى ھەمدە بىرقانچە يۈز نەپەر سايراملىق يىگىتلەرنى باشلاپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى قارشى ئالىدۇ. ئۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن سېپىدە قىزىل، سايرام، باي، ياقىرىق، ئاراشۇر قاتارلىق جايلاردىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، يەرلىك فېئوداللارنى باستۇرۇش كۈرەشلىرىگە پائال قاتنىشىدۇ.

غەربكە يۈرۈش قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئارا يۇلغۇن، جام، ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ قەشقەر ۋە يەكەننى ئېلىشقا تەييارلانغاندا موللا مۇسا سايرامى غەربكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلارنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇددىن خوجىنىڭ مۆھۈرچىسى ۋە ئىشىك ئاغىسى بولىدۇ.

1867 ـ يىلى مۇھەممەد ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) قوقان خانلىقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلايدۇ. كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى سەركەردىلىرى ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولىدۇ. موللا مۇسا سايرامى ئۇچتۇرپاندىكى تەسلىم بولغان سەركەردىلەر بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابەك ھېسارى موللا مۇسا سايرامىنىڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئۇستا خەتتات ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مەخسۇس مىرزا قىلىپ تەيىنلەيدۇ. موللا مۇسا سايرامى بۇ ۋەزىپىنى تاكى 1877 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوق قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن موللا مۇسا سايرامى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ھەققىدە بىرەر تارىخىي ئە-

سەر يېزىش مەقسىتىدە غەربتە قەشقەر ، شەرقتە تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى بىر قانچە يىل ساياھەت قىلىپ ، مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلايدۇ ، ئاخىرى يەنە ئاقسۇغا قايتىپ ، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .

موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئاقسۇدا يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان 40 يىلغا يېقىن ھاياتى تولىمۇ نامراتلىق ، پېقىرلىق ئىچىدە ئۆتتى . مىلادى 1917 - يىلى موللا مۇسا سايرامى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ، قايتىشنى تەلەپ قىلىپ يۇرتىغا خەت يازىدۇ . تۇغقانلىرى ئۇنى سايرامغا ھارۋا بىلەن ئېلىپ قايتىدۇ . شۇ يىلى 4 - ئايدا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى ، ئەدىب موللا مۇسا سايرامى يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ .

موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلىدە «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا» (1885 - يىل) ، «دەربايان ئەسھابۇل كەھب» (1898 - يىل) ، «تارىخىي ئەمىنىيە» (1903 - يىلى 2 - ئۆكتەبىردە تاماملانغان) ، «دىۋان مەسنەۋى» (1907 - يىل) ، «تارىخى ھەمىدى» (1908 - يىلى 10 - ئىيۇلدا تاماملانغان) ، «سالامنامە» (1916 - يىل سېنتەبىر) قاتارلىق تارىخىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتتى . ھازىر ئۇنىڭ يەنە فارس تىلىدا يازغان بىر مۇنچە شېئىرلىرى ساقلانماقتا .① نىم شېھىت ئارمىيە داموللامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ يەنە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» ، «فەرھاد ۋە شېرىن » ناملىق تارىخىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقىمۇ مەلۇم .

«تارىخى ھەمىدى» موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى مۇھىم تارىخىي ئەسىرى بولۇپ ، خاراكتېر جەھەتتىن تارىخىي - ئەدەبىي تەزكىرە تۈرىگە ياتىدۇ . ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆزى ئىلگىرى يازغان «تارىخى ئەمىنىيە» دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا ، «تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى ، بەزى مەسىلىلەرنىڭ خاتا بايان

① يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى ھەمىدى» نىڭ كىرىش سۆزى — «موللا مۇسا سايرامى ۋە ‹ تارىخى ھەمىدى ›» (ئە. بايتۇر ئۆزى يازغان) دىن ئېلىندى .

قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنى ئېخىمۇ توغرىلاش ۋە تولۇقلاش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان. ئەسەر دىباچە، «مۇقەددىمە»، «ئاۋۋالقى داستان»، «ئىككىنچى داستان»، «خاتىمە» دىن ئىبارەت ئالتە قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «مۇقەددىمە» قىسمىدا ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەردىن تارتىپ، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەر ئۆزى ئاڭلىغان، ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغانلىرى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. «ئاۋۋالقى داستان» قىسمىدا 1864 - يىلدىن باشلاپ قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرى، بولۇپمۇ كۇچا قوزغىلىڭى، كۇچا، يەكەن، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ياقۇپبەگ باسقۇنچىلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى ئالاھىدە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «ئىككىنچى داستان» قىسمىدا ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت ئىگىلەش جەريانى ۋە باشقىلار بايان قىلىنغان. «خاتىمە» قىسمىدا ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، كورلا قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە تۇرپان، لوپنورنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەمدە تۇرپاندىكى ئەسھابۇل كەئب ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئاپتورنىڭ كۆز قاراشلىرى بايان قىلىنغان. قىسقىسى، «تارىخى ھەمىدى» «تارىخى ئەمنىيە» گە قارىغاندا، مەزمۇن جەھەتتىن تولۇق، ماتېرىيال جەھەتتىن خېلى توغرا، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن خېلى گۈزەل، ھەجىم جەھەتتىن خېلى زور بولۇپ، مۇھىم تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان مەسنەۋى» بىلەن «سالامنامە» ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، «دىۋان مەسنەۋى» ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەم كىشىلىك ئەخلاق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان شېئىرلاردىن (ئۇنىڭ ئاخىرىغا «قەسىدەئى سىدىق» ناملىق شېئىرىمۇ قوشۇپ تۈپلەنگەن)، «سالامنامە» ۋەسىيەت خاراكتېرىدىكى شېئىرىي مەكتۇپتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ «سالامنامە» دە شائىرنىڭ پەلسەپىۋى قاراش جەھەتتىكى مەلۇم ئىلغارلىقى، بەدىئىي جەھەتتىكى ماھارىتى روشەن كۆرۈلىدۇ.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بولسۇن ياكى ئۇنىڭ تارىخىي ـ ئەدەبىي تەزكىرىلىرى ۋە ئۇلارغا قوشۇپ بېرىلگەن شېئىر ، رىۋايەت ، لەتىپە ، قىسسىلەردىن بولسۇن ، ئۇنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ۋە بەدىئىي ئىقتىدار جەھەتتىن يۇقىرى كامالەت ئىگىسى ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىستېداتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن .

مەشھۇر تارىخچى ، شائىر موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق ئەسىرى 1904 ـ يىلى ن . پانتوسوۋنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قازاندا ، «تارىخى ھەمىدى» 1986 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا نەشر قىلىندى .

# موللا سەئىدۇللا

شائىر موللا سەئىدۇللا مىلادى 1840 - يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق تېۋىز (ئەسلى «تەبرىز») يېزىسىدا بىر كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىر نامراتچىلىق دەستىدىن ئانچە كۆپ ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ، ياشلىق مەزگىللىرىدىلا ئۆزىدە مەلۇم بەدىئىي ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن.

موللا سەئىدۇللا ھايات يولىدا ناھايىتى كۆپ ئېغىرچىلىقلارغا، ئېزىلىش، قېقىلىش - سوقۇلۇشلارغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن يۈرىكىدىكى بارلىق دەرد - ئەلەمنى قەلەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، پارىخور ئەمەلدارلارنى، جازانىخور بەگلەرنى مەسخىرە قىلىپ ئۆتكۈر ھەجۋى لىرىك شېئىرلارنى يازىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئەكسىچە، فېئودال جاھالەتپەرەس دىنىي - خۇراپىي كۈچلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ ۋە شائىرنى «ئىسيانچى» لىقتا ئەيىبلەپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا چاقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا سەئىدۇللا يۇرتىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ تەۋەسىدە بەش يىل ئايلىنىپ يۈرىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىدە بىر يىلچە تۇرۇپ، يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى تېۋىزدىكى ئىنىسى سايىت ئاخۇنغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسى ئەنە شۇ دىۋانىنىڭ سەيپىدىن ئاخۇن ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان تولۇقسىز نۇسخىسىدۇر.

شائىر موللا سەئىدۇللا ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى بەزى شەھەر، يېزىلاردا مەلۇم مەزگىل ئايلانغاندىن كېيىن، مىلادى 1892 - يىلى

كەشمىرگە بارىدۇ . ئۇ بۇ جايدا مەشھۇر ئۆزبېك شائىرى زاكىرجان خالـ
مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ،
1893 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شائىر فۇرقەتكە ھەمراھ بولۇپ ۋەتەنگە قايتىپ
كېلىدۇ .

موللا سەئىدۇللانىڭ فۇرقەت بىلەن بولغان دوستلۇقى ئۇنىڭ
ئىجادىغا زور ئىلگىرىلەش ئېلىپ كېلىدۇ . ئۇ فۇرقەتتىن ئايرىلماي ، يە
كەنگە كەلگەن پېتى ئۇ يەردە 16 يىل ، تا فۇرقەت ۋاپات بولغانغا قەدەر
تۇرىدۇ . شائىر موللا سەئىدۇللا كېيىن پوسكامنىڭ قىزىل مېچىت دېگەن
يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ، تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ ۋە
مىلادى 1913 - يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ .

شائىر موللا سەئىدۇللانىڭ چەت ئەلدە ۋە يەكەندە بولغان مەزگىلـ
لىرىدە يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن بىر چوڭ دىۋانىنىڭ بولغانلىقى
مەلۇم . لېكىن بۇ ئەسەر ھازىرچە تېپىلمىدى . شائىرنىڭ بىزگە مەلۇم بولـ
غان 94 بەتلىك تولۇقسىز توپلىمى — «دىۋان موللا سەئىدۇللا» ئۆز ئىچىگە
ئالغان مەزمۇنىنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك ۋە چوڭقۇرلۇقى ، تىلىنىڭ ئاددىي
ۋە ئاممىباپلىقى ، ۋەزنىنىڭ يەڭگىل بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن
ئەدەبىياتىمىزدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ .

شائىر موللا سەئىدۇللانىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار ۋە ئىجادىدىن
نەمۇنىلەر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 3 - سانىدا
بېرىلگەن .

# موللا باقى

كۇچالىق شائىر موللا باقىنىڭ «بەگ بىلەن قوي ھەققىدە» ناملىق ھەجۋى شېئىرى خۇددى ئەھمەدشا قارىقاشىنىڭ يامان ئات ھەققىدىكى مەشھۇر مۇخەممەسىگە ئوخشاش ئېغىزدىن - ئېغىزغا، خاتىرىدىن - خاتىرىگە ئۆتۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسلارنىڭ بىرىدۇر.

شائىر موللا باقى 1842 - يىلى كۇچا ناھىيىسىگە قاراشلىق كان كەنتىدە تۇغۇلغان. شائىر ئۆز كەنتىدە ۋە كۇچا مەدرىسلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا، خۇش چاقچاق، يۇمۇرلۇقلۇقى، شۇنداقلا خەتتاتلىق جەھەتتىكى ماھارىتى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان، نەتىجىدە ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى كۇچا ۋاڭلىق ئوردىسى كاتىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. موللا باقى ئوردىدىكى ناھەقچىلىكلەرگە، بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق - زۇمبۇلۇقلىرىغا غەزەپ بىلدۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ بەزى ھەجۋى شېئىرلارنى يازغىنى ئۈچۈن ئوردىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، شايارغا يۈز بېشىلىق ئەمىلى بىلەن ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئەمەلدىن ۋاز كېچىپ شايار ئەتراپىدىكى مەدرىسلەرنىڭ بىرىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. شائىر ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن شاياردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىغان، كېيىنكى ھاياتىنى ئۇ يۇرت كېزىپ مۇساپىرلىقتا، قاششاقلىق، نامراتلىقتا ئۆتكۈزگەن، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تۇغۇلغان كەنتى — كاندا 1917 - يىلى، 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى كۆپ ساقلانمىغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغىنى «بەگ بىلەن قوي ھەققىدە»،

«كەلتۈرمىشىم»، «نەدۈر»، «تەۋسىيە» قاتارلىق شېئىرلىرى ①ھەمدە يېقىندا تېپىلغان «قىمارۋازنىڭ ھەسرىتى»② قاتارلىق شېئىرىدىن ئىبارەت.

«بەگ بىلەن قوي ھەققىدە» ساتىرىسىدا شائىر ئەمەلنى پۇل ۋە مالغا سېتىۋالغان شايار ھاكىمى ئىسمائىل ھېكىمبەگنىڭ پىقسىقلىقىنى ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق تىل بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ. شېئىر مەجازى ۋاستىلىرىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىقلىقى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ساتىرا ژانىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرىدىن بىرى قاتارىدا ھېسابلاشقا بولىدۇ.

---

① بۇ شېئىرلار «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 1 -، 3 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

② بۇ شېئىر «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر

سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر (تەخەللۇسى «ناقىس») ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە كىرىشى يولىدا مۇھىم رول ئويناپ، بۇ ئىككى دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ئەنئەنىۋى ۋارىسلىقنى، شۇنداقلا، ئۆتكۈنچى دەۋر تەلەپلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق نامايان قىلغان شائىرلارنىڭ بىرى.

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر (ناقىس) ھىجرىيە 1259 - (مىلادىيە 1843 -) يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسىدە بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتىسىدىن ۋە مەھەللىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن تەلىم ئالغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك ئادەم بولغاچقا، پەرزەنتىنى تېخىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ ئاپاق خوجا مازىرى يېنىدىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا بەرگەن. سابىر ئاخۇن (ناقىس) قەشقەردە ئۆز بىلىمىنى تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ تىل - ئەدەبىيات، ئىسلام تەلىماتلىرى بويىچە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان. شۇنداقلا، ئەينى دەۋر رېئاللىقى تۈرتكىسىدە قەشقەردىكى مەزگىلىدىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتىنى باشلىغان.

شائىر ناقىس قەشقەردىن يېڭىسارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تايىبەگ مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئىجادىيەت، ئىلمىي ئىشلارغا بېغىشلىغان. نۇرغۇن ئىلىم ئىخلاسمەنلىرى

ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. ئۇ ئۆزىنى باشتىن ـ ئاخىر كەمتەر (ئۇنىڭ تەخەللۇسمۇ مۇشۇ مەنىدە ئىدى) تۇتۇپ، تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ غايىلىرى، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىلغار قاراشلار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر ناقىس ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى داۋامىدا «دىۋان ناقىس»، «بەھس ھېكمىبەگ»، «مەۋجۇدۇلقۇلۇب» («قەلب بارلىقلىرى»)، «نۆللىي دىمەن» («تېپخى نۆل دىمەن»)، «نەسىھەتنامە ئۇنسۇر بايانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا شائىر يەنە ئىران يازغۇچىسى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «باھار دانىش» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىمدىكى داستانىنى فارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەسەرگە «گۈلزار بىنىش» («تىكەنسىز گۈلزار») دەپ نام بەرگەن. 1889 ـ 1890 ـ يىللىرى، 4 ـ ھېكايىغا قەدەر تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەر نەسرىي شەكىلدىن نەزمىي شەكىلگە كىرگۈزۈلۈپ ئىجادىي ئىشلەنگەن بولۇپ، شائىرنىڭ خېلى يۇقىرى بەدىئىي ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىدۇ. داستان ئەدەب ـ ئەخلاق، ۋاپا، سەمىمىيەت، دوستلۇق، بۇرچ قاتارلىق تېمىلاردىكى ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاياللارنىڭ ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىرى ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن. بۇ، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىپتىقاندا بىر ئىلغارلىق ئىدى.

شائىر ناقىس ئۆز پىكرىنى بېيىت شەكلىدە تېز ئىپتالايدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك، يۇمۇرلۇق، خۇش چاقچاق كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن نەزمىلىرى، ھەجۋىلىرى ۋە چاقچاقلىرى كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

شائىر ناقىستىن بىزگە ئىككى پارچە قول يازما توپلام قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىدۇ.

بۇ قول يازما توپلام جەمئىي 78 بەت بولۇپ، ئۇنىڭ 44 بېتى «گۈلزار بىنىش» داستانىدىن، 34 بېتى لىرىك شېئىرلاردىن تەركىب

تاپقان . شائىرنىڭ توپلامدىكى شېئىرلىرى دىۋان ھالىتىدە رەتلىنىپ كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، تەھرىرلەنگەن ۋە ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى بىلەن ئەسلى ئىملانىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىگە قاراپ ، ئۇنى شا- ئىرنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ توپلام دېيىش مۇمكىن .

شائىرنىڭ مەزكۇر توپلامدىكى شېئىرلىرى 174 غەزەل ، بىر مەرسىيە ، بەش مۇخەممەس ، ئۈچ رۇبائى ، 13 قىتئەدىن ئىبارەت بولۇپ ، غەزەللەرنىڭ رادىف ۋە قاپىيەلىرىدە پەقەت 13 ھەرپ كۆرۈلىدۇ . بۇنىڭدىن شائىرنىڭ «گۈلزار بىنىش» قا قوشۇپ تۈپلەنگەن مەزكۇر دىۋاننى تولۇقسىز دىۋان دېيىش مۇمكىن .

شائىر ناقىسنىڭ مەزكۇر دىۋانىدىكى شېئىرلىرى ھەققىدە ئارتۇق توختالماي ، پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر غەزەلنى ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلماقچىمىز . ئەنئەنىۋى ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى بىلەن ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» غا بولغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى زىچ بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بۇ غەزەلدىن ئاپتورنىڭ يۇقىرى بەدىئىي دىت ، ئىقتىدارىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس .

«مۇغەننى مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەستانە ،
ساچىپ ئەربابى مەئنى لەفزىدىن مەجلىسغە دۇردانە .
سېنى ياد ئەيلەبان مۇڭلۇغ كۆكۈللەر ئەسرۇ مەھزۇندۇر ،
كى سەن ھەم ياد ئېتىپ تۇز چەبباياديڭ ، بولمە بىگانە .
چىقىپ قاتىپ نەفەس چىقماقغە بائىس بىلمەسەڭ نېدۇر ،
تەرەننۇم قىل سىگاھ ئاھەڭگى بىرلە نەغمە رىندانە .
كۆڭۈل چىن مۇزتەرىبدۇر تۆت مەزھەبدىن نېدۇر مەقسەد ،
ئىشتىگىل چارگەھنى فەھىم قىلغىل سىررى مەيخانە .
كۆڭۈل مۇلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ چۈن مەقام ئەتتى ،
ئاچىپ يۈز پەنجىگەھ نەققارەسىن ئۇرغىلكى فەرزانە .
ئېرۇر ئىشق ئەھلى كۆپ مەھزۇن باقىپ پەرگارى لەئلىڭغە ،
چېكىپ ئۇششاق ناخۇن بىرلە قىلغىل راست دىۋانە ،

زىلەيخائى جۇنۇن لەشكەر چېكىپ ئەيلەر سىياسەت كۆپ ،
بەياد ئاھەڭگىدىن تاشلارمۇ سەن كۆڭلۈمنى زىندانە .
بۇ بەزم ئەھلىگە غەفلەت لەشكەرى يەغما تەرەننۇمدۇر ،
كېرەك نىش ئاۋەرەك تىغى بىلە جەۋلانى مەردانە .
تەكەللۇم ئىستەبان شىرىن لەبىڭدىن بىناۋا بولغاچ ،
كۆيەرمىز بىز ناۋا ئۇممىدىدە بىر جەمئىي پەرۋانە .
دېسۇن كۆڭلۈم مەقامى ئەجز ئارا ئۆزھالىنى ، ناقىس ،
ئەجەم بىرلە ئىراق ئەھلى بۇ سىرنى بىلمەسۇن يانە .»

شائىر ناقىسنىڭ 1981 - يىلى تېپىلغان يەنە بىر تولۇقسىز قول يازما دىۋانىدىكى شېئىرلار «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىندى (غۇلام ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان) . ئۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمىدا ئادالەت ، ھەققانىيەت ، ئەركىنلىك ، باراۋەرلىك ، تەرەققىيپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەدەب - ئەخلاق تېمىلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، تەنقىدىي رېئالىزم مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . شائىرنىڭ ئۆتكۈر ، ئوبرازلىق ھەجۋى تىل بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھىمايىچىلىرىنى ، ئىنسانىي پەزىلەتكە يات ئىللەتلەرنى غەزەپ بىلەن سۆكۈپ ۋە مەسخىرە قىلىپ يازغان شېئىرلىرىنى ھەجۋى ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىلىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر (ناقىس) مىلادى 1922 - يىلى يېڭىساردا ۋاپات بولغان .

# تەجەللى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەينى زاماندىكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بولغان ئىنتىلىش ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، فېئوداللىق ئاسارەت، دىنىي خۇراپات ۋە قاششاقلىقنى تەنقىد قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى بىر ئېقىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل مەرىپەتپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمى دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى. ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئىككى دەۋرنى، يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر شائىرلارنىڭ بىرسى تەجەللىدۇر.

شائىرنىڭ ئىسمى ھۇسەيىن بولۇپ، ئۇ 1850 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ دادىسى مەلۇماتلىق تېۋىپ بولغاچقا، ئوغلىنى ئۆز ئىشىنىڭ ۋارىسى قىلىش نىيىتىدە كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ھۇسەيىن ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنى ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ، دېھلى مەدرىسىدە ئوقۇتقان. شائىر تىببىي ئىلىم ۋە خىمىيە پەنلىرىدىن سىرت ئەرەب، فارس، ھىندى تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگەن. ھۇسەيىن (تەجەللى) مەدرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دېھلى، كابۇل شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرغان. كېيىن قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، تېۋىپلىق ۋە قوشۇمچە مۇددەرىسلىك قىلغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ھۇسەيىنخان مەشھۇر تېۋىپ بولۇش بىلەن بىللە يېتىلگەن لىرىك

شـائىـر ئىـدى . ئۇ كـىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلىغان ، ئىجادىيەت مەشقى ئېلىپ بارغان . شائىرنىڭ بىرمۇنچە تىللارنى مۇكەممەل بىلگەنلىكى ئۇنـى شـەرق ئەدەبـىياتى بىلەن ، يەنى فارس ، ئەرەب ، ھىندى ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش ، تەتقىق قىلىش ئىـمكانـىيىتىگە ئىگە قىلىپ ، ئۆز ئىجادىيىتىنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە كـاتـتا ئاساس بولغان . شائىرنىڭ تەجەللى تەخەللۇسى بىلەن يازغان شېـئىـرلـىرى نـاھايـىتـى تېـزلا شـىنجاڭ ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانلارغا تارىلىپ ، شائىر ئۇچۇن چوڭ شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن .

ھۇسەيىنخان تەجەللى كۆپ تىللىق شائىر ئىدى . ئۇ يەقەت ئۇيغۇر تـىلـىـدىلا ئەمەس ، بەلكى فارس ، ئەرەب ، ھىندى تىللىرىدىمۇ شېئىر يې-زىـشـتـا يۇكـسـەك مـاھارىـتـىـنـى نـامـايان قىلغان . بۇ جەھەتتە ئۇ ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ شائىرلىرىدىن قېلىشمايتتى .

تەجەللىنىڭ تۈرك تىلىدا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى 1899 - يىلى «بـەرق تـەجـەلـلى ۋە سەبەق مۇجەللى» نامى بىلەن قەشقەردە چاپى قىلىن-غـان ، شـائـىرنـىـڭ خـەلـق ئـىچـىـگـە تارىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر تىلىدىكى شېـئىـرلىرىدىن بىر قىسمى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيىدە «دىۋانچە ئى تـەجەللى» نامىدا نەشىر قىلىنغان . شائىرنىڭ ئۇيغۇر ، فارس تىلىدىكى يـەنـە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈزۈلگەن ھەر خىل «باياز» لارغـا كـىـرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ ھال شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى نامايىش قىلىدۇ .

ھۇسـەيـىـنخان تەجەللى 1930 - يىلى قاغىلىقتا ۋاپات بولغان ، شا-ئىرنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە قاغىلىقتا كىشلەرنىڭ شائىرغا بولغان ھۆرمەت ئېھتىرامىنى ئىپادە قىلىدىغان زىيارەتگاھ سۈپىتىدە ساقلانماقتا .

تـەجـەللىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى غەزەل ، قەسىدىلىرى ، ئەينى زامان ئەدەبـىـيـاتـىـمىزنىڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر . شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىدىيە جـەھەتـتـىن ، شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى ، يەنى فېئوداللىق ئاسارەت ، دىنىي خۇراپات ، خەلق بېشىغا كېلىۋاتقان زۇلۇم - زەخمەت ، جاپا - مۇشەققەتنى پـاش قـىـلـىـش يـوزىـتسىيىسىدە بولۇپ ، فېئودالىزمغا بولغان نارازىلىقىنى

چوڭقۇر ئىپادىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئالىم سۈپە-
تىدە، ئىلىم - مەرىپەتنى تەرغىپ قىلدى، خەلقنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش
ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. بەدىئىي جەھەتتە بولسا، كلاسسىك ئەنئە-
نىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب
ياراتتى، بولۇپمۇ شائىرنىڭ قەسىدە ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھ-
پىسى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

تەجەللىنىڭ پۈتۈن ئىجادىي مىراسى تېخى ھەر تەرەپلىمە تولۇقى
بىلەن تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ئالدىدىكى مۇھىم ۋە-
زىپىلەرنىڭ بىرىسىدۇر.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 5 - سانىدىكى ئابدۇشۇكۇر
تۇردى تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى)

# مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى

يېقىندا، يولداش ھەبىبۇللا مۇھدىنىنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن يەكەندىن تېپىلغان «دىۋان شەۋقى» ناملىق قول يازما تولۇق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى ئىسىملىك ئەدىبىنى ئېلىپ كىردى. ①

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قايتا كۆچۈرۈلگەنلىكى تەخمىن قىلىنغان بۇ قول يازما دىۋاندىن مەلۇم بولۇشىچە، دىۋاندىكى شېئىرلار مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد رەسۇل بولۇپ، ھىجرىيە 1270 - (مىلادى 1853) يىلى تۇغۇلغان. دىۋان مۇقاۋىسىغا كاتىپ تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان: «بۇ شەۋقى كىتابىنىڭ مۇسەننىفى گۇما قوشتاغلىق موللا مۇھەممەد رەسۇل بىننى موللا نەزەر ئەفىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئول كىشىنىڭ قەلەم رىشھەسىدىن يېزىلغان ئىكەنلەر» دېگەن سۆزلەر بىزنى ئاپتورنىڭ يۇرتى ھەققىدىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«دىۋان شەۋقى» دىكى بىر قىسىم غەزەللەرنى تاللاپ نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ («بۇلاق» مەجمۇئەسىدە 58 پارچە غەزەل، بىر مۇسەببەئ ئېلان قىلىندى) ئېيتىشىچە، دىۋاندا غەزەللەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، يەنە بىر قىسىم رۇبائى، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببەئلەرمۇ بار ئىكەن. شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي تېمىدىكى شېئىرلار بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە - يوسۇنلىرىنى شەرھلەشنى مەقسەت قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارمۇ، مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلارمۇ خېلى سالماقنى

① ئاپتور ۋە ئەسەر ھەققىدىكى مەلۇمات «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان ئومۇمىي 20 - سانىدا بېرىلگەن. مەزكۇر ماۋزۇ ئەنە شۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا تەييارلاندى.

ئىگىلىگەن . نەشىرگە تەييارلىغۇچىلار يەنە مۇنداق دەيدۇ : «بۇ قول يازما شائىرنىڭ ھەممە ئىجادىي ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق توپلام بولماستىن ، بەلكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرىلا تاللىنىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن . شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ، دىۋانىنىڭ باشقا نۇسخىلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى .»

ئومۇمەن «دىۋان شەۋقى» دىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسىنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا يەنە بىر يېڭى مەزمۇن قوشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر .

# ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە

شائىر ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى (تەخەللۇسى خەستە) مىلادى 1854 - يىلى يەكەن شەھەر ئىچىدىكى رەستە مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغۇچى شېرىپ ئاخۇن ئىسىملىك ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 17 ياشقا كىرگىچە ئاتىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ۋە ئۆز ئىلمىي، بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتە ئۆزلەشتۈرگەن يۇقىرى بىلىمىنى بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان. خەستە مىلادى 1871 - يىلى يەكەندە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان تەرىقەتچى ئىشان موللا نىيازنىڭ تەكلىپى بىلەن تېرەكباغ خانىقاسىدا مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. ئۇ كېيىنكى ھاياتىدا تېرەكباغ خانىقاسىدىن باشقا يەنە رەستە مەدرىسىدىمۇ مۇدەررىسلىك قىلىش ۋە ھاپىزلىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مىلادى 1907 - يىلى 53 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى تېرەكباغ خانىقاسىنىڭ مەخسۇس مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

خەستىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى رەستە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە باشلانغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پىكرى ئوچۇق، ئىلھامى تېز شائىر ئىكەن، ھاپىزلىق قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىكەن. شائىرنىڭ 444 پارچىدىن ئارتۇق غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس ۋە مۇسەددەستىن جەملەنگەن دىۋانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يوقالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى، شائىرنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە خەلق قولىدا ساقلانغان بىر تولۇقسىز قول يازما توپلىمى بولۇپ، توپلام شائىرنىڭ ئەللىك غەزەل، ئون مۇرەببە، ئون مۇخەممەس، ئىككى مۇسەددەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

شائىر ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى
خانىقادا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن (شۇڭلاشقا ئۇ «خانىقائى» تەخەللۇسىنىمۇ
ئىشلەتكەن)، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەرىقەتچىلىك خاھىشلىرى، دىنىي
پۇراق خېلى كۈچلۈك. بىز بۇنىڭغا ئەينى دەۋر رېئاللىقى نۇقتىسىدىن
توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز، مۇھىمى، شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىجتىما-
ئىي رېئاللىقنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەركىنلىك،
دېموكراتىيىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانلىقىدەك ئىلغار تەرەپلىرىنى مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

# ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى

# ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى

ئالىم ، شائىر ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (تەخەللۇسى غازى) 1862 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا ئابدۇۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى . ئۇ ، بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قەشقەر ، بۇخارا ، سەمەرقەنت ، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئالدى ، ئىلمي ، ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئاخىرقى ئۆمرى قەشقەردە مەدرىسلەردە مۇدەررىسلىك قىلىش ، مەدەنىي ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۆتتى .

ئابدۇقادىر داموللام مەرىپەتپەرۋەر ، تەرەققىيپەرۋەر بىر زات ئىدى . ئۇ يېڭى ئىلىم - پەن ئارقىلىق خەلقنى نادانلىق ، جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلدى . فېئودالىزمنىڭ دوگما ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ، قالاق دىنىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ، دەۋر تەلىپى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ باردى . ئۇ ، «سەرف نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) ، «ئىلمي تەجۋىد» (قىرائەت) ، «ئىلمي ھېساب» ، «ئەقائىدى زۆرۈرىيە» ، «ئەقائىدى جەۋھەرىيە» ، «تەئلىمى سەبىيات» (بالىلار تەربىيىسى) ، «نەسائىھۇل ئەتفال» (ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) ، «مىفتاھىل ئەدەب» (ئەدەب ئاچقۇچى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ ، دەرسلىكلەرگە زور يېڭىلىق ئېلىپ كىردى .

ئابدۇقادىر داموللام تونۇلغان ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئىدى . ئۇ ، روسىيە ، كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا قوزغالغان بۇرژۇئا دېموكراتىك

ئىنقىلابى ۋە ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ، شىنخەي ئىنقىلابى ۋە «4 ـ ماي ھەرىكىتى» نىڭ تەسىرى ئاستىدا ، شىنجاڭدا فېئوداللىق ئاسارەتكە قارشى مەنىۋى ئەركىنلىك ،خەلقچىللىق ، گۈللىنىش ، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇددىئاسى بىلەن كۆتۈرۈلگەن پائالىيەتلەرنىڭ باشلامچىسى ، ئەمەلىي يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغاندى .

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جاھانگىرلارنىڭ ئىبلىس قولى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېلىمىزگە سوزۇلدى . ياۋ زېڭشىن تەرىپىدىن «سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى تىنچ ماكان» دەپ ئاتالغان شىنجاڭمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالمىدى . ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ يول قويۇشى بىلەن ئەنگلىيە ، شىۋېتسىيە ، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چىرايلىق نام بىلەن بېرىتىلگەن ھەر خىل مۇئەسسەسەلىرى شىنجاڭنى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تالان ـ تاراج قىلىشقا كىرىشتى . ئابدۇقادىر داموللام بىر ۋەتەنپەرۋەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى . ئۇ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدە : «پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ ، خۇراپاتلىق باش كۆتۈردى ، ئىززەت ـ ئابرويلار قولدىن كەتتى . مۇخالىبلار (ئەجنەبىيلەر) ۋەتىنىمىزگە قول سېلىشقا باشلىدى» ، «ئۆيىقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر ، بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ، ئۆلۈم يولىدۇر» ① دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ، خەلقنى نادانلىق ، جاھالەتتىن قول ئۈزۈپ ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە چاقىردى . ئۇ «مىفتاھىل ئەدەب» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش روھىنى روشەن ئىپادىلەپ : «ئەۋلادلىرىڭلارنى باشقا بىر زامان ئۈچۈن تەلىم ئېتىڭلار ، چۈنكى ، ئۇلار سىلەر ياشىغان زاماندىن باشقا بىر زاماندا ياشىماق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەندۇر» ② دېگەن

---

① خېۋىر تۆمۈر : «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ) ، 149 ـ ، 151 ـ ۋە 222 ـ بەتلەر .

② خېۋىر تۆمۈر : «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ) ، 149 ـ ، 151 ـ ۋە 222 ـ بەتلەر .

جاراڭلىق خىتابنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇستەبىت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان فېئودال بەگ - خوجا ۋە جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ دۈشمەنلىكى، يوشۇرۇن پىلانلىشى، ساتقىنلارنىڭ قول سېلىشى بىلەن تونۇلغان ئالىم، شائىر، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى 1924 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر كونا ئوردىدىكى ئۆيىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئۆلتۈرۈلدى. پۈتۈن قەشقەر ماتەمگە چۆمدى، مىڭلىغان تالىپلارنىڭ «قەشقەردە داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر» دېگەن تەزىيە شېئىرى قەشقەر ئاسمىنىنى تىترەتتى. شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان:

«ۋاھ! ھەسرەتا، بۇ دەھرىنىڭ كارى ئىرۇر مىكرو زەرەر،
ئادىتىدۇر غەدرۇ - سىتەم، يوقتۇر مۇرۇۋۋەتتىن ئەسەر»

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان مەرسىيىسى قايتا - قايتا ئوقۇلدى. قەبرىستانغا بارغۇچە ھازىچىلار ئابدۇقادىر داموللامغا ئاتاپ توقۇغان قوشاقلارنى ئېيتىپ يىغلاپ مېڭىشتى:

«ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ.
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ!
... ... ...»①

ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىدا باشلامچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبى-

① بۇ قوشاقلاردىن بىر قىسمى يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 349 -، 350 - بەتلىرىدە بېرىلگەن.

ياتى تارىخىي دەۋرىگە ئۆتۈشى يولىدىكى باشلامچىلاردىن بىرى بولۇشى بىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە. ئۇ يازغان «مىفتاھىل ئەدەب» مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم ۋە ئاساسىي ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە ئالاھىدە تونۇلغان. ئىككى قىسىم، 15 بابتىن تۈزۈلگەن، گۈزەل، پاساھەتلىك شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغان بۇ ئەدەبىي - ئىلمىي ئەسەردە ئەدەبىياتنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈلگىلىك مىساللار ئاساسىدا ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر 1910 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ «جەۋاھىرۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت جەۋھەرلىرى») ناملىق شېئىرىي ئەسىرى ھازىر مىسىردىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم» نىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردا يەنە شائىرنىڭ «كۇللىيات مۇخەممەس» ناملىق قول يازما ئەسىرى تېپىلدى ①، شۇنداقلا بىر قىسىم مۇخەممەسلىرى ھەم «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق مەسنەۋى شەكلىدىكى شېئىرىي ئەسىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدا (رەجەپ يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان) جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى ھۆسەيىنخان تەجەللى — مۇجەللى ئۆزىنىڭ بىر دوستىغا ئەۋەتكەن خېتىگە «ئەزھەممەتى غازىي شۇر» (غازى تەخەللۇسلۇق ئالىمنىڭ غەيرەتىدىن كېلىپ چىققان غەۋغالارنى) دېگەن مىسرانى تىزىپ، ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامغا بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە بىر نەچچە پارچە قەسىدە يېزىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ «دىۋان ئەرەبى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزگەنىدى. نۆۋەتتە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى تېخىمۇ روشەنلەشمەكتە.

---

① بۇ ھەقتىكى مەلۇمات «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانىدا بېرىلدى.

# ئىسمائىل ھاجى

ئىسمائىل ھاجى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە 1867 — 1950 - يىللار ئارىلىقىدا ئۆتكەن تونۇلغان شائىر ۋە ماھىر خەتتات.

ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئۇيغۇر، ئەرەب ۋە فارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشلۇقى بار، بىر قەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇ ئەرەب ۋە فارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى فارس تىلىدا يازغان.

شائىر ئىسمائىل ھاجى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەن باغلاپ تۇرغۇچى مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ھۆسەيىنخان تەجەللى - مۇجەللى بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. تەجەللىنىڭ «كىرامى بۇرادەر، جان بىرلە باراۋەر(ئىسمائىل ھاجى جانابلىرىغا، دەردمەن دوستلىرىنىڭ سەرگۈزەشت ھېكايىسى ۋە شىكايىتى» دېگەن جۈملىنى سۆز بېشى قىلىپ يازغان بىر پارچە شېئىرىي مەكتۇبى① بۇنىڭ دەلىلىدۇر. تەجەللى ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئىسمائىل ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۇرتى قاغىلىقتىن گۇمىنىڭ كىلىيەك يېزىسى كوھتام دەريا بويىغا كۆچۈپ كېلىپ ئىجادىيەت ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىدا، ئىسمائىل ھاجى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.

ئىسمائىل ھاجى ئۆز ھاياتىدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يېتىلدۈرگەن، خەلق ئىچىدە تونۇلغان شائىر ئىدى. بىز ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن «

---

① بۇ مەكتۇب «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىل 2 - سانىدا ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرى بىلەن بىللە ئېلان قىلىنغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتى » دەۋرىدىن هازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۆنچى دەۋرنىڭ، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خاسلىقى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئامىللىرىنى كۆرىمىز.

ئىسمائىل هاجى هاياتلىقىدا شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى رەتلەت دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىققان. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە مەرھۇم شائىرنىڭ دىۋانى «يىغىۋېلىش» قا ئۇچراپ، خېلى كۆپ قىسمى نابۇت بولغان ۋە يوقالغان. بەختكە يارىشا، قالغان بىر قىسىم ئەسەرلەر يولداش مەھەممەت چاۋارنىڭ تىرىشچانلىقى، گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىنغان. يولداش مەھەممەد چاۋار بۇ شېئىرلاردىن 20 پارچىدىن كۆپرەكىنى نەشرگە تەييارلاپ، 1980 ـ ، 1981 ـ ۋە 1986 ـ يىللىرى «يېڭى قاشتېشى»، «بۇلاق» قاتارلىق ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلغان.

مۇشۇ بىرقانچە يىلدا شائىر ئىسمائىل هاجىنىڭ يەنە كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلىرى تېپىلىپ رەتلەندى ۋە نەشرگە تەييارلاندى.

# هاپىز هاجى

هاپىز هاجى 1867 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيە راھەتباغ يېزىسىنىڭ قۇمتۇر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ ئاتىسى موللا جالال مەرىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، ئوغلىنى باشتا ئۆزى ئوقۇتۇپ، تەربىيىلىگەن. هاپىز هاجى چوڭ بولغاندىن كېيىن قەشقەر مەدرىسىگە بېرىپ بىر قانچە يىل ئوقۇغان. كېيىن مەككىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلغان. ھەج سەپىرى داۋامىدا كەشمىر، كابۇل قاتارلىق جايلاردا مەلۇم مەزگىل تۇرۇپ، شەرق ئىلمى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. يۇرتىغا نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىپ كېلىپ، كۆپلىگەن شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

هاپىز هاجى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئۆز يۇرتىدا مۇدەررىسلىك قىلىش داۋامىدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تونۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن هازىرغىچە مەلۇم بولغىنى، 1920 ـ ۋە 1930 ـ يىللاردا يېزىلغان «ئىككىمىز»، «تەنھا»، «پەيدا»، «دو ـ دو ـ شۇي»، «سەپەر ئۈستىدە» قاتارلىق شېئىرلاردىن ئىبارەت.

هاپىز هاجى شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم زېمىنىدىكى چىرىكلىك، ئادالەتسىزلىك، مەككارلىقلار پاش قىلىنغان. بىز ئۇنىڭ:

«قەززۇمنىڭ مەۋجىگە ئوخشاش دەريايى غەمدە قالغىنىم تەنھا»

دېگەن مىسرالىرىدىن جاھالەت مۇھىتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئاڭلىيالايمىز.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىر ھاپىز ھاجى ئۆزى يا-
شىغان فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىغان، بۇ
خىل تەسىر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمىغان. شائىر
ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سوپىلىق (ئىشانلىق) بىلەن شۇغۇللان-
غان ۋە 1948 - يىلى مارت ئېيىدا، 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئارۇپ قاسىمى

شائىر ئارۇپ قاسىمى 1873 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئائىلىسى بىلەن ياركەنتكە كۆچۈپ بېرىپ، مەدرىستە، يەنى مەكتەپلەردە بىلىم ئالغان، ھۈنەر ئۆگەنگەن. ئۇ ياركەنتتە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە رۇس، ئەرەب، فارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۇ ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە تىككۈچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە جامائەت، ئاقارتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە چاقىرغان.

ئارۇپ قاسىمىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى 1900 - يىللىرى باشلانغان. ئۇ ۋاپاتىغىچە (1936 - يىل) بولغان ئىجادىي ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، رۇبائىي، مەسەل ۋە داستانلارنى يازغان. لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە بىر كىچىك داستانىلا كىچىك ئوغلى ھۈسەيىنىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە ساقلىنىپ قالغان شېئىرلىرى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 1 - سانىدا (ھۈسەيىن ئارۇپ، تۇرسۇن زېرىدىنلار تەييارلىغان) ئېلان قىلىندى.

شائىرنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان 12 پارچە شېئىرى ۋە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بىرپارچە مەسەلدىن شائىرلىق تالانتى ۋە ئىجادىدىكى ئورىگىناللىقنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس. ئۇنىڭ

شېئىرلىرى تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ . بۇ شېئىرلاردا ھەم كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمۇ ھەم ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ دەۋرگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇپ ، خېلى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە .

# ھەمرا بارات

شائىر ھەمرا بارات ( تەخەللۇسى : كاتىبى) 1873 - يىلى ياركەنتنىڭ پەنجىم يېزىسىدا تۇغۇلغان . 1918 - يىلى ئىلىغا ئۆتۈپ ، ئانا يۇرتى — غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىغا ئورۇنلاشقان . 1947 - يىلى 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ①

ھەمرانىڭ ئاتىسى بارات ئوغلىنىڭ تەربىيىسىگە كىچىكىدىن كۆڭۈل بۆلگەن . ئۇنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ، بۇخاراغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن . لېكىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە ھەمرا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەلگەن ھەمدە قالغان بىلىملەرنى يۇرتىدا ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تولۇقلىغان . تۇرپانيۈزىگە كەلگەندىن كېيىن ھەمرا دەسلەپ شۇ يېزىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ، يېزا ياشلىرىنى بىلىم ، ئەخلاق ئۆگىنىپ ، خۇراپاتلىق ۋە نادانلىقنى تۈگىتىشكە يېتەكلىگەن ، ياشانغان مەگىلىدە تۇرپانيۈزى يېزىسىدا ئىماملىق قىلغان .

شائىر ھەمرا بارات شېئىرلىرىدىكى بېشارەتتىن قارىغاندا ، ئۇ ياشانغان چېغىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كۆپلىگەن شېئىر ھەمدە «خۇشتىرىخان» ناملىق داستان يازغان . شائىرنىڭ 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا رەتلەپ تۈزگەن بىر دىۋانى ھازىر غۇلجا شەھىرىدىكى سىدىق تۇرسۇننىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ ، دىۋان دىنىي ، ئەخلاقىي ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەزمۇنلاردا يېزىلغان 247 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە

① شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىغا دائىر مەلۇماتلار يولداش تۇرسۇن زىبىردىن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ ، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان « كاتىبى شېئىرلىرى » نىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچى سۆزىدىن ئېلىندى .

ئالغان ھەمدە بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى غەزەل شەكلىدە، قالغان قىسمى مۇخەممەس ۋە باشقا شېئىرىي شەكىللەردە يېزىلغان. سۇلتان ئۇۋەيس يېزىسىدىكى مەرھۇم ھېزىم ئاكا ھەمرا كاتىپنىڭ 94 پارچە شېئىرىنى ساقلاپ كەلگەن. تۇرسۇن زېرىدىن ئەنە شۇ شېئىرلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ نەشرگە تەييارلاپ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان.

تۆۋەندە، شائىر ھەمرا بارات (كاتىپى) نىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىدىن بىر پارچىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز:

«ئاتمىش ياشتا ئەبيات يازدىم، ئۆزۈم نادان،
ئەقلىم ھەيران، كۆڭلۈم ۋەيران، يۈرەكىم قان،
كۆزۈم گەريان، باشىم سەرسان، تېنىم لەرزان،
نىچۈك لەرزان بولغانىمنى بىلىڭ دوستلار.

نەزىم قىلماق كېچە ـ كۈندۈز بولدى ئىشىم،
بۇ ئىش بىلەن ئادا بولدى يازۇ ـ قىشىم،
قايغۇ بىلەن غەمگە تولدى ئىچى ـ تېشىم،
نە سەۋەبتىن تولدى ئىچىم بىلىڭ دوستلار.

ھەيراندۇرمەن ئۇشبۇ ئىشقا قىلدىم ھەۋەس،
ئەمدى بىلسەم ئۆتكەن كۈنۈم ياخشى ئەمەس،
بولۇپ قالدىم مانا بۈگۈن ئەبيات پەرەس،
ئەبيات پەرەس بولغانىمنى بىلىڭ دوستلار.

ئەبيات يېزىپ ئەمەل قىلماي يولدا قالدىم،
يولدىن قالسام نە ياخشىدۇر كۆلدە قالدىم،
كۆلدە قالدىم خۇش سائادەت چۆلدە قالدىم،
نە سەۋەبتىن چۆلدە قالدىم بىلىڭ دوستلار.

نادان كاتىپ ، جاندىن كەچمەك ئاسان ئەمەس ،
جاندىن كەچمەك نادانلارغا نەسىپ ئەمەس ،
نادانلىقتا ئۆتكەن ئۆمۈر پايدا بەرمەس ،
ئۆمرۈم ئىچۈك ئۆتكەننى بىلىڭ دوستلار .»

# ئابدۇللا ھاپىز

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللاردىكى مەرپەتچىلىك ۋە دېموكراتىيە خاراكتېرىدىكى يېڭى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ئەدىبلىرى ئىچىدە ئابدۇللا ھاپىز ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە خەلق-پەرۋەرلىك پائالىيىتى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ .

ئابدۇللا ھاپىز 1875 ـ يىلى تۇغۇلغان ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيار يۈزى يېزىسى قۇمۇل مەھەللىسىدە ياشاپ ، 1956 ـ يىلى 81 يېشىدا ۋاپات بولغان .

ئابدۇللا ھاپىز غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدە ئوقۇغان . خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن يېزىغا قايتىپ چىقىپ ، ئاز ـ تولا يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن باشقا ، كۆپ ئۆمرىنى جاھان كېزىش ، خەلق بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ، ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان بىپايان ئىلى يېزىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىققان . «ھاپىز» دېگەن نام ئۇنىڭغا خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ ، «بېيىت ئېيتقۇچى» ، «شائىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى .

ئابدۇللا ھاپىز ياش مەزگىلىدىلا قوشاق توقۇش ، لەتىپە ئېيتىش ، شېئىر يېزىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن . ئۇنىڭ جۇشقۇن ۋە خۇش چاق-چاق تەبىئىتى ، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان ، يېڭىلىققا ، مەنىۋى ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان روھىي كەيپىياتى ئۇنى خەلقنىڭ دوستىغا ۋە سۆيۈملۈك شائىرىغا ئايلاندۇرغان .

ئابدۇللا ھاپىز ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە «قەلەم» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن . شائىر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي

خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ شېئىرىيەت ماھارىتىنى قوشاقچىلىق ئارقىلىق يېتىلدۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ جاھان كېزىش جەريانىدا ئۆزى دۇچ كەلگەن ھەر بىر ۋەقە پېرسوناژ ھەققىدە بىردىن شېئىر توقۇغان. شائىرنىڭ ئىلھامى قاپىيە، رادىف، ۋەزىن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان. ئۇ، قانداقلا بولمىسۇن، خەلق چۈشىنىدىغان، زوقلىنىدىغان، ئىبرەت ئالىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلققە دەل ۋاقتىدا بىۋاستە يەتكۈزۈپ تۇرغان.

ئابدۇللا ھاپىز ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، شېئىر تېما تېكىستىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ئىبارەت. شائىر ھېچكىم ئېتىبار بەرمەيدىغان ۋە تىلغا ئېلىپ باقمىغان تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خاس بەدىئىي پىكىر ياراتقان. شائىرنىڭ ھەر خىل دەل - دەرەخلەر، مېۋە - چېۋىلەر، ھايۋاناتلار ھەققىدە، زىرائەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مەنتىقىلىق، قىزىقارلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى رولىنى، ئەھمىيىتىنى بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىغا قاراڭ:

«ياز باھارى ئەۋۋەلىدە چىقار ئۇجمە،
مېۋىلەرگە باشلامچىدۇر چىقىر ئۇجمە،
يېمەك ئۇچۇن ئارزۇ قىلار كۆرمىگ كۆزلەر،
جانىۋارلار يېمەك ئۇچۇن قونار بويلاپ ...

ئارقىسىدىن پىششىپ چىقار سېرىق ئۆرۈك،
مېغىزى تاتلىق، ئەجەب شېرىن گۆلىقاق ئۆرۈك،
تولا يېسە زىيان قىلار ئاچچىق ئۆرۈك،
قورساق ئاغرىپ ئىچىڭ سۈرگەي ھەم تاراقلاپ.

شېرىن - شەربەت پىشار ئەرمىش ئاق شاپتۇلا،
قۇرۇق ئىسسىق كېسەللەرگە ئەجەب دورا،
ھەر كىم ئەرسە شاپتۇلىنى يېسۇن تولا،

يېمەي قالسا ئەرمان قىلۇر يۈرەك داغلاپ .»

(قول يازما 42 ـ ، 43 ـ بەتلەر)

ئابدۇللا ھاپىز ئىجادىيىتىنىڭ تېما تېكىستى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى خېلى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ، كۆپ سانلىق نامرات دېھقانلار ۋە تۆۋەن تەبىقە ئەمگەكچىلەر مەيدانىدا تۇرۇپ ئادالەتنى ، مەرىپەتنى كۈيلىگەن ؛ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى ، نادانلىق ، جاھالەتپەرەسلىكنى قاتتىق سۆككەن ، بولۇپمۇ فېئوداللىق روھىي كىشەننىڭ تەرغىباتچىلىرى بولغان ئىشان ـ سوپىلارغا قارشى ئاجايىپ ئۆتكۈر ساتىرىلارنى يازغان . ئۇ ، شېيخلارنىڭ مەككارلىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىنى :

«ئىلىمسىز ، شەرئىنى بىلمەس بۇ ئەجەب مەككار ، شېيخ ،
مالى دۇنيا كۆزلىگەيلەر نەپسى بەد خۇمار ، شېيخ .
. . . . . . . . . .
مەجلىسىدە خۇدنەمادۇر ، كىبىرىسى ، پىسىقى بەلەند ،
سۆھبىتى مۇزدىن سوغۇقتۇر ، ئەپتى ـ ئەمھارى ، شېيخ .»

دەپ، قامچىلىسا ، سوپىلارنى :

«ئەجەبلەندىم، سوپىلارنىڭ بىر ئىشىگە ،
ھەيران قالدىم ، ئاندا ـ مۇندا يۈرمىشىگە .
بىر ـ بىرىنى مازاق ئېيتىپ كۈلمىشىگە ،
ئۇزۇن چاپان ، ئالا تۇماق تايغاق سوپى !
ئاۋۋال باشلاپ ئۆزلىرىنى چاغلىمايدۇ ،
ياخشى ئىشقا بەللىرىنى باغلىمايدۇ .
ئالدامچىلىق ـ بىزارلىقتىن ھېچ يانمايدۇ ،
سۇخەنچىلىك پەيلى يامان تايغاق سوپى ...»

دەپ ئەيىبلەيدۇ .

ئابدۇللا ھاپىز مەرىپەتنى ، ئىلىم - پەننى زور ئىشتىياق بىلەن تەرغىب قىلغان ؛ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ناچار ئادەتلەرنى تەنقىدلەپ ، كىشىلەرنى ساپ ، ئادىل ياشاشقا ، دوست - ئىناق ئۆتۈشكە ، بىلىم ئىگىلەپ ، مەنىۋى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان . ئۇ ، ئۆزىنىڭ ئىلىم ئىزدەش ئارزۇسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن :

«كىرپىكىمدە كان قېزىپ مەن ئىلىمنى پاش ئەيلىسەم ،
شۇ ئىلىم دەشتىدە بىر ئاقىلنى يولداش ئەيلىسەم .
ھەر كىشىكىم ئىلىمنىڭ يولىغا سالقىن سۆزلىسە ،
ئول كىشىنىڭ مەڭزىگە كەلتۈرۈپ كاش ئەيلىسەم .

شائىر ئابدۇللا ھاپىز ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ئۆمرىنى شېئىرىيەت - قوشاقچىلىققا بېغىشلىغاندىن باشقا ، خەلق ئىچىدە يەنە بەدىئىي سۆز سەنئەتكارى — قىزىقچى ، لەتىپىچى سۈپىتىدىمۇ تونۇلغان . 1981 - يىلى شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ ، ئۇنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان بىر قول يازما دىۋانى تېپىلغان . مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ دىۋان 1944 - 1948 - يىللىرى تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا شائىر 1930 - يىلدىن شۇ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان شېئىر ، ھېكايەتلىرىنى رەتلەپ كىرگۈزگەن . شائىر بىلەن زامانداش بولغان ۋە ئۇلپەتلەشكەن بىر نەچچە پېشقەدەملەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، ئۇ دىۋاننى ئۈچ نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈپ ، ئوخشاش قىلىپ تۈپلەپ ، مۇقاۋىلاپ ، بىرىنى خۇدىيار يۈزىگە ، بىرىنى تۇرپانيۈزىگە ، يەنە بىرىنى بولسا كېپەكيۈزىدىكى دوستلىرىنىڭ ساقلىشىغا قالدۇرغان . ھازىر تېپىلغان ، شائىرنىڭ كېپەكيۈزىدىكى شاگىرتى ، دوستى نىزامىدىن ئاكا قولىدا ساقلانغان بۇ قول يازما نۇسخا ئەسلى 282 بەت بولۇپ ، ھازىر 238 بېتى ساقلىنىپ قالغان .

قۇمۇش قەلەم ، قارا سىياھ بىلەن ئوروس قەغىزىگە يېزىلغان بۇ توپلامغا ئابدۇللا ھاپىز «قەلەم نەزمىلىرى» دەپ نام قويغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە

خاس ئىستىل بويىچە تۈزۈپ چىققان. توپلامنىڭ پۈتۈن شېئىر ۋە ھېكايەتلىرىنى مەزمۇنىغا قاراپ ئىككى چوڭ باب، 42 «پەسىل» گە ئايرىپ جەملىگەن. ھەر بىر پەسىلنى نەسرىي ئۇسۇلدا قىسقىچە ھېكايەت بىلەن باشلاپ، ئاندىن ھېكايەت مەزمۇنى بويىچە ئۆز پىكىرلىرىنى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلغان.

توپلامنىڭ ئالدىنقى «پەسىل» لىرى ئاق ئۆستەڭ ھەققىدە، دېھقانلار، زىرائەتلەر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارنى ھەممە ئىلىخو، بايتوقاي، قاينوق، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق يېزا ـ سەھرالارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، خەلقى توغرىسىدىكى شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئوتتۇرىسىدىكى «پەسىل» لەرگە كاسىپلار ھەققىدىكى شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. ئاخىرقى «پەسىل» لەر «شىكايەتلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى، نادانلىق، تەمەخورلۇق، زۇلۇم، ھەر خىل يامان خۇي ـ پېئىللىق كىشىلەر ھەققىدىكى يۇمۇرىستىك ـ ساتىرىك شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان. توپلامنىڭ ئاخىرىغا شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى كىرگۈزگەن. بۇلار شائىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان، ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلىدىغان خەلقپەرۋەر غايىلىرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە «جاھاندىن ۋاپا كۆرمىگەنلىكىنى، ھەممە يەردە ئادالەتسىزلىككە دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ دۇنيادىن زېرىككەنلىكىنى» ئېيتىپ، ئايرىم ئۈمىدسىزلىك روھىي ھالىتىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن تا ۋاپاتىغىچە بولغان ئارىلىقتا شائىر ئابدۇللا ھاپىز ئۆز يېزىسىدا ياشاپ، يەر ئىسلاھاتى، كوللېكتىپلىشىش، سوتسىيالىزم، كومپارتىيە، مىللەتلەر دوستلۇقى، ئەمگەك ھەققىدە بىر قاتار قوشاق، شېئىرلارنى يازغان. ھالبۇكى، شائىرنىڭ بۇ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن خەلق ئىچىدە كۆچۈرۈلۈپ ساقلانغان بىرقانچە شېئىر ۋە ھېكايەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەسلى نۇسخىلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

شائىر ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئەسەرلىرى تۇنجى قېتىم «ئىلى دەرياسى»

ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۆدۈك» توپلىمىدا شائىرنىڭ هاياتى ۋە ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل 11 ـ سانىدىكى قادىر ئەكبەر
تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى)

# قۇتلۇق شەۋقى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىدا شائىر، نەشرىياتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قۇتلۇق شەۋقى 1876 ـ يىلى قەشقەردە ئابدۇرەھىم بەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى بىلىمنى ئۆز يۇرتىدا ئالغاندىن كېيىن، دادىسى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولغان ۋە قاھىرەدىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم» دا، تۈركىيىگە كېلىپ ئىستانبولدا ئوقۇغان، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ توشقان ئىلىم ئىگىسى بولۇپ تونۇلغان.

ئەينى چاغ دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن مەزگىل بولۇپ، ئەرەب ئەللىرى، كىچىك ئاسىيا، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيىگە قاراشلىق جايلىرىدا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ ھال چەت ئەلدە خېلى ئۇزۇن تۇرغان قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئېڭىغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرمەي قالمىدى. فېئودالىزمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىمۇ بىر خىل ئىسلاھات، يېڭىلاش ئېقىمى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئىلغارلىرى فېئودالىق ئاسارەت ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تونۇلدى. قۇتلۇق ھاجى ئەنە شۇ مەزگىلدە «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر قاتار سىياسىي لىرىكا، ماقالىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئىسلاھات، يېڭىلاش، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىر

جەڭچسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى .

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى بىر شېئىرىدا :

«بىر قىلىچ بەرسە خۇدا ، كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام ،
ئۆزسە خەلقىنىڭ بوينىدىن خارلىق كىشەن - زەنجىرىنى .
گەر خارابكەن ئەل - ۋەتەن ، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى .

دەپ يېزىپ ئۆز ئىرادىسىنى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپچىل كۆرسەت-كەندى .

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى ۋە دەۋر ئۆز ئالدىغا قويغان تەلەپلەرنى توغرا تونۇپ سىنىپىي ، مىللىي زۇلۇم ئاسارىتىدە قالغان ، جاھالەت ، قاششاقلىقتا ئۇخلاپ ياتقان خەلقنى ئويغىتىپ ، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىشتىن ئىبا-رەت بولۇپ ، قۇتلۇق شەۋقى شېئىرلىرىدا بۇ خىل ئىدىيە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان . ئۇ «ئويغاندى» ناملىق شېئىرىدا ئۆز خەلقىگە مۇنداق خىتاب قىلغاندى :

« كۈرەش قىلساق ئەرك ئۈچۈن ، ئەركىنلىكتە ياشايمىز ،
ئەزىز خەلقىم كۆزۈڭ ئاچ ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى .
ئويغانغانلار ياشىندى ، ئۇخلىغانلار قاخشىدى ،
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا ، شۇم زېمىستان ئويغاندى .
ئويغىنايلى ئۇيقۇدىن ، ئەمدى ئۇخلاش بىز گە يات ،
ئىلىم - ئىرپانلار ئۈچۈن بارچە جاھان ئويغاندى .»

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەنئەنىۋى تېما . مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا بارلىققا كەلگەن زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر نەتىجىسىدە بۇ تېما يەنىمۇ يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولدى . ۋەتەن ساتقۇچ

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇلارنىڭ مەنپۇئى تۇۋرۇكى بولغان فېئوداللىق جاھالەت ، دىنىي ئاسارەت ھامىيلىرىنىڭ قاراقچىنى دوست تۇتۇپ ، ئۇلار-نىڭ شىنجاڭنى تالان - تاراج قىلىشىغا يول قويۇپ بېرىشىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىق قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئويغانغان زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئۇرغۇشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى . ئۇلار شۇ دەۋر ئەدەبىياتى-نىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان «ئويغىنىش» نى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلدى . شائىر قۇتلۇق شەۋقى ئۆزىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى غەزىلىدە مۇنۇلارنى يازدى :

«كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم ، بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر ،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر .
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش ،
ئول شەھىدۇ ، قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر .
نۇر چېچىپ 〈 قۇتادغۇبىلىك 〉 خەلقنى قىلغان بەختىيار ،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئېرپانلار ياتۇر .
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى 〈 دىۋانى لۇغەت 〉 ،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەپ - شانلار ياتۇر .
ئەيلىگەن 〈 شەۋقى 〉 نى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر .»

20 - يىللارنىڭ بېشىدا ۋە 1924 - يىلى قەشقەردە مىخ مەتبەدە بېسىلغان «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى» ، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، «بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك خەلقنىڭ چەت ئەل ئىمپېرىيالىستلىرى بىلەن فېئوداللارنىڭ زۇلمى ھەم ۋەھشىيلىكلىرىگە قارشى قوزغىلىش ئىسيان ساداسى گۆركىرەيدۇ » ①.

---

① نۇر مۇھەممەد زامان : «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ» ، «تارىم» ، 1986 - يىل ، 11 - سان ، 112 - بەت .

قۇتلۇق شەۋقى پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك تەرىپى، ئۇنىڭ قەشقەردە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ 1918 - يىلى تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدى. گەرچە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ پېچەتلىشى بىلەن بۇ گېزىت مەلۇم مەزگىل چىقىپلا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ۋە ئۇيغۇر گېزىتچىلىكى تارىخىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى زور بولدى. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستەك - غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغان شائىر قۇتلۇق شەۋقى 1933 - يىلى باشقىدىن «ئەركىن ھايات» گېزىتىنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ گېزىت مەلۇم مەزگىل چىقىپ توختىتىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت — ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» ۋە قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەم زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا «يېڭى ھايات» گېزىتى نامى بىلەن قايتا يورۇق كۆردى، 1936 - يىلى قەشقەر «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە ئازادلىققا قەدەر نەشر قىلىندى.

قۇتلۇق شەۋقى تارىخىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇ ئۆزى نەشر قىلغان ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن گېزىتلەردە كۆپلىگەن جەڭگىۋار شېئىر، ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەنلا قالماستىن يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخىي بىلىملەرنىمۇ تونۇشتۇرغان ھەمدە شۇ مەزگىللەردە قەشقەردە ئېچىلغان پەننىي مەكتەپلەردە تارىخ دەرسى ئۆتۈپ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگەنىدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1937 - يىلى ئاپرېلدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر شەھىرى ياۋاغ تېرەكلىك تۈرمىسىگە تاشلاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جاللاتلىرى ياۋاغ تۈرمىسىگە ئوت قويۇۋەتتى. تۈرمىدە كۆيدۈرۈلۈپ، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىمۇ بار ئىدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆزىنىڭ 61 يىللىق ھاياتىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسى ئەدەبىياتتىن باشقا يەنە تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. ئۇنىڭ «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئى كاشغەر» ناملىق ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

# ناسىرخۇا ئىمىن

شائىر ناسىرخۇا ئىمىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى .

ناسىرخۇا 1888 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە مۇزدۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ، يەتتە يېشىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ، چوڭ دادىسى ئېدىمىنىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان .

ئۆتكۈر ۋە زېرەك ناسىرخۇا كىچىكىدىنلا بىلىم ئېلىشقا ئىنتايىن قىزىققان . ئۇ توققۇز يېشىدىن 17 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان . ئۇنىڭ نەۋائى ، ھۇۋەيدا ، شامەشرەپلەرنىڭ شېئىرلىرىنى خۇش ئاۋاز بىلەن يادقا ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن جامائەتچىلىك ئۇنى «بوۋاق قارى» ، «بالا ھاپىز» دەپ ئاتاشقان .

1906 ـ يىلى چوڭ دادىسىنىڭ ياردىمى ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن 17 ياشلىق ناسىرخۇا مىسىرغا بېرىپ ، قاھىرەدىكى ئەزھەر دارىلئۇلۇمىدا ئون يىلغا يېقىن ئوقۇيدۇ ۋە مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەندىن كېيىن مىسىر ھەم بۇخارادا مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىندۇ ، لېكىن ناسىرخۇا ئۆز خەلقىنى مەرىپەتلىك قىلىش ئىستىكى بىلەن 1915 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ . ئۇ شۇ چاغدىكى مەھكىمە شەرئىيدە ئەلىماخۇن ، قازى ، مۇپتىلار ئالدىدا ئىمتىھان بەرگەندە ، ئۆزىنىڭ مول بىلىمى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ئەلاباي مەسچىتىگە خاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ . خاتىپلىق قىلىش جەريانىدا خەلققە ئىلىم ـ پەن ، مەرىپەت ئۆگىتىش ، خەلقنى نادانلىق ، غەپلەتتىن ئويغىتىش ، باشقا ئەللەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنىڭ مە-

دەنىي هاياتىنى تونۇشتۇرۇش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ باردۇ . شۇ چاغدىكى يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن مەسچىت يېنىدا مەكتەپ ئېچىپ بالىلارغا پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ .

ناسۇھا ئىسمىنىڭ قولىدا ئوقۇغانلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرستىن تاشقىرى يەنە مارش ئۆگەتكەن ، گىمناستىكا ئويناتقان . ناسۇھانىڭ تەشۋىق - تەرغىپى ۋە يېڭى مەدەنىيەت - ئاقارتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى شۇ چاغدىكى خۇراپىي ، مۇتەئەسسىپ ئۆلىما ، قازى ، مۇپتىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ . شۇڭا ئۇلار «دىنىمىزنى بۇزدى» ، «خەلقنى غەيرىي يولغا باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ» ، «جەدىتچە مەكتەپ ئاچتى» ، «كالتە قۇيرۇق» دېگەندەك بەدنامىلار بىلەن ناسۇھا ئۈستىدىن مەھكىمە شەرئىيىگە ئەرز قىلىدۇ . شائىر بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ :

«ناسۇھا ئۆزۈڭنى خۇش تۇتقىل ،
مەرىپەتتىن ھەرگىز قاچمىغىل .
ئەگەر بۇ يول ئاسان دېسەڭ ئاسان ،
زادى مۇشكۇل دېسەڭ مۇشكۇل .»

ناسۇھا مەھكىمە شەرئىيىدە كۈچلۈك داۋىلار بىلەن ئەرز قىلغۇچىلارنى مات قىلىدۇ . لېكىن مەھكىمە شەرئىيدىكى ئەلەم يولسىزلىق بىلەن ناسۇھانىڭ ۋەز - نەسىھەت قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ناسۇھا خاتىپلىقتىن ۋاز كېچىدۇ . ئۇ كېيىن بۇ ھەقتە :

«داد - پەرياد ، دەپ يىغلىسام كىمگە يېتەر دادىم مېنىڭ ،
كىم ئىشتىكەي بۇ زاماندا ئاھۇ - پەزيادىم مېنىڭ ،
بېرىپ كىملەرگە ئېيتاي داد دەپ يىغلاپ مەن خەستە ،
يۈرەك دېغى دەردىمنى تۆگمەس مىسلى كان قىلدىڭ .»

دەپ ئۇزۇن بىر شېئىر يازىدۇ .

ناسىۇھا كۆپ ئۆتمەي كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ، كېيىن جاغىستاي-دىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ناسىۇھا بىر يىلدىن كېيىن يەنە غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن شەھەردىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن تارقاتقان پىتنە-ئىغۋالىرىغا چىدىيالمىغان ناسىۇھا چاپچالدىكى «خۇنخاي مازار» غا كېتىدۇ. ئۇ بۇ يەردىمۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ئىلىم تەھسىلى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ناسىۇھا «خۇنخاي مازار» غا بارغان دەسلەپكى كۈنلىرىدە تۆۋەندىكى شېئىرنى يازىدۇ:

«خۇنخاي مازارىغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە مەن يار ئىدىم.
ئەھلى ئىلىم، ئەھلى پەزىل، ئەھلى ئاشىق،
قىلسا مەۋلانە سۆزۈم مەن جار ئىدىم.
يۇسۇپ سەككاكى قىزىل گۈل بولسا،
مەن بۇلبۇلى شەيدا ئىدىم.
مىڭ ئۇچىيۇز قىرىق سىنە بولدى نەسىپ،
تالىبان بىرلە كېلىپ بىمار ئىدىم.
ھەقىقەت ئىزلىگەچكە بۇ ئالەمدە،
مەن ناسىۇھا قۇللار ئىچىدە خار ئىدىم.»

ئۆز ئارزۇ-ئىستەكلىرى چەكلىمىگە ئۇچراش بىلەنلا قالماستىن، يەنە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ پىتنە-ئىغۋالىرىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغىنىغا يۈرىكى قاتتىق سىقىلغان ناسىۇھا 1928-يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقان چېغىدا، ئۆزىنىڭ «قالدى» ناملىق شېئىرىنى يازىدۇ.①
خەلق بىلەن ھەمنەپەس، مەرىپەتپەرۋەر شائىرنىڭ نۇرغۇن

① شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى «تارىم» ژۇرنىلى 1987-يىل 12-سانىنىڭ 140-بې-تىدە بېرىلگەن.

شېئىرلىرىنى خەلق ياخشى كۆرۈپ يادلاپ، خاتىرىلىۋېلىشقان، بەزى شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىشقانىدى. تۆۋەندە شائىر-نىڭ غۇلجا دۆڭمازاردىكى سەيدەخمەت ئەپەندى خاتىرىلەپ ئالغان بىر شېئىرىدىن بىرقانچە كۇپلېتىنى كىتابخانلارغا سۇنىماقچىمىز:

«ئەي دېھقىنىم، پۇرچۇلدۇك،
ئۆشۇرە تۆلەپ، دەن تۆلەپ.
بىرسى راۋا شەرىئەت،
ئىككى تۆلەش ئۆزگىرەك.

نەپسى ئۇچۇن ئىمانىنى،
ساتتى موللام ھەسسىلەپ،
ئاڭلاپ تۇرۇپ ھالىڭغا
بولالمىدىم يار - يۆلەك.

ئۇھ، دېگۇچە بىر دېھقان،
يەتتى يەتمىش شاپەلەك.
كۇرە - قاداق كۆتۈرگەن
يايى - دوغىدىن بۆلەك.

قىلىچ ئاسقان ياساۋۇل،
كىرىپ كەلدى بىر گېزەك.
باڭ - باگزىسى قولىدا،
لوزۇك كەپتۇ سەيسىلەپ.

ئامبال - دارىن ئالدىدا،
خوجام خۇددى چاقپەلەك.
تويۇپ ئۆتمەي نائىنساپ،
بىرنى يالاپ، بىرنى يەپ ...»

شائىر ناسىۋھا 1955 ـ يىلى چەت ئەلدە ۋاپات بولدى . 1981 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە بىر قاتار ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ ، بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەلق ئاغزىدىن ۋە قول يازمىلاردىن خاتىرىلىنىۋېلىندى ھەمدە بىر قانچە شېئىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى ①. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، شائىرنىڭ ئۆزى رەتلەپ چىققان بىر قول يازما دىۋانىنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم .

---

① شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر مەلۇمات ھەمدە بىر قىسىم ئەسەرلىرى دەسلەپ «ئىلى گېزىتى» نىڭ 1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان .

# نەممەت خەلپەت

شائىر نەممەت خەلپەت 1888 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ لۈكچۈن يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇت ئاخۇن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئوتاقچىسى بولۇپ، ئوغلى نەممەت خەلپەتنى كىچىك ۋاقتىدا خۇسۇسىي مەكتەپتە، 20 ياشقا كىرگەندە لۈكچۈن مەدرىسىدە ئوقۇتقان. نەممەت خەلپەت مەدرىسىدە ئەرەب - فارس تىللىرىدىن باشقا، شەرق كلاسسىكلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ لۇتفى، نەۋائى، زەلىلى قاتارلىق ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادى بىلەن تونۇشقان، شۇنداقلا، ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى «خەلپەت» دېگەن سۆز مەدرىسىدە تالىپلارغا خەلپەت (باشلىق) بولغان ۋاقتىدا سىڭىپ قالغان.

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نەممەت خەلپەت مەدرىسىدىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ، مۇستەقىل تىرىكچىلىك يولىغا كىرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن لەتىپە ئېيتقان، شېئىر - قوشاق يېزىپ خەلق ئىچىگە تارقاتقان.

1913 - يىلى نەممەت خەلپەت تۇرپاننىڭ مۇرتۇق يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن. تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا ئۇ قاتتىق ئېچىنىپ، «ھەسرەت» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ باشقىلارغا ئوقۇپ بەرگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپاننىڭ تونۇلغان ئەلنەغمىچىلىرى ۋە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلغان، ئابدۇخالىقنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ تەخەللۇس قويغانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇپ شېئىر يازغان.

1931 - يىلى قۇمۇلدا فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى دېھقانلار

قوزغىلىشىغا كۆتۈرۈلگەندە، نەمەت خەلپەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىللە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، شېئىرلار يېزىپ ئاما ئىچىگە تارقاتقان. ھەر جۈمە كۈنى ھەرقايسى مەسچىت، مەدرىسلەردە ۋەز ئېيتىپ، خەلقنى قوزغىلىشقا، ئىنقىلاب قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، 1935 ـ يىلى نەمەت خەلپەتنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. نەمەت خەلپەت 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا چىققان «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئۆز لەتىپە ۋە شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ 1936 ـ يىلى 18 ـ فېۋرالدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» نىڭ 4 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنغان «جاھانگىرلىككە قارشى» ناملىق مۇخەممەسىدە خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش ئىرادىسى، يېڭى مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى، ئىنتىلىشى ئىپادىلەنگەن.

1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغاندا نەمەت خەلپەتمۇ تۈرمىگە تاشلانغان. بۇ خىل ناھەقچىلىكلەرگە چىدىماي، غەزەپ ئوتىدا كۆيگەن شائىر تۈرمىدە بىر قانچە پارچە شېئىر يېزىپ ئۆز نارازىلىقى، غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە يازغان «ۋادەرىخ» ① ناملىق شېئىرىدا:

«ياخشىلاردىن قالمىدى زىنداندا چۈشمەي بىر كىشى،
بۇ نىچۈك بى رەھىملىك، ئەي چەرخى گەردان، ۋادەرىخ.
ياخشىلارغا ھەمنەپەس بولساڭ ئەگەر زىنداندا سەن،
ھېچ كېرەك يوق، ئەيلىسەڭ جانىڭنى قۇربان، ۋادەرىخ.»

دەپ يازىدۇ.

شائىر نەمەت خەلپەت تۈرمىدە كۆپ قېتىم سوراق قىلىنىپ، قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، زادىلا باش ئەگمىگەن. ئۇ 1942 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە تۈرمىدە ئەخمەتجان قاسىمى

---

① بۇ شېئىر «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بىلەن بىر كامېردا ياتقان . نەمەت خەلپەت سوراق جەريانىدا قاتتىق جارا-
ھەتلىنىپ ، نىمجان بولۇپ يېتىپ قالغاندا ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى ياخشى
كۈتۈپ ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان . ① نەمەت خەلپەت 1944 - يىلى
تۈرمىدىن چىققان .

1946 - يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆ-
كۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن ئەخمەتجان
قاسىمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە
كېلىدۇ . بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان شائىر نەمەت خەلپەت تۇرپان
خەلقى نامىدىن ئەخمەتجان قاسىمنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە چىقىدۇ ۋە «مانا
كەلدىم» ناملىق شېئىرىنى گېزىتتە ئېلان قىلىدۇ . كۆپ ئۆتمەي 11
ماددىلىق بىتىم گومىنداڭ تەرىپىدىن بۇزۇلغاندىن كېيىن ، ئەخمەتجان
قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىدۇ . نەمەت خەلپەتمۇ
ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىلىغا بارىدۇ ۋە غۇلجىدا تۇرۇپ
تۇرپان شىركىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىدۇ ، «يەتتە ۋىلايەت
خەلقچىل تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ . 1948 - يىلى قۇ-
رۇلغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»
نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ . نەمەت خەلپەت غۇلجىدا تۇرغان
مەزگىللىرىدە ئۆز زىممىسىدىكى خىزمەتلەرنى بېجانىدىل ئىشلەشتىن سىرت
يەنە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ . ئۇ 1949 - يىل 7 - ئايدا ياز-
غان «بولماس» ناملىق غەزىلىدە بىر ئىنقىلابچى سۆيىتى بىلەن
يولداشلىرىغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ :

«زىمىستان ئۆتمىگۈنچە جۇ چىقىپ ، ھەرگىز باھار بولماس ،
قاراتۇن كەتمىگۈنچە كۈن چىقىپ روشەن ناھار بولماس .

تەلۈغ قىلدى ھەقىقەت ئاپتابى نۇرىنى چېچىپ ،
بۇلۇت ياپقان بىلەن بۇ ئاپتاپ ھەرگىز غۇبار بولماس .

① «گۈدۈك» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982) . 177 - بەت .

قاراڭ بۇگۈن جىمى خەلقىم ئەجەب ئويغاندى غەپلەتتىن ،
كەمى زۇلۇم تورىغا بۇ كۈندىن سۇڭ چۈشەر بولماس .

غەنىيمەت ۋاقتى پۇرسەتتۇر ۋەتەنپەرۋەر بۇرادەرلەر ،
ۋەتەنگە ئەيلىگەن ھەر خىزمىتىڭ ھەرگىز بىكار بولماس .»

شائىر نەمەت خەلپەت (كەمى) شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان كۈنلەردە چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە يەنە بىر تۈركۈم غەزەللەرنى يازدى . ئۇنىڭ غەزەللىرى ۋە ماقالە ، نۇتۇقلىرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى .

خەلقپەرۋەر ، ۋەتەنپەرۋەر شائىر 50 ـ يىللاردىلا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ سايلانغان ، 1955 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە تۇرپان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەندى .

شائىر نەمەت خەلپەت ئېغىر قان بېسىمى كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ، 1962 ـ يىلى 74 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى . مەرھۇمنىڭ ئەينى يىللاردا گېزىت ، ژۇرناللاردا بېسىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى 1982 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۇدۇك» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى .

# دانىش ھەنىفى

مـوللا دانــىش ھەنــىفى پەرزەنتى ياقۇپ ھاجى (ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئاتــىغان) 1889 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيە قاراتال يېزا سات كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق يـاقـۇپ ھاجـى ئائىـلـىسىدە دۇنياغا كەلگەن . دانىش ياقۇپ 1908 ـ يىلدىن 1916 ـ يـىـلـغـىـچـە قاراتال بازىرى ۋە ئاقسۇ كونىشەھەر بازىرىدىكى دىنىي مـەكـتـەپـلەردە ئوقۇغان ، 1917 ـ يىلى قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن .

قـەشـقـەر خـانـلـىق مەدرىسىدە ئون يىلدىن كۆپرەك ئىلىم تەھلىل قـىـلـىـش داۋامـىـدا دانىش ياقۇپ شۇ دەۋردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يـۇرتـلـىـرىـدا ئۆتۈلىدىغان ھەممە پەنلەرنى تولۇق ئىگىلىگەن ، ئابدۇقادىر دامـوللا قـاتارلىقلار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ ، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ۋەتەن ۋە خـەلـقنى ئۆز قەلبىگە پۈككەن تەرەققىيپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر بىر زات بـولـۇپ يـېتىلگەن . ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى شۇ مەزگىللەردە باشلانغان بـولـۇپ ، ئۇ ئۆز ئەسـەرلـىـرىـدە «ھەنـىـفـى» (پـاك ، سـاغلام مـەنـىـسىدە) تەخەللۇسنى ئىشلىتىپ ، ئۆزىنى «دانىش ھەنىفى» دەپ ئاتىغان .

دانىش ھەنىفى 1929 ـ يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋە قۇمباش يـېـزىـسىدىكى مەدرىسكە مۇدەرىس بولغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئاقسۇ ناھىـيـىـسـىـنـىڭ قازىلىقىغا ، 1935 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قازى قۇززاتلىقىغا بـەلـگـىلەنگەن ، شۇ يىلى ئۇ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ ئاـقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان .

دانــىش ھەنــىـفـى شـۇ يـىـلـلاردا «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» تەسىس قـىـلـىش ئىشىغا باشچىلىق قىلغان ، ئاقسۇدا تۇنجى پەننىي ئوتتۇرا مەكتەپ

قـۇرۇش ۋە ئۇنـىـڭ ئوقـۇتـۇش خـىـزمـىـتـىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپنىڭ بىر قىسىم دەرسلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، خوتۇن - قىزلار-نىڭ يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ يولدا ئاكتىپ تەشۋىقاتچى بولغان. ئاقسۇدىكى مەشھۇر «مىللەتلەر كۇلۇبى» دانىش ھە-نىفىنىڭ سەپەرۋەرلىكى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەنە شۇ يىللاردا ئاقسۇدا ئۇيغۇر يېڭى زامان تىيا-تىرچىلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، راۋاجلىنىشى يولىدا پائال كۈچ چىقارغان. ئاقسۇ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

شۇ يىللاردا ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كاتىپ بولغان جامال بەكرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ دىنىي ئىلىمدە، ئىلمىي مەنتىقتە كامالەتكە يەتكەن زات ئىدى. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى شېئىرىي ئۇتۇق ئارقىلىق يې-شىپ بېرەتتى. 1936 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇيۇشما ئىشخانىسىغا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىنى ھۆسن خەت بىلەن يېزىپ چاپلاپ قويۇپتۇ. ئې-سىمدە قېلىشىچە، شېئىرنىڭ 1 - كۇپلېتى مۇنداق ئىدى:

دوستۇم جانابىڭ، ئىشچىمۇ سەن ساق،
گەر ئىشچى بولساڭ بۇ سۆزگە بىر باق:
دىلىڭدا ئويلا، تىلىڭدا سۆزلە،
كۆزۈڭدە كۆزلەپ، قولۇڭدا ئىشلە...

1937 - يىلى شېڭ شىسەي يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەدەنىيەت - ئاقارتىش، مەرىپەتچىلىك ئېقىمىغا زەربە بې-رىپ، بۇ جەرياندا مەيدانغا چىقىپ تونۇلغان زاتلارنى ھەر خىل ناملار بىلەن باستۇرغاندا، دانىش ھەنىفىمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالمىغان. ئۇ مەلۇم ۋاقىت نەزەربەند قىلىنغان ۋە 1938 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ياتقان.

دانىش ھەنىفىنىڭ 30 - يىللاردا ئۆز شېئىرلىرىنى كلاسسىك ئەدە-

بىياتىمىزنىڭ دىۋان تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تولپلام قىلىپ رەتلەپ چىققانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى يېقىن دوستى، ھازىر ئاقسۇ شەھەر چوڭ خانىقا ئىمامى مەمتىمىن ھاجى مۇنداق دەيدۇ: «دانىش داموللام تۇرمىدىن چىقىشتىن بىر قانچە يىل بۇرۇن، مەن ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر كىتابپۇرۇشنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بىر قول يازما دىۋاننى كۆرۈپ قالدىم. دىققەت قىلىپ قارىسام، ئۇ دانىش داموللامنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەرەبچە، فارسچە ۋە ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىنى رەتلەپ تۈزۈپ چىققان دىۋانى ئىكەن. مەن ئۇ دىۋاننى كىتابپۇرۇشتىن يېرىم سەر كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالدىم. دىۋاندىكى ئەرەبچە، فارسچە شېئىرلارنى ئوقۇيالمىساممۇ، ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ماڭا ناھايىتى يارىغان ئىنتىپاقلىق - بىرلىك ھەققىدىكى بىر شېئىرنى يادلاپمۇ ئالدىم (ئۇ شېئىر ھازىر ئىسمىدىن چىقىپ كېتىپتۇ). داموللام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆز دىۋانىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ قولغا ئېلىنىپ، ئاختۇرۇلغاندا يوقىلىپ كەتكەن بۇ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قولۇمغا چۈشۈش تەپسىلاتى ۋە ئۇنى مېنىڭ قەدىرلەپ ساقلىغىنىمنى بىلىپ، ماڭا قايتا - قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. مەن دىۋاننى داموللامنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردىم.»

دانىش ھەنىفى تۈرمىدىن چىقىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قانچە يىلغىچە مۇدەررىسلىك ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ يىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىمۇ توختىتىپ قويمىغان. مەركىزىي (ئۆلكىلىك) ئۇيغۇر مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ژۇرنال خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. كىشىلەر، ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا تونۇلغان شائىرلاردىن نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى داموللام، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، نىم شېھىت «مىڭئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى دانىش ھەنىفنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا

سۇنغانلىقىنى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ «خەمسە نەۋائى» دىن باشلاپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەندە، دانىش ھەنىفىدىن دائىم تەلىم ئېلىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

1946 - يىلى دانىش ھەنىفى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىنقىلابىي ئاممىۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» تەرەپتە تۇرۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. سايلام ھەرىكىتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن زىچ ھەمكارلىشىدۇ. شۇ يىلى 18 - سېنتەبىردە ئۇ ئۆزى مۇدەرىسلىك قىلىۋاتقان ئاقسۇ لەڭگەر چوڭ خانىقا ئالدىدا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەيدۇ، يىغىن ئاخىرى ئاممىۋى نامايىشقا ئايلىنىدۇ، نامايىشچىلار شۇ كۈنى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەشۋىقات قورالى بولغان «ئاقسۇ گېزىتى» نى ئۇيۇشما نامىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنى دېموكراتىيە، خەلقچىللىق سايلام ھەرىكىتىنىڭ تەشۋىقات مۇنبىرىگە ئايلاندۇرغان.

ئازادلىقتىن كېيىن دانىش ھەنىفى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى قىزغىن قوللاپ، ئاكتىپ تەشۋىقاتچى ۋە تەشكىلاتچى بولغان. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان.

دانىش ھەنىفى «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» دە قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، شەھەردىكى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ ئۆز يېزىسىغا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بولسا، يېزىسىدىن تۇتۇپ كېلىپ، «مەسىلە تاپشۇرۇش» قا مەجبۇر قىلىنغان، ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان. ئۇ بۇ ئېغىر روھىي ۋە جىسمانىي زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 1970 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاپات بولغان.

دانىش ھەنىفىنى تولۇق بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى ۋە مېنىڭ بىر قانچە قېتىملىق تەكشۈرۈشلىرىمدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ 40 -

يىللارنىڭ ئاخىرىدا «ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى» ، 50 - يىللاردا «شىنجاڭدىكى پەلسەپىۋى ئىقىملار» ① دېگەن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم . لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى . ئۇنىڭ 30 - يىللاردا تۈزگەن دىۋانىنى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ كۆرگەنلەر بار . دانىش ھەنىفىمۇ ۋاپاتىدىن بۇرۇن يازغان خاتىرىلىرىنىڭ بىرىدە بۇ دىۋان ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بېرىپ ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا تۇتۇپ كېلىنگىنىدە ، ئۇ دىۋانىنىمۇ جىنايەت پاكىتى سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى يازغان . دىۋانىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس . مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ باشلىرىدىكى تالان - تاراج ، كۆيدۈرۈشلەردىن بىر ئاماللاپ ساقلاپ قالغان بىر قىسىم مۇھىم كىتاب ، قول يازمىلارمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بەزىلەر تەرىپىدىن ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن ، ئۇلارنىڭمۇ ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق .

دانىش ھەنىفى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىنى تېپىپ خەلققە تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ تۇرماقتا .

---

① ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى پېشقەدەم شائىر ئەرشىدىن تاتلىق كۆرۈپ ، ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگەن .

# ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1896 - يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە تونۇلغان ئۆلىما ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ①

ئۇ 16 ياشقا كىرگەن مەزگىلىدە شائىر مەۋلانا ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ بايقىشى ۋە تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭغا شاگىرت بولغان ھەمدە تەجەللى بىللە بىلەن گۇمىدىن قاغىلىققا كەلگەن. ياش ئابدۇجېلىل تەجەللىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ھەر خىل ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىستېداتى ۋە قابىلىيەت جەھەتتە تېز ئۆسكەن. ئۈچ يىللىق تەربىيىدىن كېيىن شائىر تەجەللى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى ئابدۇقادىر داموللام ھوزۇرىغا — قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام تەجەللىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئابدۇجېلىلنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، كۆ- ڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن.

ئابدۇجېلىل قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يەنە شۇ مەزگىلدىكى تونۇلغان بىلىم ئىگىلىرى قولىدىن ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. ھىجرىيىنىڭ 1338 - يىلى (مىلادىيە 1929 - 1930 - يىللار) ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «داموللا» دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

ئابدۇجېلىل داموللام ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇمىغا قايتىپ

① شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان شائىرنىڭ شېئىرىي مەكتۇپلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان ئابدۇلېكىم مەھدۇم ھاجى تەرىپىدىن يېزىلغان «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» سۆزى ئاساس قىلىندى.

كېيىن، تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، خەلق ئارىسىغا ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. نادانلىق، خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك، زالىملىقتەك ئىللەتلەرگە قارشى نەزمۇيىسۆى ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەردە بولغان.

1934 - يىلى ئابدۇجېلىل داموللا ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان. ئۇ يەرلەردە كۆپلىگەن ئەدىبلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇلار بىلەن مۇشائىرىلەر يېزىشقان، ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم 1937 - يىلى ھەرەم سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى شىڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۈرگۈزگەن باستۇرۇش، تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي، ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئاجىز - مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ھەمدە يېتىلگەن شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەرەب - فارس تىللىرىدا، ئوخشىمىغان شېئىرىي شەكىللەردە بىر قاتار سالامنامە، تەشەككۈرنامىلەرنى؛ قەسىدە، مۇشائىرە، بېغىشلىما، قىتئەلەر، شۇنداقلا لىرىك شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئون پارچە شېئىرىي مەكتۇپىنى ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلدى. ئابدۇلھېكىم مەخدۇم ھاجى يەنە شائىرنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان بىر قىسىم قەسىدە ۋە سالامنامىلىرىنىمۇ نەشرگە تەييارلىدى.

# مۇھەممەد تۇردى قاسىم

مۇھەممەد تۇردى قاسىم ئوغلى 1897 - يىلى خوتەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. باشتا دىنىي مەكتەپتە، 1911 - يىلى خوتەندە ئېچىلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. پەننىي مەكتەپ تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ، ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. قايتىپ كېلىپ خوتەن شەھىرىدە ھۈنەرۋەنلىك قىلغان.

بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا «ھەزىنى» تەخەللۇسى بىلەن خېلى كۆپ شېئىر يازغان ۋە شېئىرلىرىنى ئىككى دەپتەرگە كۆچۈرۈپ چىققان.① ھالبۇكى، شائىر قولغا ئېلىنغاندا مال - مۈلكى، كىتاب - قول يازمىلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ۋە يوقىتىۋېتىلگەن. شائىرنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەدەبىي مىراسى ئۇنىڭ 1937 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە، ئارقىدىنلا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» ناملىق شېئىرى بولۇپ، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، 84 مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ شېئىردا شائىر ماخۇسەن قوشۇنلىرى 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە خوتەننى بېسىپ ياتقان ئۈچ يىل داۋامىدا خوتەن خەلقىگە سالغان ئازاب - ئوقۇبەت، زۇلۇم - كۈلپەت، ئالۋان - ياساقلىرى، كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنىپ، خەلقنىڭ قايغۇ - ھەسرەت، مۇڭ - زارى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ خەلقنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى، ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى

---

① شائىرنىڭ قۇدا جەمەت تۇغقىنى ۋە ئىخلاسمەن تالىپى بولغان مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجى خوتەندە نەشر قىلىنغان «باياز» ناملىق توپلامدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئۇ ئىككى دەپتەردىكى شېئىرلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئىپادىلىنىدۇ.

شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان. خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بۇ شېئىر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر قولغا ئېلىنغان ۋە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

تۆۋەندە، بۇ شېئىردىن بەزى پارچىلارنى ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلىمىز:

«دەرىخ، ئۈچ يىل داۋامىدا خوتەندە بار غېرىب مىللەت،
ئەجەب زالىم - بۇلاڭچى قوللىرىدا خارۇ - زار ئولدى.

ھەمە مىسكىن قېرىنداشلار، ھەمە ئۇششاق ئوغۇل - قىزلار،
ئۇلار تىرناغى زەخمىدىن ئۆلۈمگە ئانچە زار ئولدى.

يالىڭاچ ئاچ، دېمەي يايى كېچەسى سەيسى دەپ ھەيدەپ،
سوغۇقتا مۇزلىبان ئۆلگەن تولا يوللار مازار ئولدى.

ھۈنەرۋەن جىنسى قويماي يىغدى ئەسلا يۇرتتا خاڭتۇلار،
ھەمە ئىشخانا بىر دەۋزاخ ئازابلار ئاندا بار ئولدى.

بۇ زالىم يۇرت تۇتۇشتا خۇن تۆكۇشتىن ئۆزگىنى بىلمەس،
بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق ئاڭا بىر چوڭ شوئار ئولدى.

ئۆي ئىچرە قالمايىن ھىچ شەي ① ئىشككە بولمىدى ھاجەت،
خوتەن ۋەيرانلىقى ئۆيلەر ئىشىكسىز كۇھى غار ② ئولدى.

تامامۇ زۇلمىنى ئېيتسام يېزىپ بولماس ھەمە بىر - بىر،
خوتەن قەغەزلىرى سەپھى ئەنى يازماققا تار ئولدى.

① شەي — نەرسە مەنىسىدە.
② كۇھى غار — تاغ ئۆڭكۈرى.

ئەزىز مىللەت ، ۋەتەنداشلار ، ئۇلۇغ ئىقلىمى رەھبەرلەر ،
بۈگۈن رەھىم ئەيلىگىز بىزگە ، بۇ يەگىلىغ روزىگار ① ئولدى .»

شائىر مۇھەممەد تۇردى قاسىم ئوغلى («ھەزىنى») نىڭ بۇ شېئىرى 1930 ـ يىللاردىكى رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ .

① روزىگار ـــ زامان مەنىسىدە .

# مەرۇپ سەئىدى

مەرۇپ رەھىم ئوغلى سەئىدى 1898 - يىلى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق باي سىيىت يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، كىچىك دادىسى ئابدۇل باقىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ چىلەك رايونىدا دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بىر قەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان.①

مەرۇپ سەئىدى 1918 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ، دەسلەپ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا، كېيىن غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مائارىپ ۋە خەلقنى ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە ئېرىشكەن.

مەرۇپ سەئىدى يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللانغان. ئۇ ئىلى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان.

1936 - يىلى ئەتىيازدا مەرۇپ سەئىدىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان ھەمدە قوشۇمچە ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىدە پىداگوگىكىدىن

① پاكىتلىق ماتېرىياللار «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ 34 - توپلىمىدىكى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993) ھاكىم جاپپارنىڭ «مەرىپەت يۇلتۇزى — مەرۇپ سەئىدى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

دەرس ئۆتكەن. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچەن قاتارلىق كوممۇنىستلار بىلەن بىللە ئىشلەش داۋامىدا ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئىلغار زاتلار بىلەن كەڭ ئالاقىدە بولۇپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي روھتىكى ياش زىيالىيلار مەرۇپ سەئىدىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنى دائىم ئىزلەپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، جاللات شېڭ شىسەي مەرۇپ سەئىدىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ۋە 1940 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. 1942 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي تۈرمىدىكى ئىنقىلابچىلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، مەرۇپ سەئىدىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەرۇپ سەئىدى تونۇلغان پېداگوك، ئاخباراتچى بولۇپلا قالماي، يەنە تونۇلغان شائىر ئىدى. هازىرغىچە ئىگىلەنگەن تولۇقسىز ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا،① 1935 - يىلدىن باشلاپ «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ «زىيالىي»، «بولسا ئىدى»، «تۆرۈك دېھقانلار»، «ئايخان ئانام»، «كۆڭلىمىز ئېچىلدى»، «1- ئاۋغۇست شەرپىگە»، «چامدا»، «بىز ياشايمىز»، «ئىستىبدات پۈتتى»، «ئىلىخو»، «ئۇيغۇر قىزى»، «پۈتۈن شىنجاڭ ئويغاندى» قاتارلىق شېئىرلىرى ھەمدە بىر قىسىم ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

شائىرى مەرۇپ سەئىدى «ئىلىخو» ناملىق شېئىرىدا:

«ئىلىخونىڭ تاغلىرىدا،
ئالتۇن - كۈمۈش كانلىرى بار.
يېزا - سەھرا، قىرلىرىدا،
گۈل - گۈلىستان باغلىرى بار.

ئالتۇن - كۈمۈش دائىم ئاقار،
ھەر كۈن مىليون بايلىق قاتار.

① بۇ ماتېرىياللار شۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنىپ، هازىر پەقەت ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان گېزىت سەھىپىلىرىدىن ۋە هاكىم جاپپارنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى.

هېچ توختىماي هايات چاچار ،
ئىلى سۇيى - دەرياسى بار .

ئەجەب گۈزەل نازۇ - نېمىتى ،
پۈتمەس - تۈگىمەس ھېچ دۆلىتى ،
ئىشلىگەنگە سىي ① — ھۆرمىتى ، -
ھورۇنلارغا ئازابى بار .

ئالغا بېسىپ چامداپ تۇرغان ،
ئىش - خىزمەتكە جان دەپ تۇرغان ،
خەلق يولىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ،
تىرىش - ئىشچان ياشلىرى بار .»②

دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىلىغا بولغان مېھر - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان . ئۇنىڭ «ئېچىلغان گۈل» ، «ئەتىياز پەسلى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىغا سېلىنىپ ، خەلق ناخشىسىغا ئايلانغان . «ئەتىياز پەسلى» يەنە ئىلى ۋادىسىدىكى مەكتەپلەردە ئومۇمىي خور قىلىپ ئېيتىلغان .

مەرۇپ سەئىدىنىڭ ھاياتى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئوينىغان بەلگىلىك رولى تېخمۇ روشەنلىشىشى تەبىئىي .

---

① سىي — مۇكاپات .

② «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» نىڭ 1936 - يىل 5 - ئۆكتەبردىكى 59 - (ئومۇمىي 85-) سانىدىن ئېلىندى .

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇرپان شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان.

ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، بەش ياش چېغىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ، ئون ئىككى ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا دىنىي ئىلىم ئىگىلىگەن، شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشقان. كېيىن، تۇرپاندىكى خەنزۇچە مەكتەپ — شۆتاڭغا كىرىپ ئوقۇغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1916 - يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن روسىيىگە بېرىپ، شەمەي (ھازىرقى سىمىپالاتىنىسكى) شەھىرىدە مەلۇم ۋاقىت تۇرىدۇ، 1923 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككىنچى قېتىم بارغىنىدا، ئۈچ يىل تۇرۇپ بىلىم ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ رۇس تىل - يېزىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ بارىدۇ. ئۇ دەسلەپ كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىمىزنىڭ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشىدۇ. كېيىنچە ماكسىم گوركى، سەدرىدىن ئەينى، ئابدۇللا قادى-

رى، ئابدۇللا توقاي قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىگە دېموكراتىك ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئەدەبىياتنى قورال قىلغان ھالدا ۋەتەنىنى، خەلقىنى قۇتقۇزۇش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ روھىنى ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئۇلۇغ ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدىغان روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى مىللىي شەكىلدە ئىپادىلەپ، ئۆز خەلقىنى ئويغىتىشقا تىرىشتى. ئۇ، ئالدى بىلەن كونا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباب ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئەسەرلىرىدە يېڭى تىلنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى يارىتىپ، خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە باشلاشنىڭ يولىنى ئاچتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — 20 - يىللاردا شىنجاڭدا باش كۆتۈرگەن يېڭى مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. شائىر خەلقنى مەھكۇملۇقتىن خالاس قىلىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئىككى مۇھىم نۇقتىسىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ جان تومۇرى قىلدى. ئۇنىڭ بىرى، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم - مەرىپەت، پەن - مەدەنىيەتكە ئىگە قىلىش بولسا؛ يەنە بىرى، قولغا قورال ئېلىپ، زالىملارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە شائىرنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق بۇ خىل ئىدىيىنى خەلققە سىڭدۈرۈشتە، ئالدى بىلەن خەلققە ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىنى تونۇتۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شائىر مۇشۇ نۇقتىدا، بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان بالايىئاپەتلىرىنى، فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى

كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ زۇلمەتلىك كۈنلەرگە قېلىشنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبىنى ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلىدى ۋە بۇنداق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى، كۈرەش قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن خەلق كونا ئادەتنى قول ئۈزۈپ، ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىش لازىملىقىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى ۋە يېڭى مەرىپەت تارقىتىشتا ئۆزى باشلامچى بولدى. ئۇ، ئائىلىسىدە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەيدەر ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموۋلار بىلەن بىللە تۇرپاندا يېڭى مەكتەپ ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 30 - يىللاردا ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنى تىل، ئۇسلۇب، مەزمۇن ۋە ژانىر جەھەتتىن يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە قىلىدىغان ئاجايىپ نادىر شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شائىرنىڭ ھازىرچە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەن 60 پارچىدىن ئوشۇق شېئىرلىرى ئىچىدە «ئىستىمەس»، «باردۇر»، «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئۆزۈلمەس ئۈمىد»، «يېقىن بولدى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆڭۈل خاھىشى» قاتارلىق شېئىرلىرى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ شېئىرلار بەئەينى 30 - يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە ئەينى دەۋردىكى خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى مۇئەييەن دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدىغان ئابىدىگە ئوخشايدۇ.

شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە نەزەر سالغاندا، ئۇ، تەنقىدىي رېئالىزم ئۇسۇلى بىلەن ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ ئىللەتلىرىنى، خەلقنىڭ ئېڭىدىكى قالاقلىقنى، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، قالاق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ، دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ مەنىۋى كىشەن ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغان. شۇنداقلا گۈزەل غايە، كەلگۈسى ھايات، ھۆرلۈك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئارۇز ۋەز-

نىنى، خەلق قوشاقلىرى شەكلىنى، رۇبائىيچىلىقنى ئۆزلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، خەلقنىڭ چۆچەك، رىۋايەتلىرىدىكى ھۇما قۇشى، يالماۋۇز، پەرى، خىزىر ... قاتارلىق ئوبرازلاردىن، بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ھەمدە يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلدۇرغان، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ھاكىملىق بىلەن مەھكۇملۇق، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق، قاششاقلىق بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىك، تەقدىرچىلىك بىلەن ئىجادچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئىلغارلىققا ئىنتىلىش روھىنى توغرا نامايان قىلغان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىرەر نامايەندىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئوينىغان رولى ھەمدە يېڭى غايە — ئىدېئولوگىيىنىڭ پەيدا بولۇشىغا كۆرسەتكەن كۈچلۈك تۈرتكىسى قاتارلىقلار بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا دېموكراتىك ئىدىيىنى، ئىنقىلابىي ئاڭنى دادىللىق بىلەن ئېلىپ كىرەلىگەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىر قەدەر توغرا كۆرسىتىپ بېرەلىگەن.

خەلقتىن ئوزۇق ئېلىپ، خەلققە ئوزۇق بەرگەن ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئوينىغان زور رولى، شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۆرگىناللىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 1 - سانىدىكى ئىسمائىل تۆمۈر
تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى)

# مەمتىلى توختاجى

ئۇيغۇر ھازىرقىزامان ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر مەمتىلى توختاجى (تەخەللۇسى: «تەۋپىق» ①) 1901- يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت يېزىسىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئوغلى سەككىزياشقا كىرگەن چاغدا ئۇنى ئاتۇشتىكى تۇنجى مەكتەپ — ھەبىب زادە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەرگەن.

يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش، ئەھمەد كامالغا ئوخشاش ئۇستازلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيىسى مەمتىلى توختاجىنىڭ يېڭىچە دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ يېڭى مائارىپنىڭ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم رولىنى تونۇپ، تىرىشىپ ئىلىم - پەن ئىگىلەپ، ئۆزىنى مائارىپ خىزمىتىگە ئاتاشقا بەل باغلىغان.

1920 - ، 1921 - يىللىرى توختاجى تېۋىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىلى، بورتالا، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بارغاندا مەمتىلىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن. مەمتىلى بۇ سەپەردە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە، جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ئىڭراپ ياتقان خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تونۇشقان. ئۇ چۆچەككە بارغاندا ساتىراشلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، شۇ كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. 1924 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندە، چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان شائىر مەمتىلى «ئوقۇدى - ئاشتى» ناملىق مەرسىيىسىنى يېزىپ، «ئەخلاقىنى پۇچەك پۇلغا ساتىدىغان جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامغا بولغان ھۆرمىتى، تەزىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

«ئوقۇدى - ئاشتى» ناملىق شېئىر خەلق ئىچىگە تېز تارقىلىپ،

---

① تەۋپىق — توغرا يول تاللىغۇچى مەنىسىدە.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن ، مەمتىلى توختاجى يوشۇرۇن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان . شۇ ئىلاشقا ئۇ دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياردىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن . مەمتىلى توختاجى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر تەرەپتىن تىرىكچىلىك ئوقتى قىلىپ ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، داۋاملىق ئوقۇش ئىمكا-نىيەتلىرىنى ئىزدىگەن ۋە شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا موسكۋادا شەرق دارىلفۇنۇنىغا كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان . بىر يېرىم يىل ئوقۇ-غاندىن كېيىن ، موسكۋادىن ئايرىلىپ قارا دېڭىز بويلىرىدىكى پورتلاردا ئاشپەزلىك ، كاۋاپچىلىق قىلغان . ئۇ ئەتكەن مەززىلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەپ ، ئۇ ئېيتقان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا ئىچىكىشىپ قېلىشقان تۈركىيە پاراخوت خادىملىرى ئۇنىڭ ئىزچىل ئوقۇش ئارزۇسىغا ھېسداشلىق قىلىپ ، 1926 ـ يىلى كۈزدە ئۇنى تۈركىيىگە ئېلىپ كەتكەن .

شائىر مەمتىلى توختاجى ئىستانبولدا شىنجاڭلىق مۇساپىرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ قارا خىزمەتچىلىكىگە ئورۇنلاشقان . ئۇ ، مۇئەللىملەر دەرس ئۆتكەندە ئىشىك ، دېرىزە تۈۋىدە دەرس ئاڭلاپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ تۇرغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئىلتىماسى ۋە قىزغىنلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان مەمتىلى توختاجى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئىستانبول شەھەر ئەتراپىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن .

30 ـ يىللار شىنجاڭ تارىخىدا بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللار بولدى . قۇمۇلدىن كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى . ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر تەڭلا سەھنىگە چىقىپ ، ئىچكى ئۇرۇش ، يېغىلىقلار ئەۋج ئالدى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، دەۋر تەلىپى ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە ئويغىنىش ، يېڭى مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش دولقۇنى بارلىققا كەلدى . شائىر مەمتىلى توختاجى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى

ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن 1932 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن.

ئوت يۈرەك شائىر 1933 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۆز يۇرتى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىبات ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ناھىيىلىك مائارىپ ھەيئىتى قۇرۇپ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىشنىڭ تەشكىلىي ۋە مالىيە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان. ئارقىدىنلا ناھىيىدە ئىككى ئايلىق كۇرس ئېچىپ، 61 كۇرسانتنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا جەمئىي 24 مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. بۇ مەكتەپلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئاتۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلاش ـــ ئاقارتىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.

شائىر مەمتىلى توختاجىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىدە ناخشا تېكىستلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېزىپ ئاھاڭغا سېلىشى بىلەن «بىر ـ مۇئەللىم»، «ۋەتەن ئۈچۈن»، «قۇتۇلۇش يولىدا»، «مۇبارەك ۋەتەن»، «ئويغان، خەلق»، «قۇتۇلدۇق»، «بىز ئۇيغۇر بالىلىرى»، «ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى»، «ئەي، ئانا يەر»، «ئېرپان كۈنلىرى»، «ئەي، ۋەتەن خەلقى»، «بۇرادەرلەر»، «ئالتۇن ئۆلكە»، «قۇياش تۇغقاندا»، «باھار كەلدى»، «ئىزچىلار مارشى»، «مەكتەپ ئىرۇر»، «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ»، «تەنقىد» قاتارلىق ناخشىلار مەيدانغا كەلگەن ۋە تارقالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئويغان، خەلق»، «ئىزچىلار مارشى»، «بىز ئوقۇغۇچى». («ئوقۇغۇچىلار مارشى» دەپمۇ ئاتالغان) ناملىق ناخشىلار شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلار ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كەڭ تارقالغانىدى. شائىر «ئويغان، خەلق» ناملىق شېئىرىدا:

«ئويغان خەلق يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىن نۇرغا تولدۇر.

پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبدات،

شۇم تەقدىردىن ، قار كۈندىن بول ئازاد .

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش ، ھىممەت قىل ،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل .

دەس تۇر ئەمدى ، ئاتلان خىزمەت يولىغا ،
ھۇما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد قولىغا .»

دەپ يازغانىدى .

مەمتىلى ئەپەندى 1935 - يىلى يازدا يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ «ئىزچىلار ئەترىتى» تەشكىللىگەن . ئەترەت ئەزالىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا ماش رەڭدە بويالغان بىر خىل ئۈستى كىيىم ، ئوخشاش سومكا ئاسقان ھالدا «ئىزچىلار مارشى» نى ياڭرىتىپ پەيزىۋات ، توقۇزاق ، ئوپال ، تاشمىلىق ، يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىنى پىيادە ئايلىنىپ ، يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلغان . مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ھەرىكىتى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مىللىي قوشۇن قوماندانى ، مەرىپەتپەرۋەر مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان . مەھمۇت مۇھىتى مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە قىلىۋاتقان تىل - ھاقارەت ، ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىككى ئەسكەر ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەتىپ ، ئۇلاردىن مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان . مەمتىلى ئەپەندى بۇ خەتنى ئوقۇش يۈزىسىدىن ئاتۇش مەشھەدتە ئۇيۇشتۇرۇلغان چوڭ يىغىندا سۆز قىلىپ : «... يۇرت خەلقىنى ئاسارەتنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مۇئەللىملىك كەسپىنى ئەڭ ئۇلۇغ كەسىپ دەپ تاللاپ ئالغانمەن ، قاچاندۇر بىر كۈنى مېنى ئالتە فۇڭلۇق قوغۇشۇن ئوق ئاخىرەتكە ئۇزىتىشى مۇمكىن . لېكىن مەن ئاشۇ كۈننى كۈتىمەن . چۈنكى مەن ۋەتەن يولىدا ، مەرىپەت يولىدا ئىسسىق قېنىمنى تۆكۈشتىن زادى قايتمايمەن »① دەپ ، ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ۋە قەسىمىنى

① ئابدۇللا تالىپ : «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېرىكلار» نىڭ 117 - ، 118 - بەتلىرىگە قاراڭ .

كۆپچىلىككە جاكارلىغان.

1937 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جاللات شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق ۋەزىيىتى پەيدا قىلىپ، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى تۈرلۈك بەتناملار بىلەن باستۇردى، قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى. شۇ يىلى ئاپرېلدا مەمتىلى توختاجىمۇ دەرس ئۆتۈۋاتقان يېرىدىلا قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ياۋاغ تېرەكلىك تۈرمىسىگە تاشلاندى. شائىر تۈرمە تاملىرىنى جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس روھىنى نامايىش قىلدى. بىر شېئىرىدا ئۇ مۇنۇلارنى يازغانىدى:

«ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۈندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۆكەپ كېتەر.»

شۇ يىلى ئىيۇلدا جاللات شېڭ شىسەينىڭ قان ئىچەر غالچىلىرى قەشقەرنى تاشلاپ قاچقاندا، تۈرمىگە ئوت قويۇۋېتىپ، شائىر مەمتىلى توختاجى قاتارلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. شائىرنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ئاكىسى نىزامىددىن، ئوغلى رىشىت ۋە يەنە تۆت كىشى بىرلىكتە مەخپىي ھالدا يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى ھەمدە ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدى. دەپنە قىلغۇچىلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەينى ۋاقىتتا شائىرنىڭ قەبرىسىنى سىر قىلىپ ساقلىغانىدى. شائىرنىڭ يېرىم ئەسىر يوشۇرۇنغان قەبرىسى 1986 - يىلى ئاشكارىلىنىپ، ئۇنى قەلبىدە ساقلاپ قەدىرلەپ كەلگەن خەلقنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى. ①

شائىر مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئۆزىنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىجادىي پائالىيىتى ۋە مائارىپقا قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

---

① بۇ مەلۇمات «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 18 - سانىغا بېسىلغان زۇلپىقارنىڭ «يېرىم ئەسىر يوشۇرۇنغان قەبرە» ماۋزۇلۇق ئوچېرىكىدىن ئېلىندى.

# ئايۇپ مەنسۇرى

شائىر ئايۇپ مەنسۇرى 1902 - يىلى ياركەنت شەھرىدە تۇغۇلغان، 1918 - يىلى ھەدىسى مەپىسخان بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە كېلىپ، قورغاس مازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. ئۇ قورغاس مازاردا ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مەلۇم تىل - ئەدەبىيات بىلىملىرىگە ئىگە، ئىقتىدارلىق ياش بولۇپ يېتىلگەن. 1930 - يىلىنىڭ بېشىدا ئايۇپ مەنسۇرى غۇلجا شەھرىگە كېلىپ، دەسلەپ دوختۇرخانىدا، 1932 - يىلدىن باشلاپ «ئىلى دەرياسى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ۋە رەسساملىق جەھەتتىكى قابىلىيىتى بىلەن تېزلا تونۇلغان.

ئايۇپ مەنسۇرى 1932 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى» خىزمىتىگە قويۇلغان. ئۇ دەسلەپ كوررېكتور، تەھرىر، كېيىن گېزىت باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئايۇپ مەنسۇرى ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىلىم - ئىقتىدارى، شېئىرىيەت، يېزىقچىلىق ۋە تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قابىلىيىتى بىلەن تونۇلغان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

دەسلەپكى ئىگىلەشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئايۇپ مەنسۇرى 1932 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «كۆچ - كۆچ ھەققىدە»، «ئايخان نەزمىسى»، «سېغىندىم»، «جاھانگىرگە» قاتارلىق بىر تۈركۈم

شېئىرلارنى ، بىر قىسىم پوبلىستىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان .① بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلىنغان «بارات جەللىگۇر» ناملىق ساتىرىك ھېكايىسىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىكىنىڭ تۇنجى ئۆلگىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ .②

ئايۇپ مەنسۇرى 1940 - يىلى 4 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ ، سەبداشلىرى مەرۇپ سەئىدى ، خېلىل ساتتارىلار بىلەن بىرلىكتە 1942 - يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن .

شائىر ئايۇپ مەنسۇرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» نىڭ 1936 - يىل 14 - ئىيۇلدىكى سانىغا بېسىلغان «سېغىندىم» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۆسۈپ چوڭ بولغان يېزىسىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ ، چوڭقۇر ، قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا ، شۇ گېزىتنىڭ 1 - ئاۋغۇست سانىغا قايتا كۆ- چۈرۈپ بېسىلغان «جاھانگىرگە» ناملىق شېئىرىدا بىر ۋەتەنپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر شائىر سۈپىتىدە ، خەلقنىڭ جاھانگىرلارغا بولغان غەزەپ ۋە نەپرىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ :

«تارىخ ئوچۇق كۆرسەتتى سېنىڭ ۋەھشەتلىرىڭنى ،
بۇڭا شاھىد مىليونلاپ مەزلۇملارنىڭ قۇربانى .
سېنىڭ قانلىق قىلىچىڭ چۇشمەستىن ھېچ قىنىغا ،
دەريا - دەريا قان تۆكۈپ ۋەيران قىلدى دۇنيانى .
ساڭا لەنەت ئوقۇيدۇ ھەر بىر ھەقىقىي ئىنسان ،
تۇتار سېنى بىر كۈنى مەزلۇملارنىڭ ئاھ - زارى .»

شائىر ئايۇپ مەنسۇرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر ئەھۋاللار

---

① ئەينى مەزگىلدىكى گېزىتلەر تولۇق ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن ، شائىرنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى تولۇق ئىگىلەش مۇمكىن بولمىدى .

② مۇھەممەت پولات : «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985) ، 16 - بەت .

تېخى تولۇق ئىگىلەنمىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 1930 ـ يىللار مۇساپىسىدىكى ئورنى ۋە ئوينىغان رولىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ــ ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

# ئەھمەدى

ئەدىب ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم 1907 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىگە قاراشلىق غازكۆل يېزىسى لايلىق پاختىلىق كەنتى چىكىلىك مەھەللىسىدە خۇدابەردى ھاجىم ئوغلى ئىگەمبەردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى پازىل ئاخۇنۇمنىڭ قولىدا ئوقۇپ ئاز ـ تولا بىلىم ئىگىلىگەندىن كېيىن، قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ بۇ جەر- ياندا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ھەۋەس ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان نىم شېھىت ئارمىيە داموللام بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

ئەھمەدى 1927 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ مەكىت ناھىيىسىگە قازى بولغان. ئۇ قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار، دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن بەزى مەسىلىلەردە يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كېلىشەلمەي ئاخىرى قازىلىقنى تاشلاپ، 1929 ـ يىلى يەكەنگە بارغان ۋە ئارال قۇمباغدىكى ئابدۇلباقى ھەزرەت مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان.

1933 ـ يىلى ئاپرېلدىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ھەرىكىتىدە ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم يۇرتىغا قايتىپ، مەكىت ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپلىقىغا ئورۇنلاشقان. جاللات شېڭ شىسەينىڭ 1937 ـ يىلدىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۇنىڭ ھاياتىغىمۇ جىددىي خەۋپ يەتكەنلىكتىن، ئۇيۇشمىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، يەكەن، يېڭىسار، پەيزىۋات قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈ-

رۇشـكـە مەجبۇر بولغان . ئۇ ئىككى يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى باشتىن كـەچـۈرگەنـدىن كېيىن ، 1939 - يىلى يۇرتى مەكتتكە قايتىپ بېرىپ ، شەـ ھەر ئىـچـىدىكى ئوسمان ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە ئورۇنلىشىپ مۇدەررىسلىك قـىلغان ھەمدە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ شېئىر يـازغـان ، چەت تىللاردىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان . ئەدىب ئەھمەد قازى ئـاخـۇنـۇم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 36 يېشىدا مەكتتتە ۋاپات بولغان .

شـائـىرنـىـڭ ئـىجـادىـيىتى قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مـەزگـىـلـىـدە بـاشلانـغـان بولۇپ ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غـەزەل ، مـەسنەۋى ، مۇخەممەس ، رۇبائىيلارنى يازغان . شەيخ سەئدىنىڭ «گـۈلـىستان» ، «بوستان» ناملىق ئىككى كىتابىنى ۋە «لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نـەسـىـھـىـتـى» دېـگەن ئەسەرنى نەزمى شەكىلدە ، مەسنەۋى ئۇسلۇبتا ھازىرقـى زامـان ئۇيـغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن باشقا ، زەمەخشەرىنىڭ «نـەۋابـىـغۇل كەلىم» دېگەن كىتابىنىمۇ نەزمى شەكىلدە تەرجىمە قىلغان . ئەپـسـۇسـكـى ، شائىرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم قول يازمىـ لـىـرى «مـەدەنـىـيـەت ئـىـنـقـىلابى» ھەرىكىتىدە كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغان . سـاقـلـىـنـىـپ قـالغىنى كۆن خورۇمدا مۇقاۋىلانغان ، رەتلەنمىگەن ئىككى پـارچە دىۋانىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بىرىنچىسىدە ، ئاپتورنىڭ تىل ۋە خۇش خەت قائىدىلىرىگە دائىر ئىككى پارچە ئەسىرى ، بىر ھېكمەت ، ئالتە پارچە غـەزىلى ؛ ئىككىنچىسىدە ، مەشرەپ ، ھۇۋەيدا ، خوجا ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ شـېـئـىـرلـىـرى بىلەن ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن 19 غەزىلى ، تۆت مۇخەممىسى بار .

دىـۋانـغـا كـىـرگـۈزۈلگەن خۇش خەت نۇسخىلىرى ، خۇش خەت تـوغـرىـسـىـدىـكى قائىدىلەر ۋە بەت ئارىسىغا قىستۇرما شەكلىدە بېرىلگەن رەڭمۇرەڭ گۈل سىزمىلىرىدىن قارىغاندا ، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ خۇش خـەت ۋە رەسـسـامچىلىقكە ئىنتايىن قىزىققىنىغان ، بۇ ساھەدە بەلگىلىك ئىقـ تـىـدار ۋە ماھارەت ئىگىلىگەن ، زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەتتات ھەم رەسساملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

دىۋان ئومۇمەن ئاپتورنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ، ئەدەب ـ ئەخلاققا ، ئىشق ـ مۇھەببەتكە بولغان تۈپكى قاراشلىرى بىلەن زامانغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ ، بۇ مەزمۇنلار تاۋلانغان گۈزەل ئەدەبىي تىل ، قايناق شېئىرىي ھېسسىيات ، خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق سۈرەتتە بايان قىلىنغان .
مەسىلەن :

كېلىنچەكلار ياخشى ئوغلانلار ، ئوقۇماق خۇش سائادەتتۇر ،
خۇداۋەندىم نەسىب ئەتسە ئىلكى ئالەم شەرافەتتۇر .
كىچە ـ كۈندۈز ئەدەب بىرلە كېلىپ مەكتەپتە ئولتۇرساق ،
ئەگەر بىلسەڭ بەخت ـ ئىقبال ، سائادەتكە ئەلامەتتۇر .

بىز بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ بىلىم ئېلىش — مائارىپنى ئۇلۇغ ئىش دەپ بىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۆرىمىز .
دىۋاندا يەنە ئاپتورنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقەتى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن شېئىرلارمۇ خېلى ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى يارنى سېغىنىش تۇيغۇلىرى ، يار ۋىسالىغا يېتىش ھەققىدىكى ئارزۇلىرى چوڭقۇر ھېسسىيات ئاساسىدا ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن .
شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى ، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا مەلۇم دەرىجىدە مىستىك ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق خاھىشى ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، بۇ خىل پاسسىپ ئامىللار ئاساسەن ئاپتورنىڭ دىنىي تەربىيە مۇھىتىدا ئۇزاق مەزگىل تۇرغانلىقى ۋە ئۇ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەندۇر .
ئومۇمەن ئالغاندا ، شائىر ئەھمەدى (ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئەسەرلىرىدە ئۆزىنى شۇنداق ئاتايدۇ) ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر ، تىل جەھەتتىن گۈزەل ، ئوبرازلىق ، ھېسسىيات جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپ ، بۇ ئەسەرلەرنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ ، 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى قاتارىدا ھېسابلاشقا بولىدۇ .

# مۇھەممەد روزى

شائىر مۇھەممەد روزى داموللام (تەخەللۇسى: شەھىدى) 1907 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي بىلىمنى ئۆز يېزىسىدا ئالغان. 1918 - يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ يەكەنگە بېرىپ، 1934 - يىلىغىچە يەكەن شەھەر ئىچىدىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە مۇھەممەد سالىھ داموللام (ئەينى ۋاقىتتا يەكەننىڭ قازىسى بولۇپ، كېيىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىز - دېرىكى بولمىغان)، شائىر ھۇسەيىنخان (تەجەللى) لارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان.

شائىر 1934 - يىلى 8 - ئايدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تاغىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مەدرىس ئېچىپ، 20 نەچچە يىل داۋامىدا كۆپلىگەن تالىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ھاياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئۇ يەنە يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىگە كىرىپ تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

شائىر مۇھەممەد روزى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماھىر رەسسام ۋە ھۆسنخەت ئۇستىسى ئىدى. ئۇ يەكەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن لېنىننىڭ رەسىمىنى ئۇستىلىق بىلەن چوڭايتىپ سىزغان، «مىڭ بىر كېچە» نى نەپىس قول يازما ۋە قىستۇرما رەسىملەر بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان.

مۇھەممەد روزى 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»

ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولىمۇ زەئىپلىشىپ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋە 1978 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 71 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد روزى ئەرەب، فارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، مەشھۇر كلاسسىكلار ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىپ، ئۆز ئانا تىلى، شۇنداقلا ئەرەب، فارس تىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. شائىر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ۋە فارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «شەۋقى مەسھا — زەۋقى مەلىھا» ناملىق بىر دىۋان، ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «دىۋانى مۇھەسسە» ناملىق بىر دىۋان تۈزگەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دىۋان ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەرشىدىن راشىدىن، مەتتوختى ئابدۇۋاقى يولداشلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. شائىرنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى ئالتە غەزەل، ئۈچ مۇخەممەس، ئىككى مەسنەۋى ۋە بىر مۇرەببەدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىرقەدەر ئۇزۇن يېزىلغان. ئالايلى، شائىرنىڭ «ئەبياتى مۇخەممەس دەربەيانى ئەھۋالات» قاتارلىق بەزى شېئىرلىرى 30 نەچچە كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان.

شائىر شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئورگىناللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھەمدە ئەل ئەدەبىياتى ۋە خەلق تىلىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ماھىرلىق بىلەن تەدبىقلاشنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرى قاتارىدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا خەلق ناخشىسى مىسرالىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ:

«مەن ساڭا ئاشىق ئىرۇرمەن، سەن ماڭا مايىل ئەمەس،

سېنى دەپ قان يىغلاسام سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس.»

شائىر مۇھەممەد روزى داموللام (شەھدى) بىر شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى تۆۋەندىكىدەك مىسرالار بىلەن خۇلاسىلەيدۇ :

«ھەيا تارتىپ شەرىئەتتىن ، ئۆتەلمىدىم تەرىقىغە ،
يۇمۇپ كۆزنى ، كېچىپ جاندىن يېتەلمىدىم ھەقىقەتكە.»

# قاسىمجان قەمبىرى

قاسىمجان قەمبىرى 1910 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت ، تاشكەنت قاتارلىق جايلىرىدا ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن . ئۇ كىچىكىدىنلا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ، بولۇپمۇ ، ساز چېلىش ، ناخشا ئېيتىش ، ئەلنەغمىچىلىك ئىشلىرىغا ئالاھىدە قىزىققان ۋە تاشكەنتتىكى مەزگىلىدىلا بۇ جەھەتتە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن .

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چاغلىرىدا سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆمەر مۇھەممەدى ( 1906 — 1931 ) ، ھېزىم ئىسكەندەروۋ ( 1906 — 1970 ) لەر بىلەن تونۇشقان ۋە 30 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن .

قاسىمجان قەمبىرى 1932 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ ، ئۆزىنى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - ئاقارتىش ، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلىدى . ئۇ «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يېزىپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىش ، غەزەلخانلىق ، مەھەللىۋى سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى مەرىپەت ئىگىلەشكە ، ئىتتىپاقلىشىپ جاھالەتكە ، ئەركىسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى بەختلىك ھاياتىنى تەشۋىق قىلغان .

1934 - يىلى غۇلجىدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ قارمىقىدا «سانايى نەپىسە» (سەنئەت ئۆمىكى) تەشكىل

ئېتىلگەن . قاسىمجان قەمبىرى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە ئاساسىي مەسئۇللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ، ئۆمەكنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان ، سەنئەتچىلەر ئىقتىدارلىق رەھبەر قاسىمجان قەمبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ سەھنە سەنئىتى ماھارىتىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۆستۈرۈپ ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، ئەل نەغمە نومۇرلىرىنى ئويناشتىن پەيدىنپەي دراما ۋە ئوپېرا ئويناشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان . بۇ جەرياندا قاسىمجان قەمبىرى «پېرىخۇن» ، «يالغان تېۋىپ» ، «شانلىق غەلىبە» دراملىرىغا ، «غېرىب ـ سەنەم» ، «نۇزۇگۇم» ئوپېرالىرىغا ۋە «ئارشىن مال ئالان» كومېدىيىسىگە رېژىسسورلۇق قىلغان ، شۇنىڭدەك «زەينەپكە تۆھمەت» دراممىسىنى يازغان . ئۇ بۇ تىياتىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆزى رول ئېلىپ چىققان ۋە ئايالى رازىيە خانىمنىمۇ رول ئېلىشقا قاتناشتۇرغان .

1937 ـ يىلدىكى زور كۆلەملىك باستۇرۇش ، تۇتقۇن قىلىشتا قاسىمجان قەمبىرىمۇ قولغا ئېلىنىپ ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە تاشلانغان . ئۇ تۈرمىدە ئالتە يىلدىن كۆپرەك يېتىپ ، 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چىققان . بۇ چاغدا ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ تۈرمىدىن بوشىغان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنقىلابىي دوستلۇق ئورنىغان . ئەخمەتجان غۇلجىغا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، 1944 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قاسىمجان قەمبىرىمۇ غۇلجىغا قايتقان ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەخپىي تەييارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان .

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ، سەھىيە ، خەلق سوتى قاتارلىق ئورگانلىرىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلىگەن ، جەنۇبىي فرونت قوماندانلىق شتابى تەركىبىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان ، بۇ جەرياندا بىرقانچە قېتىم ئوردېن ، مېداللار بىلەن تارتۇقلانغان . 1946 ـ يىلى «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن قاسىمقان قەمبىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان . 1947 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمنى

يىرتىپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلغاندا قاسىمجان قەمبىرىمۇ قولغا ئېلىنىپ 1949 - يىلى 4 - ئايغىچە قەشقەر ھەربىي تۈرمىسىدە ياتقان. تۈرمىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىگە بېغىشلىغان قاسىمجان قەمبىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەت مىراسى - «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىدا تۈرتكىلىك ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

قاسىمجان قەمبىرى 1956 - يىلى 3 - مارتتا قەشقەردە ۋاپات بولدى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى 30 - يىللاردىلا جامائەتچىلىك بىلەن كۆرۈشكەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇ «پۇرسەت ساڭا» ، «ياشلىق چاغلىرىم» ، «ۋەتەن ئىشقىدا» ، «يېتىشسەم» ، «چېلىندى سازىم» ، «ھەمشىرە» ، «ئۇنتۇماسمەن» قاتارلىق جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكىلارنى يازغان بولسا، ئېلىمىز ئازاد بولغاندا، ئازادلىق تېڭىنى كۈيلەپ «تەشەككۈر» ، «ئۆلكەم» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يازدى. شائىر يازغان نۇرغۇن ناخشا تېكىستلىرى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئاھاڭغا سېلىشى بىلەن ناخشا بولۇپ، خەلق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. شائىرنىڭ «ئۆلكەم» ، «گۈل ئېچىلسا باغلاردا» شېئىرلىرى ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

# ئىبراھىم نورۇز

ئىبراھىم نورۇز ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە دېموكراتىك يۆنىلىشكە مەنسۇپ بولغان تالانتلىق شائىرلارنىڭ بىرى. شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە — مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدىكى دېموكراتىك، ئىلغار ئېقىم ئەۋج ئالغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

ئىبراھىم نورۇز 1911 ـ يىلى چىلەكتە تۇغۇلغان ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى شۇ يەردە ئوقۇغان. شائىرنىڭ ئاتا جەمەتى ئەسلى ئۇچتۇرپانلىق بولۇپ، 1884 ـ يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ چىقىپ، بايتوقاي يېزىسىنىڭ ھاكىمتام قىشلىقىدا ياشىغان. شائىرنىڭ بوۋىسى نورۇزباقى، دادىسى نەسىردىنلەر بايتوقايدا تۇغۇلغان. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ نەسەب تارىخى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىدۇ:

... ئەي ئەزىزلەر، ئىبراھىمدۇر مېنىڭ ئېتىم،
مەلۇماتىم بەكمۇ تۆۋەن، ئاجىز تېنىم.
تارىخىمنى بىلمىگەنلەر دەيدۇ «تاران»،
مۇتلەق ئۆزۈم ئۇيغۇر ئوغلى، مىسكىن يېتىم.

ئۇ بوۋامنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى غۇلجا،
ئالدىنقىلار ئۆتكەن ئىكەن ئۇچتۇرپاندا.
زالىم زۇلمى قىلغان ئۇچۇن ئەلنى ۋەيران،
تۇرالمىغان بۇ مىسكىنلەر بىر ماكاندا...

(«ئۆتمۈشلەردىن» قول يازما، 45 ـ بەت)

نـورۇز بـاقـىلار ئائىـلـىـسـى 1932 ـ يـىـلـى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تۇپرىقى شـىـنـجاڭغا ـــ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ۋە قايتىدىن بايتوقاي يېزىسىغا ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان .

ئـىـبـراھـىـم نورۇز يالغۇز تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى دراماتورگ ، رېژىسسور ، پېداگوك ۋە قىزغىن مەرىپەتچى ئىدى .

ئـىـبـراھـىـم نـورۇز 1930 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ تاكى 1969 ـ يىلغىچە 40 يىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان .

شـائـىـر شـېـئـىـرىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ ، بـەدىـئـىـي ئىجادىيەتتە ئىزچىل دېموكراتىك خاھىشنى بويلاپ ماڭغان ، شائـىـرنـىـڭ ئـىـجـتـىمائىي رېئاللىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى ، خەلق ئارزۇ ـ ئارمـانـلـىرى ۋە دەۋر ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىملىقىنى چـۈشـەنـگـەن . شـائـىـر 1942 ـ يىلى يازغان «شائىرلارغا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ :

«شائىر بولساڭ ھەقنى سۆزلە ، يالغان قاتما ،
ئابروي ئىزلەپ ، خۇشامەت قىپ ئارنى ساتما !
چىن ـ ھەقىقەت ، بىر مەسىلەكدە تۇرۇپ ئۆزۈڭ
تۈز يېتەكلە بارچە ئەلنى ، يارغا تاتما .

ئەي شائىر ، بىساتىڭدا بولسا ۋىجدان ،
توغرا سۆزنى ئات مەيدانغا ، پۇلغا ساتما !
بىر جېنىڭنى ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان ئاتاپ ،
باس ئالدىڭغا ، توغرا كەلسە ئوتتىن قايتما ! »

ئـىـبـراھىم نورۇز يەنە بەدىئىي ئىجادىيەتتە تىل سەنئىتى ۋە تەسۋىرىـي ۋاسـىـتـىلەردىن پايدىلىنىشتا ئورىگىنال ئىستىلنى شەكىللەندۈرگەن . بـولـۇپـمـۇ ، 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ ، شېئىرلىرىنى ئاممىباب خەلق تىلىدا يازغان . ئىستېمالدىن قەپقالغان ئەرەب،

فارس سۆز - ئىبارىلىرىنى قوللىنىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلانغان، ئۇنىڭ ئورنىغا شائىر خەلق قوشاقلىرى تىل سەنئىتىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىنىڭ ئاممىۋىلىقى - خەلقچىللىقىنى ئاشۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا تاراپ، ئومۇملاشقان. شائىرنىڭ 33 — 36 - يىللاردا يازغان «ئۆتمۈشلەردىن» ناملىق بىر گۇرۇپپا ۋاقىئىي شېئىرلىرىدا يۇقىرىقى ئامىللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىبراھىم نورۇز ئىجادىنىڭ يەنە بىر چوڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ 30 - ، 40 - يىللاردا يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «چېرىكلەر»، «شەن يامۇلدا»، «دەھشەتلىك كۈن»، «يولدا»، «داغ»، «شىڭشىسەي»، «تاران» قاتارلىق شېئىرلىرىدا 30 - يىللاردا باشلانغان يەتتەسۇ ئاھالىسىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ - قايتىپ كېلىشى، ئىلى يېزىلىرىنىڭ شىڭشىسەي دەۋرىدىكى قىياپىتى، «تارانچى» دېگەن نام بىلەن كېلىپ چىققان مىللىي بۆلۈنۈشى ۋەقەلىرى قاتارلىق رېئال دەۋر ھادىسىلىرى بايان قىلىنغان.

ئىبراھىم نورۇز داستانچىلىقتىمۇ ماھارەت كۆرسەتكەن شائىر ئىدى. ئۇنىڭ «سايىت باقى» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 82 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق داستانى يېڭى زامان رېئالىزملىق داستانچىلىقىدا بىر ئورىگىنال ئەسەر. بۇنىڭدا رېئال ۋەقە بايان قىلىنغان بولۇپ، ساتىرا ۋە يۇمۇر ئامىللىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئىبراھىم نورۇز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئاساسەن دراماچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ «گۈلەمخان»، «غەزەپ يالقۇنى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، سەھنىلەشتۈرگەن ھەم ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان.

شائىر ۋاپات بولۇشتىن 3 - 4 يىل ئىلگىرى قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن قول يازمىلىرىنى رەتلەپ، ئالاھىدە توپلام قىلىپ كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا «مىراس» دەپ نام قويغان. بۇ توپلامغا شائىر ئۆزىنىڭ يۈزگە يېقىن

شېئىرى ، بىر داستان ، ئون نەچچە لەپەر ۋە ئېيتىشىش قاتارلىق ئەسەرلە-رىنى جەملىگەن . بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ 1932 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە بولغان ئىجادىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىگە يېزىلىش تارىخى ھەققىدە ئىلاۋىمۇ قوشۇلغان . بۇنىڭدىن باشقا «گۈلەمخان» ، «غە-زەپ يالقۇنى» ، «خەلق ئاھىدىن نۇر» (كېيىن «بىز يېتىم ئەمەس» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ناملىق ئۈچ سەھنە ئەسىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ دەپتەرگە كۆچۈرۈپ قالدۇرغان . بۇ دەپتەرلەر شائىرنىڭ ئۆز قول يازمىسى بولۇپ ، ھازىر ئوغلى ئابدۇللام ئىبراھىمنىڭ قولىدا ساقلانماقتا .

شائىر ۋە دراماتورگ ئىبراھىم نورۇز 1970 - يىلى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولدى .

1981 - يىلدىن ئېتىبارەن ئىبراھىم نورۇزنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ ، شائىر ئىجادىنىڭ يېڭى پاكىتلىرى ۋە ئەھمىيىتى ئۆگىنىلدى .

شائىرنىڭ ئەسەرلىرى تۇنجى قېتىم «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا (1982 - يىل 4 - سان) ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۈ-دۆك» توپلىمىدا ئېلان قىلىندى .

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدىكى قادىر ئەكبەر تەييارلىغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسلىنىپ يېزىلدى)

# ئابدۇراخمان شائىر

ئابدۇراخمان چوڭاخۇن ئوغلى 1912 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىستارچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش يولىدا تىرىشقان. ئابدۇراخمان ئۆز يۇرتىدا ۋە 1928 - يىلى ئائىلىسى قاراشەھەرگە كۆچۈپ چىققاندا، شۇ يەردىكى ئابدۇكېرىم داموللام دېگەن كىشىنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي ئىلىملەرنى، ئەرەب، شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇراخماننىڭ ئائىلىسى ئاتۇشقا — ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن. 1934 - يىلى ئۇمەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى ئاچقان قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىدا ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئىلھامى بىلەن شېئىر ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ، ئۇنىڭ سەممىي ياردىمىگە ئىگە بولغان.

ئابدۇراخمان كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاستىن ئاتۇشنىڭ مىيى يېزىسىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر ۋە باش مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئۇ بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچىلار، يېزا، كەنت ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئىشتىن سىرتقى كەچكۇرسلارنى ئېچىش، چوڭلار ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرغان.

1935 - يىلى مەجىددىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى قەشقەر شەھىرى ئىزچىلىرى ئاستىن ئاتۇشنى زىيارەت قىلىپ مىيى يېزىسىغا كەلگەندە ئابدۇراخمان شائىر ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان ۋە كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا شائىر «مەرھابا» تېمىسىدا بىر غەزەل يېزىپ، دىكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ

بەرگەن :

«مەرھابا ، مېھمانى ئىزچى ئارقاداشلار مەرھابا ،
خۇش كېلىپسىز يۇرتىمىزغا ، قەدىردانلار مەرھابا .

نەچچە ئون چاقىرىم پىيادە يول يۈرۈپ ، تاغلار ئېشىپ ،
كەلدىڭىزلەر خۇش مۇبارەك ، شات قەدەملەر مەرھابا .

بەختىيارمىز شوخ ئېچىلغان يېڭى مەكتەپ گۈللىرى ،
سىزگە ھىممەت يارى بولسۇن ، قەلبداشلار مەرھابا .

ئەۋۋەلا ئاخىر غىچە بىر تەن بولۇپ كەلگەن ئىدۇك ،
كەلدى ئەمدى يېڭى پۇرسەت مېھرىبانلار مەرھابا .

بىر نىيەتتە قول تۇتۇپ ، ئەيلەشكە گۈلزار ئۆلكىنى ،
قوزغىلىپ بىز دەس تۇرايلى ، جانىجانلار مەرھابا .

ئابدۇراخمان يازدى نەزمە ئىزچى دوستلار شەنىگە ،
بىلدۈرۈپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت - ئېھتىراملار مەرھابا !»

1936 - يىلى 10 - ئايدا ئاستىن ئاتۇش ئىزچىلىرى قەشقەر شەھىرى يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى يېنىدىكى مىللەت باغچىسى قۇرۇلۇشغا (ھازىرقى دوستلۇق كىنوخانىسى قۇرۇلغان جاي) ھۇل سېلىش مۇراسىمىگە قاتناشقاندا ، ئابدۇراخمان شائىر يىغىن مۇنبىرىگە چىقىپ ، يېڭىچە مەكتەپلەرنى مەدھىيلەيدىغان 18 مىسرالىق بىر غەزىلىنى ۋە تۆت كۇپلېتلىق بىر مۇخەممەسنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرىپ ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان .

ئابدۇراخمان شائىر ئىجادىيەتتە ئۆزىنىڭ ھازىر جاۋابلىقى بىلەن تونۇلغان . 1937 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ ئاتۇش مەھشەت يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدە قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مەكتەپ

رەھبەرلىرى ، ئوقۇتقۇچىلار سۆھبەت يىغىنىدا ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى-نىڭ سۆزلىگەن نۇتقىدىن تەسىرلىنىپ ، شۇ مەيداندىلا «ۋەدە» ماۋزۇلۇق بىر غەزەل يېزىپ ، دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن :

«كۆيۈمچان ئوت يۈرەك باغۋەن چېۋەر ئۇستازىمىز بىزنىڭ ،
دىلىمدا مەڭگۈ پارلايدۇ ، ئەقىدە - مېھرىڭىز سىزنىڭ .

كى قورقۇشنى راۋا كۆرمەس ۋەتەن پەرزەنتى بولغان ئەر ،
ۋەتەن ، مىللەت باھارىغا سوقار پاك قەلبىمىز بىزنىڭ .

ئۆگەتكەن سىز ۋەتەن - ئەلنى سۆيۈش ھەركىمگە بۇرچتۇر ،
شۇڭا سىزنى قىلىپ ئۈلگە داۋاملاش ئەھدىمىز بىزنىڭ .

قۇۋۋەت بولدى بۇگۈن بىزگە سۆزىڭىز ئۆزگىچە ئىلھام ،
ئىلىم - ئىرپان يولىن بويلاپ مېڭىش چىن قەرزىمىز بىزنىڭ .

مەگەر خائىن ، مۇناپىقلار قىلىپ قەس زەھرىنى سالسا ،
پىدا ئەيلەپ بۇ جانلارنى ، يوقاتماق شەرتىمىز بىزنىڭ .

قەسەم بەر ئابدۇراخمان سەن چېۋەر ئۇستاز ھوزۇرىدا ،
ۋەتەن ، مىللەت ئۈمىدىنى ئورۇنلاش ۋەدىمىز بىزنىڭ .

1937 - يىلى ئاپرېلدا مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ، ئابدۇراخمان شائىر ئاتۇش مائارىپىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىغا بەلگىلەنگەن . شۇ يىلى 9 - ئايدا ئابدۇراخمان شائىرمۇ قولغا ئېلىنغان ۋە 1938 - يىلى ئەتىيازدا تۈرمىدە قەتل قىلىنغان .

1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاتۇش شەھىرىدىكى پېشقەدەملەردىن مىرئەھمەد سەئىد ، ئابدۇكېرىم ھاجى قاتارلىقلار ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئۇنىڭ ئون نەچچە پارچە شېئىرىنى

تېپىپ نەشرگە تەييارلىدى . ①شائىرنىڭ غەزەل ، مۇخەممەس ۋە مەس- نەۋى شەكلىدە يېزىلغان بۇشېئىرلىرى تىل ،ئۇسلۇپ جەھەتتە يېگىچە ، روشەن جەڭگىۋارلىقى ئىگە بولۇپ ، ئۇلاردا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ، 30 - يىللاردا بارلىققا كەلگەن ئويغىنىش ، مەرىپەتچىلىك ، ئاقارتىش دولقۇنى ۋە بۇ دولقۇندا بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەر كۈيلەنگەن ، شائىرنىڭ ئۆزىنى مىللەت ، خەلق خىزمىتىگە ئاتاشتەك جەسۇر ئىرادىسى نامايان قىلىنغان .

---

① 1988 - يىلى مىرئەھمەد سەئىد مىنى شائىرنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيغا دائىر بىر قى- سىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەنىدى . مىرئەھمەد سەئىد «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئابدۇراخمان شائىرنىڭ مائارىپچىلىق پائالىيىتى ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىدى ھەمدە ماقالىدە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن قىسمەن پارچىلارنى بەردى .

# ئەھمەد زىيائى

شائىر ئەھمەد زىيائى 1913 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق يېزىسىدا، دېھقان ھەم تونۇلغان دىنىي ئۆلىما موللاخۇن ھاجى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. موللاخۇن ھاجى مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىدە 12 يىل ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بىر دىنىي ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1920 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خانئېرىقتا مەدرىس قۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىگەن زات ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ئون مىڭ جىلدتىن ئارتۇق ھەر خىل كىتاب ساقلانغان.

ئەھمەد زىيائى موللاخۇن ھاجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، بالاغەتكە يەتكۈچە دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇغان ھەمدە كىچىكىدىن ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلاپ، بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆتكۈر زېھنى، ئىقتىدارى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئانا تىلى، ئەرەب، فارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، بۇ تىللاردا يېزىلغان دىنىي ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا تونۇلغان.

ئەھمەد زىيائى 1935 - يىلى 11 - ئايدا قۇتلۇق ھاجى (شەۋقى) مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىگە ئورۇنلىشىپ، ئاخباراتچىلىق سېپىگە قەدەم قويغان. قۇتلۇق ھاجى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ بۇ گېزىتنىڭ (گېزىتنىڭ نامى ئۇ چاغلاردا «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن) مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. 1943 - يىلى ئۇ بۇ گېزىتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋە

ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» گە مۇھەررىر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ بۇ جەرياندا «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق ئوپېراسىنى، «مۇھەببەت ۋە ھايات» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلغان. 1944 - يىلى 3 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ 1946 - يىلى 6 - ئايغىچە تۈرمىدە ياتقان. ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ، سودا كارۋانلىرى بىلەن لاداخقا بارغان. 1947 - يىلى ئەتىيازدا قايتىپ كېلىپ، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى بولغان ۋە 1952 - يىلغىچە شۇ گېزىتتە ئىشلىگەن. 1957 - يىلدىن 1960 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك داستانى — «قۇتادغۇبىلىك» نى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلەنگەن. 1989 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

ئەھمەد زىيائى ئون ياش ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەشق شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن، 13 يېشىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى فارس تىلىدا يېزىپ، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. 1939 - يىلدىن باشلاپ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئەپسۇسكى، رومانىنى ئەمدىلا يېزىپ تاماملاشتۇرغاندا قولغا ئېلىنىپ، ئەسىرىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەن. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن ۋاقتىدا يەنە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۈنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى، «تاڭ (قەن) پاجىئەسى» ناملىق ھېكايىنى ھەم «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا بىر قىسىم مۇھاكىمە، ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قابىلىيەتلىك شائىر، دراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە تونۇلغان.

1947 - يىل — ئەھمەد زىيائى ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى

بولۇپ، شۇ يىلى ئۇنىڭ «يار كېلۇر»، «ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلزارىنى بېزىدى، «قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە «تونۇماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق ئۈچ پارچە ئەسىرى ئارقا - ئارقىدىن بېسىلىپ چىقتى.

«تونۇماس چېچەكلەر» — شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئاخىرىغا «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى خىلمۇ خىل، تىلى رەڭدار ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇپ، شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، ھەق - ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى، پاك مۇھەببەت، سەمىمىيلىك، ۋاپا ھەم دىيانەتنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى غەزەپ - نەپرىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، شائىر شۇ توپلامدىكى «يۇرت، ئەل ئۈچۈن ...» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«يۇرت - ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.
خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.»

«لاداخ يولىدا كارۋان» — ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر 1940 - يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» — مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى پىكىر ۋە مۇھاكىمىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئەھمەد زىيائى شېئىرلىرىدىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت 1940 -

يىللاردا ئەدەبىياتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلار ئەينى يىللاردا زىيائى غەزىلىگە مۇخەممەس يازغان، نۇر مۇھەممەد ئېركى قاتارلىق شائىرلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يېزىشقان.

يېقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەھمەد زىيائى «سايرا»، «نەي ساداسى»، «ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى» قاتارلىق شېئىرلارنى، «تارىخىي مىراس — ‹ قۇتادغۇبىلىك › توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي داستانى — «رابىيە - سەئىدىن» 1985 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، ئۇ نەشرگە تەييارلىغان نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانلىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇ يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشتى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى شائىرنىڭ 1940 - يىللاردا يازغان شېئىرلىرى ۋە «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلىمى — «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى ھەمدە شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىپ تاماملىغان چوڭ تارىخىي داستانى «يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» نى نەشرگە بەردى.

# خېلىل ساتتارى

شائىر خېلىل شاتتارى 1914 - يىلى چىلەك رايونىنىڭ قارايوتا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، دەسلەپ شۇ يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن زەرۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1930 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىللە ئانا يۇرتى — ئىلىغا ئۆتۈپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارائۆستەڭ يېزىسىغا ئورۇنلاشقان.

خېلىل ساتتارى 1932 - يىلدىن باشلاپ «ئىلى دەرياسى» گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا ئاخباراتچىلىق كەسپىنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماي، يەنە شېئىر، ماقالىلەر يېزىپ، خەلقنى ئويغىتىش، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، زۇلۇم، خۇراپات - نادانلىققا قارشى تۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «ئىلى دەرياسى» گېزىتىدە 1933 - يىلى ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى» ناملىق شېئىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، 1935 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ئىككى يىللىق دەۋر» ناملىق ماقالىسى جەمئىيەتتە مەلۇم تەسىر قوزغىغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يەنە «خۇشاللىق»، «ئىلىنىڭ شوخ سۇلىرى»، «بىزنىڭ شائىر»، «مۇقەددەس كۈن»، «دۇتتارىم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان.

خېلىل ساتتارى 1936 - يىلى ئەتىيازدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى»گە يۆتكىلىپ، تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ يۈكسىلىپ، «قاچان تۈگەر»، «كەتمىگىن ياز»، «تەكەببۇر»، «بولمىسا»، «گۈلىستان»، «ئىش قەدىمىگە سالاملار»، «ئىش نۇرى» ۋە «ئوقۇغۇچى قىزغا» ئوخشاش بىر قاتار ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلىدۇ.

شائىر خېلىل ساتتارى ئۆزىنىڭ «كۆردۈڭلارمۇ» ناملىق شېئىرىدا :

«يىراقلاردىن قۇشلار كېلىپ ، باھار بولدى ، كۆردۈڭلارمۇ ؟
گۈل لېۋىگە كېپىنەكلەر كېلىپ قوندى ، كۆردۈڭلارمۇ ؟
ئېدىر ـ قىرلار قاشلىرىغا ئۇسما قويدى ، كۆردۈڭلارمۇ ؟
شوخ شامالالار ئاۋۋال كېلىپ يىزنى سۆيدى ، كۆردۈڭلارمۇ ؟»

دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ .

شائىر 1936 ـ يىل 24 ـ دېكابىردا «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» گە بې-سىلغان «ئىش نۇرى» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭىچە ئۇسلۇبنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى ياراتقان .

شائىر خېلىل ساتتارى 1940 ـ يىلى ئاپرېلدا قولغا ئېلىنىپ ، 1942 ـ يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن .

يولداش تۇرسۇن زىرىدىن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا شائىر خېلىل ساتتارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيە-تىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن سەككىز پارچە شېئىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدى .

# ئەنۋەر ناسرى

شائىر ئەنۋەر مەخپىر ئوغلى ناسرى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەنۋەر ناسرى 1914 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە، تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن پەننىي مەكتەپكە كىرىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئېغىر تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئەنۋەر ناسرى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قىلىپ، 15 يېشىدىن باشلاپلا، شەھەردىكى ئاشخانىلاردا ئوچاققا ئوت قالاپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان.

1934 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا ئەنۋەر ناسرى ئۇيۇشمىغا خىزمەتكە كىرىدۇ ۋە ئۇيۇشمىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ خىزمەتچىسى ۋە پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

1934 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ غۇلجىدا «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» چىقىشقا باشلىدى. ئەنۋەر ناسرى گېزىتخانا خىزمىتىگە كىرىپ دەسلەپ ھەرپ تىزغۇچى، كېيىن كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئەنۋەر ناسرىنىڭ ئىجادىيىتى 1935 - يىلى باشلانغان. ئۇ گېزىتخانىدىكى خىزمىتىدىن باشقا، بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، بىر تەرەپتىن ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال قاتنىشىدۇ. ئۇيۇشمىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى يويۇش ئۈچۈن جاي - جايلاردا كەچكۇرسلار ئېچىشىغا ياردەملىشىدۇ، قىرائەتخانىلار قۇرىدۇ. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ، كونسېرت نومۇرلىرىنى

تۇرۇشۇپ، رەتلىشىپ بېرىدۇ، ناخشا تېكىستلىرى يازىدۇ.

1937 - يىلىدىن باشلاپ ئەنۋەر ناسىرى غۇلجىدىكى «ياردەم مەكتەپ» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ، ئۇيغۇر تىياتىر چىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شۇ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ شائىر قاسىمجان قەمبىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ياش ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى خىزمىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيىتى 1938 - يىلى يانۋاردا ئەنۋەر ناسىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياردىمىدە يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە بولغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ل. مۇتەللىپنىڭ: «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى، ئۇ مېنى ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم قەلەم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈردى» دېگەن سۆزى تاسادىپىي ئېيتىلغان ئەمەس ئىدى.

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى 1938 - يىل ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان شېئىرلىرى — «كونا چىقىش شامىلى» ۋە «قىشقا بېغىشلاپ» نى يېزىپ ئېلان قىلدى.

«كونا چىقىش شامىلى» دا شائىر:

سالام ئۇرۇشنىڭ قانلىق سېپىدە،
كۆكرەك كېرىپ ماڭغان ئالدىغا،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلىغا!
قانلىق تۇغنى تۇتۇپ قولىدا،
ھەر قەدەمدە ئۇستۇنلۇك ئالغان
قەھرىمان سەبداش جەڭچى دوستۇمغا!

دېگەنگە ئوخشاش جاراڭلىق مىسرالار ئارقىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا

قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىلەرگە، پارتىزانلارغا بولغان سەمىمىي، قىزغىن ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنى قەتئىي قوللاشتەك ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن بولسا، سىمۋوللاشتۇرۇش ۋە رىتورىك سوئال ئۇسۇلى بويىچە يازغان «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرىدا زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە بولغان نەپرىتىنى، ئەمگەكچى خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

1942 - يىلى شېڭ شىسەي ئىنقىلابچىلارنى، ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى، باستۇردى. مىسلىسىز قاراڭغۇ زۇلمەت پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئەنۋەر ناسىرى شۇ يىللاردا يازغان بىر شېئىرىدا دۈشمەننىڭ قىيىن - قىستاقلىرى ئالدىدا باش ئەگمەي قۇربان بولغان ئىنقىلابچىنىڭ ئوبرازىنى مۇنداق ياراتتى:

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان،
تىتىلغان تەن، تۇرۇلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر 1938 - يىلى گىرىپتار بولغان ئۆپكە كېسەللىكىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرلاپ قېلىۋاتقىنىغا قارىماي، 1944 - يىلى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. ئۇ 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەمما، كېسىلى بەك ئېغىرلاپ كەتكەچكە خىزمەتنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمايدۇ. جانغا پاتقان كېسەل ئاخىرى، 1946 - يىلى 11 - ئايدا 33 ياشلىق شائىرنىڭ ھاياتىنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېلىپ كېتىدۇ.

شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئىنقىلابىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە شانلىق ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، بۇ مىراسلار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئەركىن

شېئىرىيىتىنى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرى بىلەن ئىجادىي بىرلەشتۈرۈپ يازغان ئەركىن شېئىرلىرى شائىر ئىجادىنى ئورگىناللىققا ئىگە قىلىپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك ئۆلۈش قوشتى.

# نۇر مۇھەممەت بوساقوۋپ

شائىر نۇر مۇھەممەت بوساقوۋپ 1918 - يىلى غۇلجىدا، نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاخۇن سوپۇنچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى قامدايتتى. نۇرمۇھەممەت غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆرلەپ ئوقۇش ئىستىكى بىلەن 1935 - يىلى ئۈرۈمچىگە قاراپ پىيادە يولغا چىقىدۇ. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىللا ئوقۇپ، ئاخىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋپ باسما زاۋۇتىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن، بىلىم ئېلىش تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، بىر ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىقىش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىدۇ، تەكرار مەشق قىلىدۇ. ئۇنىڭ «نۇر بوساقوۋپ» نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى 1937 - يىلنىڭ ئاخىرى «شىنجاڭ گېزىتى» يۈزىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ شېئىرلاردا بىر ۋەتەنپەرۋەر ياشنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەققانىي سادالار ئەكس ئەتكەنىدى.

1941 - يىلى ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە مۇھەررىر بولۇپ كەلگەندە ئورتاق ھېسسىيات، ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بۇ ئىككى ياشنى تېزلا ئىجىل دوست، سەبداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا ئۆگىنىپ ئىجادىيەتتە بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بولۇپمۇ، بۇ جەرياندا ل. مۇتەللىپنىڭ نۇر بوساقوۋپقا بول-

غان ئىلھامى ۋە ياردىمى زور بولىدۇ.

1942 - يىلى شېڭ شىسەي ئېلىپ بارغان تەقىپ قىلىش، تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇشتىن ئىبارەت تېررورلۇقتا قاتتىق سىقىلىشقا ئۇچرىغان نۇر بوساقوۋ 1944 - يىلى خىزمەتنى تاشلاپ غۇلجىغا كېتىپ قالىدۇ، ئۇ غۇلجىدا سوپۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ.

1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شائىرغا ئىنقىلابىي پائالىيەت ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ ئىنقىلاب قوشۇنىغا قېتىلىپ، بىر تەرەپتىن جەڭ مەيدانلىرىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنى ئىنقىلابىي سەپكە ئۇيۇشۇشقا، ئىنقىلاب يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ «بۇ نېمە دولقۇن ؟»، «ئاتلان كۈرەشكە»، «يوقالغىن پات» قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلىرىنى يازدى.

ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا شائىر نۇر بوساقوۋ گېزىتخانىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بەجانىدىل ئىشلىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئۇنىڭ ئىجادى مول ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇ «ئەسىرلەر قوينىدا تاۋلاندۇق»، «ئالغا باس»، «سۆزلە تارىخ»، «گۈدۈك»، «قەلەم» قاتارلىق شېئىرلارنى، سىياسىي - نەزەرىيىۋى، ئەدەبىي، ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە «قانلىق قىساس» ھېكايىسىنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇسلۇبقا، چوڭقۇر مەزمۇن، يۈكسەك جەڭگىۋارلىققا، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

شائىرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ يازغان «گۈدۈك» ماۋزۇلۇق شېئىرى ئۇنىڭ ئىجادىنىڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىردا كۈچلۈك دەۋر روھى، ئىنقىلابىيلىق چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر قەلىمىدىكى «گۈدۈك» — ئىنقىلاب سىگنالى، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ جاراڭلىغان خىتاب بولۇپ، ئۇ، ئىجادكار نامىنى ئەسىردىن ئەسىرگە ئۇلۇغلاپ تۇرىدۇ. «گۈدۈك» شېئىرى ئەينى ۋاقىتتىلا خەلق ئىچىگە كەڭ

تارقالدى . ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تىلىدا جاراڭلىدى :

«ئەركىن گۈدۈك، كۆكنى ياڭرات، ئازاد ئۈنۈڭ ئەرشكە يەتسۇن،
مىليونلىغان مەزلۇملارغا دەستەك بولۇپ تەسىر ئەتسۇن.
سېنىڭ ئۆتكۈر ئۈنۈڭ گويا ئالماس بولۇپ تاغنى تەشسۇن،
شۇ ئۈنۈڭدىن مەدەت ئېلىپ بەند قۇللار قولىن يەشسۇن —
قولىن يەشسۇن، ئازادلىقنىڭ يوللىرىنى قورقماي كەزسۇن.

يۈلتۇز قۇچۇپ، كۆك ياڭرىتىپ، ئەركىن گۈدۈك سىگنالىڭ بەر،
ئويغانسۇن ئۇ، دېڭىز ئوخشاش ئۇخلاپ ياتقان مىليونلاپ ئەر.
تۆكسۇن ئۇلار بەخت ئۈچۈن ھېچ ئايانماي قان بىلەن تەر،
چېلىشتا تەر تۆكۈلمەستىن ئوخشاش بولماس ھېچقانداق يەر،
قانلار تۆكۈپ بۇ دۇنيادا بوزەك ئەللەر ھايات قۇرسۇن!

ياڭرات گۈدۈك، كۆكنى ياڭرات، بوزەك ئەلگە بوپ مېھرىبان،
بوزەك ئەللەر كۆڭلى سۇنۇق، سىرلار ئاندا ھامان پىنھان.
كۆز ئاچقۇزماس ئۇلارنى ھېچ بولۇپ قامچا يىلان - چايان،
ئاما ئۇندا ئاتار بىر كۈن كۆپلەر كۈتكەن كۈچلۈك ۋولقان،
شۇ ۋولقاندا زالىم تەختى گۇمران بولۇپ كۈلى ئۇچسۇن!»

شائىر نۇر بوساقوپ يەنە ئۆزى ئىشلىگەن گېزىتتە «غىدىق» مەخسۇس ئىستوننى ئاچتى ۋە بۇ ئىستونغا خەۋەر، ماقالە يېزىپ، رەسىم سىزىپ جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىپ، ياخشى كەيپىياتنى تىكلەش يولىدا كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ يەنە ياشلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخباراتچىلىق رەسساملىق، فوتوگرافىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا شائىر چەكسىز خۇشاللىق، ھاياجان

ئىلكىدە ئازادلىق تېگىنى كۆيلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇزۇن ئۆتمەي، 1950 - يىلى 18 - دېكابىردا رەھىمسىز ئۆلۈم ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى.

شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوپ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، 1951 - يىلى ئۇنىڭ «يېگىلمەس كۈچ»ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېسىلىپ چىقتى. 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۈدۈك» ناملىق توپلامدا يەنە شائىرنىڭ تەرجىمھالى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى بېرىلدى.

ئىنقىلابىي شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوپ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا:

«قىرىسامىمۇ، ئۆلسەممۇ مەن بىللە دائىم،
ھاياتتىكى كۈرەشلەردە ئىزىم ئۆچمەس.»

دەپ يېزىپ قالدۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ كۈرەشچان روھى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# ئابدۇللا روزى

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، شائىر، دراماتورگ ئابدۇللا روزى 1919 - يىلى ئۈچتۇرپاندا كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يەتتە يېشىدىن 17 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش داۋامىدا شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. 1935 - يىلى ئۈچتۇرپاندا ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان. دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇللا روزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە كىرىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە تېزلا ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچى، ئۇستا ناتىق سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. ئۇنىڭ «ئارزۇ» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر قانچە پارچە پەلسەپىۋى - ئىلمىي ماقالىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلىدۇ. ئابدۇللا روزىنىڭ تەخەللۇسى كېيىن مەكتەپتىكى ئۇ قاتناشقان ۋە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان «ئەدەبىي سۆھبەت مۇنبىرى» ناملىق كۇرژوكنىڭمۇ نامى بولۇپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپ «تەرتىپ بۆلۈمى» تەرىپىدىن بۇ كۇرژوك «ئەكسىيەتچىل» دەپ قارىلىپ تارقىتىۋېتىلىدۇ. ئابدۇللا روزى ئوقۇشتىن توختىتىلىپ، ماناس ناھىيىسىگە ھايدىلىدۇ.

ئابدۇللا روزى ماناسقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماناس ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى باشلىقى گوچۇگخۇانىڭ ھېسداشلىقىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مۇپەتتىش، قوشۇمچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ناھىيىنىڭ

مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسە-تىدۇ ھەمدە جاھالەت ـ نادانلىققا ، ساۋاتسىزلىققا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «تۆمۈر ئاكا ئويغاندى» ناملىق درامىنى يېزىپ، سەھنىلەشتۈرىدۇ . دراما ماناستىلا ئەمەس ، ئۈرۈمچى ، قۇتۇبى ، ئالاۋۇسۇن قاتارلىق جايلار-دىمۇ ئوينىلىپ ، زور تەسىر قوزغايدۇ .

گوچۇڭخۇا 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ يۆتكەلگىنىدە ، ئابدۇللا روزىنىمۇ بىللە يۆتكەپ كېلىدۇ . ئابدۇللا روزى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مائارىپ باش مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلەپ ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە مۇئەييەن ئىلگىرىلەش بەرپا قىلىدۇ . ئۇ «ئاقسۇ گېزىتى» دە «تەلىم ـ تەربىيە ئۇچېرىكلىرى» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ ، يېڭى مائارىپ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ . بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى تەشكىل قىلىپ ، ئۆزى دەرس ئۆتىدۇ .

1943 ـ يىلى ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈ-رۈمچىدىن ئاقسۇغا پالىنىپ كېلىدۇ . ئورتاق ئىنقىلابىي غايە ، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان غەيرەت ـ شىجائەت ، قىزغىنلىق ئابدۇللا روزى ، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنى ئىنقىلابىي دوست ، سەبداشلارغا ئايلاندۇرىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇللا روزى «ئۆگەي ئانا» درامىسىنى يېزىپ ، مەكتەپتە سەھنىلەشتۈرىدۇ . بۇ دراما ئاقسۇدا ۋە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ناھىيىلەردە ئوينىلىپ ، زور تەسىر قوزغايدۇ .

ئابدۇللا روزى بىر قىسىم شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرى يازغان ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان . ئۇ تېكىستنى يازغان «بىلىم بېغىدا» قاتارلىق ناخشىلار ئوقۇغۇچىلار سۆيۈپ ئېيتىدىغان جەڭگىۋار مارشقا ئايلانغاندى . ئۇ يەنە «ئاقسۇ گېزىتى» دە «ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» ، «كەلپىن ۋە دولان شېۋى-لىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى ، « 〈لەيلى ـ مەجنۇن 〉 ئوپېراسى سەھنىدە ئوينىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن» ناملىق ئوبزورىنى ئېلان قىلدى .

ئۇ ل . مۇتەللىپ بىلەن ھەمكارلىقتا يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ قالغانىدى .

ئابدۇللا روزى شۇ يىللاردا ئاقسۇدا قۇرۇلغان «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ، ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ ، ۋەتەننىڭ ئازادلىق يولىدا ھارماي - تالماي كۆرەش قىلدى . ئەپسۇسكى ، 1945 - يىلى ئۇ ئىنقىلابىي سەپداشلىرى مۇنىرىدىن خوجا ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، بىلال ئەزىزىلەر بىلەن بىللە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، شۇ يىلىنىڭ 18 - سېنتەبىردە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى . ئۇ شۇ چاغدا 26 ياشتا ئىدى .

ئابدۇللا روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ، يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىغا قوشقان مۇناسىپ تۆھپىسى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ .

# مۇھەممەد ئىمىن توختايوۋ

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد فوتوگراف، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا رومان ژانىرىنى تۇنجى قېتىم ئېلىپ كىرگەن يازغۇچى مۇھەممەد ئىمىن توختايوۋ 1920 - يىلى قەشقەردە، بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئېچىلغان فوتوگرافلار كۇرسىدا ئوقۇغان ۋە 1942 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە خىزمەت قىلغان. 1943 - يىلى ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. 1945 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ قەشقەرگە قايتقان. 1946 - يىلى شاڭخەيگە بېرىپ كىنو فىلىملىرىنى سۈرەتكە ئېلىشنى ئۆگەنگەن. شاڭخەيدىن قايتىپ شىنجاڭ ياشلار ئانسامبىلىدا خىزمەت قىلغان. 1948 - يىلى شياڭگاڭغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. شياڭگاڭدىن قايتىپ، شاڭخەيدىكى «تەڭرىتاغ رەسىملىك ژۇرنىلى» ئىدارىسىدە بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان. 1951 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەربىي رايون كىنو ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان. 1969 - يىلى ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىمىن توختايوۋ 1945 - يىلى قەشقەردىكى مەزگىلىدە «قانلىق يەر» ناملىق رومانىنى يازغان. ئەينى ۋاقىتتا شياۋيۇئەن ئەپەندى بۇ رومانىنىڭ بەزى بابلىرىنى كۆرۈپ، تۈزىتىش پىكرىنى بەرگەن ھەمدە رومانىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرماقچى بولغان. ئۇ رومانىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان بولسىمۇ، نەشر قىلدۇرالماي قالغان. 1950 - يىلى رومانىنىڭ بۇ تەرجىمىسى غەربىي - شىمال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر

قۇرۇلىيتىنىڭ كۆرگەزمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى «غەربىي - شىمال ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى (كېيىن «يەنخې دەرياسى» غا ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ باش مۇھەررىرى خۇسەي رومانىنىڭ بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى ژۇرنالدا ئېلان قىلماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ رومان مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1951 - يىللىق 4 - دىن 9 - گىچە بولغان ئالتە سانىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان.

يازغۇچى مۇھەممەد ئىمىن توختايوۋنىڭ «قانلىق يەر» رومانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى بىر مۇھەببەت، ئائىلە پاجىئەسى تەسۋىرلىنىدۇ. رومان ۋەقەلىكى قەشقەرنىڭ قىزىلدۆۋە دېگەن يېرى ۋە موزدۇرنىڭ ئوغلى سادىق بىلەن گۈزەل قىز رەنا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى مەركەز قىلىپ قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا باينىڭ ئوغلى قادىرنىڭ يامان نىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر چېكىپ، ئاخىرى يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ بىر - بىرى بىلەن قوشۇلغانلىقى، قارا نىيەت قادىرنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ياردىمىدە سادىقنى تۈرمىگە سولاتقۇزغانلىقى ھەمدە سادىقنىڭ تۈرمىدە ئۆلگەنلىكى، ئېرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغان رەنانىڭ ئېرىنى ئىزلەش داۋامىدا ھېسابسىز رىيازەت چېكىپ، ئاخىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

يازغۇچى مۇھەممەد ئىمىن توختايوۋنىڭ مەزكۇر رومانى ئەينى ۋاقىتتىلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رومانچىلىقىنىڭ تۇنجى مېۋىسى ھېسابلىنىپ، دىققەت - ئېتىبارغا ئىگە بولغان. رومانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىغان بولسىمۇ، خەنزۇ تىلىدىكى نەشر نۇسخىسى قايتىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1992 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

# بىلال ئەزىزى

ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان جەڭگىۋارلىققا ۋە مۇئەييەن بەدىئىي
قىممەتكە ئىگە شېئىرىي ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبى-
ياتى سەھىپىسىگە ئۆز نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەر ،
ئىنقىلابىي شائىر بىلال ئەزىزى 1921 - يىلى خوتەندە ، بىر مەرىپەتپەرۋەر
ئۆزبېك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى .

بىلالنىڭ ئاتىسى نامرات بولسىمۇ ، ئوقۇمۇشلۇق ، موللا كىشى
بولغىنى ئۈچۈن ، ئۆز پەرزەنتىنىڭ بىلىم ئىگىلەپ ياراملىق ئادەم بولۇشى
يولىدا كۆپ كۈچ چىقاردى . بىلال ساۋاتىنى ئائىلىسىدە چىقارغاندىن
كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدى . ئۇ چاغدىكى دىنىي مەكتەپلەردە نەۋائىي ،
لۇتفى ، نەۋبەتى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ رەسمىي
دەرس قاتارىدا ئۆتۈلەتتى . كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن
تونۇشۇش ئۇنىڭدا كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسنى يېتىلدۈردى .
ئۇ 15 يېشىدىلا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەشىق شېئىرلىرىنى يېزىشقا
كىرىشكەنىدى .

1936 - 1937 - يىللاردا خوتەندە يۈز بەرگەن ئۇرۇش پاراكەندىچى-
لىكى بېسىققاندىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش ،
خوتەندىمۇ مەدەنىي ئاقارتىش ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دولقۇنى بارلىققا
كەلدى ، مائارىپ ، مەدەنىيەت ، مەتبۇئات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى ،
«خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىپ ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تەشۋىقاتى
يولغا قويۇلدى . بىلال ئەزىزى 1939 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېچىل-
غان 2 - نۆۋەتلىك دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىدا ئوقۇدى ۋە كۇرسنى

پۇتتۇرگەندىن كېيىن «خوتەن گېزىتى» دە كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بو-لۇپ ئىشلىدى .

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش ، بىلىمنىڭ قەدىر - قىممىتى تېمىسىدا بولۇپ ، ئۇ 1936 - يىلى يازغان «مەك-تەپ» دېگەن شېئىرىدا :

«مەكتەپ دۇنيا زىننىتى ،
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى ،
جاھاندا بار ھۆرمىتى ،
قەدرى - قىممەتتۇر مەكتەپ .»

دەپ ، مەكتەپنى «مەدەنىيەتنىڭ مەيدانى» ، «تەرەققىيات باھارى» ، «چوڭ سائادەت» دەپ ئۇلۇغلىدى . شائىرنىڭ 1938 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە خو-تەندە يازغان ۋە ئېلان قىلغان شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ، مەدەنىي ئاقارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگونى ئازاد قىلىش ، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئازادلىقى ۋە ھوقۇقى تېمىسىدا يازغان «بىرلىك» ، «گۈزەل شىنجاڭ» ، «ئوقۇش بىلەن» ، «كۈرەش بىلەن» ، «ئاپرېل قىزىغا» ، «ئانا بىلەن قىز» قاتارلىق شېئىرلار بولۇپ ، بۇ شېئىرلار خوتەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى فېئودالىزمنىڭ مۇدھىش ئاسارىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇر-غان .

1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بىلال ئەزىزى ئۈرۈمچىگە چىقىپ ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى . بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆلكىلىك ساقچى كادىرلار مەكتىپىگە ئېلىنىپ ، ئۇ مەكتەپتە 1943 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇدى .

بىلال ئەزىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنقىلابىي دوستلۇق ئورنىدى . ل . مۇتەللىپ قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ياشلار بىلەن تونۇ-

شـۇش ، شۇنداقلا ، ئەينى يىللاردىكى رەھىمسىز ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلال ئەزىـزىـنـىـڭ ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ۋە يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى . ئۇ- نـىڭ شېئىرلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ، قاراڭغۇ زۇلمەتكە بولغان ئىـسـيـانـكـارلـىق روھى ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنىنىڭ ئازادلـىـقـىـغـا بـولـغـان ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى . شـائىرنىڭ شۇ يىللاردا يازغان «ۋەتەن خىسلەتلىرى» ، «ۋەتەن ئۈچۈن» ، «يـولـدىشىمغا» ، «قەرزىمىز» ، «مۇستەھزات» ، «گۈلۈمگە» ، «زىبائى غەزەـ لـىـگـە مـۇخـەمـمەس» ۋە «غەزەل» قاتارلىق شېئىرلىرى شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ .

1943 - يـىلىنىڭ ئاخىرىدا بىلال ئەزىزى ئاقسۇغا بېرىپ ، كونىشەھەر نـاھـيـىـلـىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ . ئۇ ئاقسۇغا ئۆزىدىن بۇرۇنراق كـەلگەن ل . مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ ، جاپالىق ئىنقىلابىي كۈرەش پائا- لىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . شائىر ئىجادىيىتىدىكى يېڭى يۈكسىلىشنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان «كۆكۈل» ، «مارت شامىلىغا خىتاب» ، «نېمە بولدى» ، «يـىـللارغـا سـوئال» ، «بـۇرادىـرىڭگە» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى شۇ يىللاردا ، ئاقسۇدا يېزىلغاندى .

1944 - يـىـلـى غـۇلـجـىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايـەت ئـىـنـقـىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ، شائىرنىڭ قەلبىدىكى زۇلۇمغا ، تـەڭسىزلىككە ، جاھالەتكە قارشى غـەزەپ ئـوتـى تېخىمۇ يالقۇنجىدى . ئۇ ل . مـۇتەللىپ ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىق ياشلار بىلەن بىرلىكتە ، «ياش ئۇچقۇنلار ئـىـتـتـىـپـاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا يېقىندىن قاتناشتى ۋە بۇ تـەشـكـىلاتـنـىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . لـۇتـپـۇللا مـۇتـەللىپ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار دوستى بىلال ئەزىزنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مۇۋەششەسىنى بىلال ئەزىزگە ئاتىغان ھەمدە ئۇنـىـڭ «يـىـللارغا سوئال» ناملىق شېئىرىنىڭ ماۋزۇسىغا مۇشائىرە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر شېئىرى — «يىللارغا جاۋاب» نى يازغانىدى .

بـىلال ئەزىـزى تـەشـكـىلاتـتـىـكـى ئۆز سـەپداشلىرى بىلەن بىللە قـورالـلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە گومىنداڭ ئەكسىـ

يەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى ۋە 1945 - يىلىنىڭ 18 - سېنتەبرىدە ئىنقىلابىي دوستلىرى ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

شائىر بىلال ئەزىزى 25 يىللا ئۆمۈر كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىدا ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا راۋان، يەڭگىل يېزىلغان بولۇپ، ئۆز بەدىئىيلىكى بىلەن 40 - يىللار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى خەزىنىسىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى شەكلىدە — بارماق ۋەزنى بىلەن يازدى، شۇنداقلا، كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مۇستەھزاد قاتارلىق شەكىللىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى يېڭى پىكىر، يېڭى ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن جۇلالاندۇردى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى «بىلال ئەزىزى شېئىرلىرى» نامىدا شائىر شېئىرلىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇق توپلىمىنى نەشر قىلدى.

# ئەمەت غوپۇری

شائىر ئەمەت غوپۇری 1921 ـ يىلى ئاقسۇ ناهىيىسىدە هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان . مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، 1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەنگە تەقسىم قىلىنىپ ، خوتەن ناهىيىلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان . 1945 ـ يىلى باھاردا ۋاپات بولغان .

ئەمەت غوپۇرىنىڭ ئوقۇشقا كەلگەن ۋاقتى شىنجاڭدا ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئىدىيە تارقىلىشقا باشلىغان ، يېڭى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ، شۇنداقلا ، يېڭى دېموكراتىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى . بۇ خىل ۋەزىيەت ياش ئەمەت غوپۇرىدا ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسنى ئويغىتىدۇ . ئۇ سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە ئېلىمىز ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ . ئۇنىڭ ئەدەبىيات سېپىگە كىرىشىدە ساۋاقداشلىرى ل . مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى ۋە تەسىرىمۇ خېلى زور بولىدۇ . نەتىجىدە ئۇ 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شېئىر ئىجادىيىتىگە قەدەم قويىدۇ . ئۇنىڭ «يانمايمىز» دېگەن شېئىرى تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىدۇ .

شائىر ئەمەت غوپۇرىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا فاشىزمغا ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى قوغداشقا چاقىرىش ئاساسي تېما قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ «يانمايمىز» ناملىق شېئىرىدا ۋە 1942 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «كۈرەش سۆبھىسى» ، «غەلىبە ــ بەختىمىز» قاتارلىق

شېئىرلىرىدا مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەنىدى . بۇ نۇقتا شائىر ئەمەت غوپپۇرنىڭ بىر ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

1942 - يىلى شىڭ شىسەي يۈرگۈزگەن تېررورلۇقتا ئىلغار شائىر ئەمەت غوپپۇرمۇ تەقىپ قىلىشقا ئۇچرايدۇ . ئۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە ھەيدىلىپ ، گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشايدۇ .

ياش شائىر ئەمەت غوپپۇرى قاتمۇ قات نازارەت ، تەقىپ قىلىشلار ئاستىدىمۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئىنقىلابىي شېئىرلىرىنى يېزىشنى ، ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى توختاتمايدۇ . ئۇ خوتەنگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يازغان «قەلەم» سەرلەۋھىلىك شېئىرىغا :

قەلەم مېنىڭ قورالىم ،
نەيزە بىلەن تەڭ .
قەلەم تۇتۇپ قىلىمەن ،
دۈشمەن بىلەن جەڭ»

دېگەن مىسرالارنى تىزىپ ، ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس روھىنى ئىپادىلەيدۇ .

شائىر خوتەن قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە يەنە «ئۆمۈر نايابپ» ، «مارت قىزىغا» ، «يادىكار» قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەر-دىن كېچىپ ، پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ، تەڭلىك ، باراۋەرلىك غايىلىرىنى ، ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بې-غىشلاش ئىرادىسىنى مەردانە جاكارلايدۇ .

شائىر ئەمەت غوپپۇرنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان شېئىرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۈدۈك» توپلىمىغا كىرگۈ-زۈلدى .

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ چۇنجى رايونى (ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونى) چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1931 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىلىغا ئۆتۈپ ، نىلقا ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان . لۇتپۇللانىڭ دادىسى ھېزىم قوشۇمچە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىقى ۋە دىنىي ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن «ھېزىم موللا» دەپ ئاتالغان . لۇتپۇللانىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى «لۇتۇن» بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا بۇ ئىسمنى تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن .

لۇتپۇللا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بەش يېشىدىلا ساۋاتىنى چىقارغان . باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاۋۋال چۇنجىدا ، كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇپ تاماملىغان . 1936 - يىلى غۇلجىدىكى رۇس گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ ، رۇس تىلىنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماستىن ، رۇس ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشقان . گىمنازىيىدىكى ئوقۇش ھاياتى داۋامىدا ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن . بىلىمى چوڭقۇرلاشقان .

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1937 - يىلدىن باشلاپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى سېپىگە قەدەم قويدى . 1938 - يىلى ئەينى ۋاقىتتا «ئىلى گېزىتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ، «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى

بولۇپ ئىشلەۋاتقان شائىر ئەنۋەر ناسىرى بىلەن تونۇشۇش ل . مۇتەللىپ-نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى . ئۇ ئىجادىيەتتىن باشقا «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ قىزغىن قاتنىشىپ جەمئىيەتتە تېزلا تونۇلدى .

ل . مۇتەللىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن يىللار ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايغان مەزگىل ئىدى . ۋەتەن ۋە خەلق تەقدىرىگە كۆيۈنگەن ياش شائىر شۇ يىللاردا «جۇڭگو» ، «چوڭ كۈرەش قوينىدا» ، «جانان ئەيلەر» ، «بۇ مىنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» ، «جۇڭگو پارتىزانلىرى» ، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى» ، «كۈرەش» ، «خەلقىمگە» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ، ۋەتەنىنىڭ ، خەلقىنىڭ ئازادلىققا بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىنى ، ياش ئەۋلادلارنىڭ يېڭىچە ئىنقىلابىي روھتا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن زور ئىشلار قىلىپ بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىدى . ل . مۇتەللىپ ئۆز ئىجادىنىڭ 1 - دەۋرى بولغان 1937 — 1939 - يىللاردىلا ئۆزىنىڭ تالانتلىق بىر ياش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ مەيدانغا چىققانىدى .

ل . مۇتەللىپ 1939 - يىلى كۈزدە گىمنازىيىنى پۈتتۈرۈپ ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ، ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت مەركىزى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلدى . ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى — چېن تىەنچىيۇ ، ماۋزېمىن ، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار ، ماۋدۇن (شېڭ يەنبىڭ) قاتارلىق ئىلغار يازغۇچىلار ئۈرۈمچىدە زور تەسىرگە ئىگە ئىدى . بۇ يەردىكى دارىلپۈنۇن ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يەنئەندىن كەلگەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار دەرس ئۆتەتتى . «شىنجاڭ مەدەنىيەت ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى» سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئازاد رايونلاردىن كەلتۈرگەن كۆپ مىقداردىكى ئىلغار كىتاب ، دەرسلىك - ئوقۇشلۇقلار ،

گېزىت ـ ژۇرناللار زىيالىيلار ، ئوقۇغۇچىلار ، تەرەققىيپەرۋەر ، ئىلغار كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى ئىدى . گېزىت ـ ژۇرناللاردا ، مەرىپەت مۇنبەرلىرىدە ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى دەل فاشىزمغا ، فېئودالىزمغا ۋە جاھالەتكە قارشى قارىتىلغانىدى . ل . مۇتەللىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىردى . ئۇ مەكتەپتە غەيرىتى تولۇپ تاشقان ، تىرىشچان ، روھلۇق ـ جۇشقۇن بىر ياش سۈپىتى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تونۇلدى . ئۇنىڭ ئىلھام بۇلىقىدىن قايناپ چىققان «قىزىل گۈلگە پۈركەنگىچە يەر ـ جاھان» ، «ئازادلىق تويى» ، «باتۇر يىللار» ، «جۇڭگو قىزى رەيھانىنىڭ مارت شامىلىغا بۇيرۇقى» ، «مۇخەممەس» ، «ماي ناخشىسى» ، «كەل يېڭى يىل» ، «چوڭ قەھرىمان ئويغاندى» قاتارلىق ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئارقىلىق تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا تارقالدى . ئۇ بۇ شېئىرلىرىنى ئۆز ئىجادىي ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ھالدا ، «قاينام ئۆركىشى» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلدى . شائىر يەنە «يېتىپ بارىدۇ» ، «ئازادلىق — كۈرەش» قاتارلىق بىر مۇنچە ناخشا تېكىستلىرىنىمۇ يازدى . بۇ تېكىستلەر ئاھاڭغا سېلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلار مارشى سۈپىتىدە ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە جاراڭلىدى .

ل . مۇتەللىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى يىللا ئوقۇيالىدى ، 1941 ـ يىلى يازدا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە تەرجىمان بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدا بولدى . ئۇنىڭ بۇ سەپىرى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇلارنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشى ، جەمئىيەتنى ئۆگىنىپ ، نەزەر ۋە بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش يولىدىكى بىر چوڭ ئىجتىمائىي مەكتەپ بولدى . ئۇ بۇ سەپىرىدە قەشقەردە «دوستۇمغا» ، «چىمەنگۈل سەھنىدە» قاتارلىق شېئىر ۋە ئوبزورلارنى يېزىپ «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلدى .

جەنۇب سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، 1942 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە خىز-

مەتكە بەلگىلەندى . بۇ چاغدا گېزىتخانىدا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار كۆچىلەرنىڭ تەسىرى زور بولۇپ ، گېزىتخانا باشلىقى ۋە باش مۇھەررىر كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئىدى . ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە تەسىرى ئاستىدا ل . مۇتەللىپ سىياسىي ـ ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىدى ، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى . ئۇ گېزىتتە «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىنى تەشكىل قىلىپ ، بەدىئىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ، ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ، يېتەكلەش جەھەتلىرىدە كۆپ خىزمەت ئىشلىدى ، ئۇنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلغان «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن» ، «ماي ـ كۈرەشچان ئاي» ، «يانار تاغلار» ، «تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» ، «ياشلىق ، ئۆگەن» قاتارلىق شېئىرلىرى ؛ «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ۋە پارلاق» قاتارلىق فېلىيەتون ، نەسىرلىرى ؛ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانى ھەمدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر بىر يۈرۈش پوبلىستىك ماقالىلىرى ئەنە شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇپ ، بۇ ئەسەرلەر كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى .

ل . مۇتەللىپنىڭ ئۆزۈمچىدىكى ئىجادىي ھاياتىدا دراما ئىجادىيىتىمۇ مەلۇم سالماق تۇتىدۇ . ئۇنىڭ سەككىزگە يېقىن دراما ، ئوپېرا ۋە كومېدىيە يازغانلىقى مەلۇم ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە ئېنىق بولغىنى ، «چىن مودەن» دراممىسى ، «كۈرەش قىزى» ئوپېراسى ۋە «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» كومېدىيىسىدىن ئىبارەت . ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىر ئۆمىكى شائىرنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەيدانلىرىنىڭ بىرى ئىدى ، ئۇ بۇ ئۆمەكنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە تولۇق قاتنىشىپ ، ئۇنىڭ كونسېرت ، دراما نومۇرلىرىنى تولۇق كۆرەتتى ھەمدە تونۇلغان دراما تەقرىز ـ تەنقىدچىسى سۈپىتىدە ، «سەنئەت خۇمارى» تەخەللۇسى بىلەن ئۆز ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ «تىياترىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى» ، «سەنئەتكە مۇھەببەت» ناملىق ئىلمىي ـ پوبلىستىك ماقالىلىرى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا يېزىلغان بولۇپ ، بۇ ماقالىلەر شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىياترچىلىقى تەرەققىياتىدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمە

يەتكە ئىگە بولغاندى.

1943 - يىلى شىڭ شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئىنقىلابقا قارشى تەتۈر ئېقىم قوزغىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى، ئىنقىلابىي، ئىلغار زىيالىيلار تۇتقۇن قىلىندى، نەزەربەند ئاستىغا ئېلىندى، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە تونۇلغان تالانتلىق ياش ئىنقىلابىي شائىر ل. مۇتەللىپمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ تەھرىرلىك خىزمىتىدىن چەتلەشتۈرۈلدى، تىياتىرخانىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئامىمىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى مەنئى قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ يىلى 9 - ئايدا «خىزمەت يۆتكەش» باھانىسى بىلەن ئاقسۇغا ھەيدەلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆرۈمچىدىكى ئىلغار كۈچلەردىن يىراقلاشتۇرماقچى، ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى سۇندۇرماقچى بولغاندى. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، ل. مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدىكى مەزگىلى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ جۇشقۇن، ئىنقىلابىي، سەمەرىلىك يىللار بولدى. ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش راسا كەسكىنلەشكەن بۇ يىللاردا ئۇ ئاقسۇدا خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى سۈرگۈن قىلىنىپ شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى ۋە ئابدۇللا داۋۇت قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇ ئەنە شۇ ئىلغارلار سېپىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى بىر جەڭچى ئىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قەتئىي قوللىغان ۋە گومىنداڭ ئەسكىيەتچىلىرىگە قارشى ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارغاندى. ئۇ «ئاقسۇ گېزىتى» دە «جەنۇب شاملى» ئەدەبىيات بېتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەر سانىدا دېگۈدەك ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇردى. ئۇ 1944 - يىلى يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرى «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» دە شائىرغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق

خەلقنى «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» قىلىشقا چاقىرغان بولسا ، 1944 ـ يىلىنىڭ يېڭى يىلىدا ۋە 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرى يازغان ، ئىجادىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «يىللارغا جاۋاب» ، «خىيالچان تىلەك» شېئىرلىرىدا كۈرەش ــــ ھاياتنىڭ مەنبەسى ، كىشىلىكنىڭ ئالىي خىسلىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ، ئازاد رايونلار ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىن ئىبارەت «يورۇق بۇرجەكلەر» دىن خەلققە بېشارەت بېرىپ ، ئۆزىنىڭ خەلق ئازادلىقى يولىدا يەڭ تۈرۈپ مەيدانغا چىققانلىقىنى جاكارلىدى .

ئۇ ئاقسۇدا يەنە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن قاتنىشىپ بەزى دراما ، ئوپېرالارنى يازدى ، سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشتى ۋە رېژىسسورلۇق قىلدى ، بەزى تىياتىرلاردا ئۆزى رول ئېلىپ چىقتى ، ناخشا تېكىستلىرى يازدى ، دېكوراتسىيەلەرنى ئىشلىدى . مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا خالىس تەربىيىچى بولدى ، ئۇلارغا ناخشىلار ئۆگەتتى . قىسقىسى ، ئۇ ئاقسۇغا كەلگەن چېغىدا ئېيتقان : «بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز ــــ مەنسەپ ، شۆھرەت ئەمەس ، پەقەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ» دېگەن سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشتى .

ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ ، دېھقانلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا ، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ، ل . مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى قولغا ئېلىنىدى . 1945 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى مۇز داۋان ئارقىلىق ئۆتۈپ ، ئاقسۇغا ھۇجۇم باشلىغاندا ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شائىرنىڭ تۈرمىدىكىلەرنى تەشكىللەپ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ ، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شائىرنى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تالانتلىق شائىرى ، جەڭگىۋار ئوغلى لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالدى .

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ 23 يىللىق قىسقا ئۆمرىدە پەقەت توققۇز يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ، ئۇ بۇ قىسقىغىنا ۋا-

قىت ئىچىدە ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ۋەتىنى ، خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتتى ، 15 يېشىدىلا ئەدەبىياتقا قەدەم قويغان بۇ ياش تالانت ئىگىسى ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنى يۈزەكىيلىكتىن چوڭقۇرلۇققا ، ئابستراكىتلىقتىن كونكرېتلىققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىجادىيەت يولىنى ئاچتى . ئۇ بارماق ۋەزىن ۋە چاچما شېئىردىن ئىبارەت ئەركىن شەكىلنى تاللاپ ئېلىپ ، ئۇنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈردى ، شېئىرنىڭ تۈپ ئاملى بولغان تىل ۋاسىتىسىنى قوللىنىش جەھەتتە يېڭىچە ئەدەبىي تىلدا يېزىشنى ئاساس قىلىپ ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ساپ ، ساددا ، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى . بولۇپمۇ ، شائىر هاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانت ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانىدى .

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، ھەقىقەتەنمۇ ، 40 ـ يىللار ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى جەھەتتىن ، ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-نىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ .

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى شائىرنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە ئىنقىلابىي قۇربان ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى ، جۇملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . 1956 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شائىرنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى ؛ شۇ يىلى يەنە بېيجىڭ يازغۇچىلار نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا «مۇ-تەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» توپلىمىنى چىقاردى ؛ 1959 ـ يىلى ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى توپلىمى» غا كىرگۈ-زۈلدى ، كېيىن بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئېنگلىز ، فرانسۇز تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى 1981 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى شائىرنىڭ «ل . مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» ناملىق توپلىمىنى ئۇيغۇر تىلىدا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلدى ؛ 1982 ـ يىلى 4 ـ

ئايدا جوڭگو ياشلار نەشرىياتى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرىنىڭ تولۇقلانغان توپلىمى» نى نەشر قىلىپ، بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئالتە پارچە شېئىرىنى كىرگۈزدى؛ 1983 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى — «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى.

# بىبلىئوگرافىيە

ئاپتوردىن : مەزكۇر ئەسەر 1988 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىرقانچە يولداشنىڭ شۇ ژۇرنالنىڭ «بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز» ، «ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى» سەھىپىسى ئاستىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلاش ۋە ئۇلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى سىستېمىسىغا سېلىپ ، مەخسۇس بىر ئەسەر قىلىپ ئىشلەپ چىقىش ھەققىدىكى تەكلىپى بويىچە قولغا ئېلىنغانىدى . بۇ ئىلمىي ئىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى ۋە ئاكادېمىيە مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . مەن بۇ ئەسەرنى تەييارلاشتا ، ئالدى بىلەن ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ ، شۇ ژۇرنال سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن بىر قىسمىنى ئاساس قىلىشقا ۋە ماقالە تەييارلىغان ئاپتورلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى ئىمكانقەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم (ئاساسلانغان ماقالىلەر ئايرىم ئىزاھلاپ قويۇلدى) ، كۆپ قىسىم ماقالىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلاندىم . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرگە ؛ توپلامغا كىرگەن ئەدىبلەرنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ؛ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش يولىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت كۆرسىتىپ ، دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر ، نەشرگە تەييارلىغۇچى ، تەھرىر سۆزلىرىگە ، شۇنداقلا ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا

ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «ئىلى دەرياسى» ، «يېڭى قاشتېشى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ، «تۇرپان» ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ ، ئۇلاردىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە پايدىلاندىم . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن مەزكۇر ئەسەرنى ئىشلەپ چىقىش داۋامىدا ئاساسلانغان ۋە پايدىلانغان ئەسەرلەر ، ماقالىلەر ئاپتورلىرىغا سەمىمىي مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن .

ئاساسلانغان ، پايدىلانغان ئەسەر ۋە ماقالىلەر مەزكۇر بىبلىئوگرافىيىدە كۆرسىتىلدى .

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى : «شېئىرىي مەكتۇپلەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىل 1 - سان .

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مەھمۇد زەيىدى ، مەھمۇد ئەكبەر ، ئىسمائىل تۆمۈرى . ش خ ن ① 1986 - يىل .

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى) . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئىمىنجان ئەخمىدى ، ئىسمائىل تۆمۈرى . ش خ ن 1988 - يىل .

ئابدۇرەھىم نىزارى : «نىزارى داستانلىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : تېيىپجان ئېلىيوپ . ئابدۇقەييۇم خوجا ، ئىسرائىل يۈسۈپ ، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن . ب م ن 1985 - يىل .

ئا . نىزارى : «دەھرۇننەجات» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . ق ئۇ ن 1988 - يىل .

ئا . نىزارى : «پەرھاد - شېرىن» ش خ ن 1980 - يىل .

ئا . نىزارى ، نورۇز ئاخۇن زىيائى : «چاھار دەرۋىش» . نەشرگە

---

① بىبلىئوگرافىيىدە قىسقارتىلغان سۆزلەر : « ب م ن »— بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ؛ « ش خ ن » — شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ؛ « ش م ن » — شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ؛ « ش د ن »— شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى ؛ « ش ي ن »— شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ؛ « ق ئۇ ن »— قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى .

تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۇسۇپ. «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 ـ يىل ئومۇمىي 14 ـ سان.

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا». «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 1 ـ سان.

ئا. ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە ــ ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1983 ـ يىل 2 ـ سان.

ئا. ئۆتكۈر: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ». «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

ئا. ئۆتكۈر: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى». «تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىل 8 ـ سان.

ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى». «قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان. 1982 ــ 1984 ـ يىللار.

ئا. سابىت: «ئەھمەدى غەزەللىرى ھەققىدە». «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سان.

ئا. سابىت: «موللا مۆمىن يەركەندى». «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1987 ـ يىل 6 ـ سان.

ئابدۇرەشىت ئىسلامى: «تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ــ ‹كىتابى غەرىبى›». «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 ـ يىل 1 ـ سان.

ئا. ئىسلامى: «شائىر مەھزۇن». «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 1 ـ سان.

ئا. ئىسلامى: «ئۇيغۇر شائىرى تەجەللى ھەققىدە». «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 1 ـ سان.

ئابدۇرەقىپ تۆمۈر: «ھاپىزھاجى شېئىرلىرى توغرىسىدا». «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1983 ـ يىل 3 ـ 4 ـ سان.

ئا. تۆمۈر: «هاپىزهاجى». «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 10 - سان.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1983 - يىل 2 -، 3 - سانلار.

ئا. تۇردى: «موللابىلال نازىمى». «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 3 - سان.

ئا. تۇردى: «ئاياز شىكەستە». «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 3 - سان.

ئا. تۇردى: «تەجەللى»، «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 5 - سان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى». ش خ ن 1986 - يىل.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيتى ھەققىدە». «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىل 4 - سان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ۋە 〈 تارىخىي رەشىدىي 〉». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 - يىل 3 - سان.

ئابدۇقادىر داموللام: «مۇخەممەسلەر». «نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەجەپ يۈسۈپ. «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىل 1 - سان.

ئابدۇقەييۇم خوجا: «دۆلەت ئەربابى ۋە ئەدىب تونيوقۇق». «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 1 - سان.

ئا. خوجا: «شائىر ئاپرىنچور تېكىن»، «ئەبۇ نەسىر فارابى». «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 3 - سان.

ئا. خوجا: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «مەھمۇد قەشقەرى». «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 4 - سان.

ئا. خوجا: «ئەھمەد يەسسەۋى»، «ئەھمەد بىنىنى مەھمۇد يۈكنەكى». «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 5 - سان.

ئا. خوجا: «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان»، «قىدىرخان ياركەندى»،

«مەلىكە ئامانىساخان» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 10 - سان .

ئا . خوجا : «نۆبىتى» ، «قىسۇرى» ، «قەلەندەر» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 12 - سان .

ئا . خوجا : «ئابدۇرەھىم نىزارى» ، «زىيائى » ، «غەرىبى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 1 - سان .

ئا . خوجا : «موللا شاكىر» . «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 2 - سان .

ئا . خوجا : « موللا مۇسا سايرامى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1987 - يىل 4 - سان .

ئابدۇللا تالىپ : «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار ». «ش خ ن 1987 - يىل .

ئابدۇللا بىننى شېرىپ :« دىۋانى خەستە». نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا.«بۇلاق»مەجمۇئەسى 1983 - يىل ئومۇمىي 9 - سان .

ئابدۇللا ھاپىز : «يۇسۇپ - زۇلەيخا» . ش خ ن 1985 - يىل .

ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى : «تەجەللى - مۇجەللى» . ق ئۇ ن 1984 - يىل .

ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى : «مەۋلانە ھۇسەيىن تەجەللى» . « بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 - يىل ئومۇمىي 18 - سان .

ئابدۇسەمەت ئىسمائىل : «شائىر موللا سەئىدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1983 - يىل 3 - سان .

ئابد قۇمۇلى : « ‹دىۋانى ئابد › تىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 - يىل 4 - سان .

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى ، ئابدۇرازاق توختى : «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» . ش خ ن 1991 - يىل .

ئابلىز مەمتىلى ئورخۇن : «مىرزا شاھ مەھمۇد جوراسىنىڭ ئۈچ پارچە تارىخىي ئەسىرى ھەققىدە» . «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1993 - يىل 1 - سان .

ئابلىمىت روزى : «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارىخىي قىسسە ــ 〈 ئۆكتۈلمىش ئوغلى جانبېكنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى 〉 ۋە فرانسۇز تىلىدىكى رومان ــ 〈 كۆك موگۇلدا كۆك بايراق 〉 » . «قەشـقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 ـ يىل 1 ـ سان .

«ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچى موللا شاكىر» . «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 3 ـ سان .

«ئاتايى غەزەللىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : قۇربان بارات . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 ـ يىل 1 ـ سان .

ئاياز شىكەستە : «جاھاننامە» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇـشۈكۈر تۇردى . ش خ ن 1985 ـ يىل .

ئامانبېك جەلىلوپ : «خۇشھال غەرىبى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار» . تەييارلىغۇچى : نەبىجان تۇرسۇن . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 1 ـ سان .

«باياز» (توپلام) . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مەتقاسىم ئەكرەم ، مۇھەممەتئىمىن تۇردى . خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان . 1988 ـ يىل .

«بىلال ئەزىزى شېئىرلىرى» . ش خ ن 1981 ـ يىل .

پەرىدە ئىمىن : «ئۇلۇغ خەلقپەرۋەر شائىر موللا پازىل» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 1 ـ سان .

«تارىخىي مىراس ــ 〈 قۇتادغۇبىلىك 〉 توغرىسىدا بايان » (جەمئىي ئۆت توپلام) . ق ئۇ ن 1985 ــ 1989 ـ يىللار .

«تەجەللى شېئىرلىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سان .

تېيىپجان ئېلىيۇپ : «ئەلىشىر نەۋائى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 9 ـ سان .

توختاخۇن ناسىرى : «ئەنۋەر ناسىرىنى ئەسلەپ» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 2 ـ سان .

تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى : « 〈 كىتابى غەرىب 〉 تىن پارچىلار» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . «بۇلاق»

مەجمۇئەسى 1985 ـ يىل ئومۇمىي 16 ـ سان .
تۇرسۇن زىرىدىن : «شائىر ۋە ژۇرنالىست نۇربوساقوپ» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 3 ـ سان .
تۇرسۇن زىرىدىن : «شائىر ھەمرا بارات (كاتىپى)» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 2 ـ سان .
جاپپار ئەمەت : «ئەمەت غوپۇرى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 5 ـ سان .
خىۋىر تۆمۈر : «ئابدۇقادىرى داموللا ھەققىدە قىسسە» . ش ي ن 1990 ـ يىل .
«خىرقىتى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 11 ـ سان .
خوجا ئەھمەد يەسسەۋى : «دىۋانى ھىكمەت ». نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىجات مۇخلىس . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 ـ يىل ئومۇمىي 14 ـ سان .
خوجا جاھان ئەرشى : «دىۋانى ئەرشى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987 ـ يىل ئومۇمىي 21 ـ سان .
خوجا جاھان ئەرشى : «غەزەللەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئەھمەد ھىمىت ، ئابلەت ئابلىز . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 4 ـ سان .
«خوجا سىدىق فۇتۇھى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەھىم سابىت . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 2 ـ سان .
«خۇشھال غەرىبى شېئىرلىرىدىن » . نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىن . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 1 ـ سان .
«ھاپىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدا» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 2 ـ سان .
«ھاپىزھاجى شېئىرلىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەقىپ تۆمۈر . «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 3 ـ سان .
ھاجى ئەھمەد : «دېڭىز ئۈنچىلىرى» . ق ئۇ ن 1983 ـ يىل .

ھاكىم جاپپار : «مەرىپەت يۇلتۇزى — مەرۇپ سەئىدى» . «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» 34 ـ توپلام . ش خ ن 1993 ـ يىل .
ھەببۇللا ئىبلى ھىلىمھاجى ئوغلى : «ئۇيغۇر شائىرى سېيت مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ 〈 شەرھى شكەستە 〉 ناملىق ئەسىرى ھەققىدە» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 2 ـ سان .
«ھۇسەيىنى غەزەللىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇكېرىم مەخسۇت . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 2 ـ سان .
« 〈دىۋان قىدىرى 〉 نىڭ مۇقەددىمىسى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەمتىمىن يۇسۇپ . ق ئۇ ن 1986 ـ يىل .
دىلبەر دورغا : «مەزلۇملار ئاھى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : غەيرەت ئوسمان . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 ـ يىل 2 ـ سان .
رەجەپ يۇسۇپ : «ئابدۇقادىر داموللام» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 1 ـ سان .
رەشىت رەھمەتى ئارات : «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» . ئەنقەرە 1965 ـ يىل .
روزى سايىت : «مىرھەسەن سەدائى توغرىسىدا» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 2 ـ سان .
زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر : «بابۇرنامە» . ب م ن 1992 ـ يىل .
«زەلىلى دىۋانى » . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىمىن تۇرسۇن . ب م ن 1985 ـ يىل .
سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر : «دىۋانى ناقىس» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : غولام ئەبەيدۇللا . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 ـ يىل 3 ـ سان .
سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر : «دىۋانى ناقىس» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ياسىن ئىمىن ، توختى تۇراخۇن . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان .
سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر : «گۈلزارى بىنىش» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەتتۇردى مىرزئەھمەد . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ

يىل 4 ـ سان .

ساۋۇت سوپى : «شائىر موللا بىلال بىننى موللا ئىمىنىنىڭ ‹ دىۋان ئەلى › ناملىق شېئىرىي قول يازما دىۋانى» . «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 3 ـ سان .

ساۋۇت سوپى : «قوي ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە شېئىر توغرىسىدا» . «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1983 ـ يىل 1 ـ سان .

سەدائى : « ‹ دىۋان سەدائى › دىن تاللانمىلار» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : روزى سايىت . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 ـ يىل 2 ـ سان .

«سەدائى شېئىرلىرىدىن» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 2 ـ سان .

«سەككاكى غەزەللىرىدىن تاللانما» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : خوجەخمەت يۇنۇس . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 2 ـ سان .

سەلاھى : «گۇل ۋە بۇلبۇل» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 ـ يىل ئومۇمىي 15 ـ سان .

«سەيفى سەرايى ئەسەرلىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 3 ـ سان .

سەئىد ئەھمەد : «تەئەششۇقنامە» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەزىز ئېلى . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 1 ـ سان .

شاھ مەھمۇد جوراس : «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» . پارسچىدىن ھەبىبۇللا ئېلى تەرجىمە قىلغان . ق ئۇ ن 1988 ـ يىل .

شاھ مەھمۇد جوراس : «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» . شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى ، تارىخىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى تەييارلىغان شافىگراف نۇسخا . 1960 ـ يىل .

شاھ مەھمۇد جوراس : «ئالتىشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» . «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 1 ـ سان .

«شائىر خېلىل ساتتارى شېئىرلىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن زېرىدىن . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 2 ـ سان .

«شائىر قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەتقاسىم ئەكرەم ، مۇھەممەتئىمىن تۇردى «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 3 ـ سان .

«شائىر ئەھمەدشا قارىقاشى» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 2 ـ سان .

شەرىپىدىن ئۆمەر : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ش خ ن 1981 ـ يىل .

ش . ئۆمەر : «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» . ش ي ن 1988 ـ يىل .

شېرىپ خۇشتار : «قاسىمجان قەمبىرى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1988 ـ يىلى 3 ـ سان .

غەيرەتى : «خوپمۇكىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 2 ـ سان .

غەيرەتجان ئوسمان : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» . ش د ن 1987 ـ يىل .

غولام ئەبەيدۇللا : «ئەدىب ناقىسنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 4 ـ سان .

قادىر ئەكبەر : «ئىبراھىم نورۇز ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 4 ـ سان .

ق . ئەكبەر : «شائىر ئابدۇللاھاپىز ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 4 ـ سان .

ق . ئەكبەر : «لۇتپۇللا مۇتەللىپ پوئېزىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» . «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 4 ـ سان .

ق . ئەكبەر : «ئابدۇللا هاپىز» . «تارىم» ژۇرنىلى 1987 ـ يىل 11 ـ سان .

ق . ئەكبەر : «ئىبراھىم نورۇز» . «تارىم» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 4 ـ سان .

قاسىم ئارىشوۋ : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 - يىل ئومۇمىي 19 - سان .

«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» . تۈزگۈچىلەر : ئابدۇقەييۇم خوجا ، تۇرسۇن ئايۇپ ، ئىسراپىل يۈسۈپ . ش خ ن 1983 - يىل .

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ مايتىرى سىمىت › » . تەتقىق قىلغۇچىلار : ئىسراپىل يۈسۈپ ، ئابدۇقەييۇم خوجا . دولقۇن قەمبىرى . ش خ ن 1987 - يىل .

«قەلەندەر غەزەللىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : تېيىپجان ئېلىيۇپ . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 - يىل 1 - سان .

فۇتۇھى : « ‹ دىۋانى فۇتۇھى › دىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇقەييۇم خوجا ، ئابلەت ئابلىز . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىل 2 - سان .

گەدائى : «شېئىرلار» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھەسەن سېلىم . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىل 4 - سان .

«گۇدۇك» (توپلام) . ش خ ن 1983 - يىل .

ئەبۇ نەسىر فارابى : «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا» . «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي» ژۇرنىلى 1982 - يىل 2 - ، 4 - سان .

ئەبۇ نەسىر فارابى : «پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا» . «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىل 3 - سان .

ئەبۇ نەسىر فارافى : «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە» . «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 3 - سان .

ئەبۇ نەسىر فارابى : «شېئىر كىتابى» . «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 2 - سان .

ئەھمەد يەسسەۋى : «دىۋان ھېكمەت» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىجات مۇخلىس . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 - يىل ئومۇمىي 14 - ، 16 - سانلار .

ئەھمەد خوجامنىياز قىسۇرى : «زەۋزەتۇز زۇھرا» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىمىن سەيپۇللا . ق ئۇ ن 1990 - يىل .

ئەھمەدشا قارىقاشى : «مېۋىلەر ۋەسفى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : خوجەخمەد يۇنۇس . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىل 2 - سان .

ئەھمەدشا قارىقاشى : «سالامىنامە» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇردى سامساق . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 - يىل 1 - سان .

«ئەھمەدشا قارىقاشىنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسىرى — ‹ مېۋىلەر مۇنازىرىسى › » . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1982 - يىل 2 - سان .

ئەھمەد قازى : «غەزەللەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەھىم سابىت . 1986 - يىل ئومۇمىي 18 - سان .

ئەھمەد زىيائى : « ‹زەپەرنامە › داستانى توغرىسىدا» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 - يىل 1 - سان .

ئە . زىيائى : «رابىئە - سەئدىن» . ب م ن 1985 - يىل .

«ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» . ش خ ن 1987 - يىل .

ئەھمەدى : «سازلار مۇنازىرىسى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇر-سۇن ھامىت . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 - يىل 1 - سان .

ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇت يۈكنەكى : «ئەتەبەتۇلھەقايىق» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : خەمىت تۆمۈر ، تۇرسۇن ئايۇپ . ب م ن 1980 - يىل .

ئەرشىدىن تاتلىق : «موللا شاكىر» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 - يىل ئومۇمىي 8 - سان .

«ئەسىرلەر ساداسى» (توپلام) . قازاقىستان دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى 1963 - يىل .

ئەلىشىر نەۋائى : «مەھبۇبۇلقۇلۇب» . ق ئۇ ن 1990 - يىل .

ئە . نەۋائى : «فەرھاد - شىرىن » . نەشرگە تەييارلىغۇچى : رەھ-مىتۇللا جارى . ش ي ن 1991 - يىل .

ئە . نەۋائى : «لەيلى - مەجنۇن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ت . ئېلىيوپ . ش ي ن 1991 - يىل .

ئە . نەۋائى : «سەددى ئىسكەندەر» نەشرگە تەييارلىغۇچى . قۇربان بارات . ش ي ن 1991 - يىل .

ئە . نەۋائى : «سەبئەئى سەييار» نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئىسراپىل يۈسۈپ ، ئابدۇقەييۇم خوجا . ش ي ن 1991 - يىل .

ئە . نەۋائى : «ھەيرەتۇل ئەبرار» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . ش ي ن 1991 - يىل .

ئە . نەۋائى : «غەزەللەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ت . ئېلىيوپ . ش خ ن 1982 - يىل .

ئە . نەۋائى : «مەجالسۇن نەفائىس» . قول يازما .

ئە . نەۋائى : «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : خەمىت تۆمۈر ، ئابدۇرۇپ پولات . ب م ن 1988 - يىل .

ئە . نەۋائى : «مەنتىقۇتتەير» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەھىم توختى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 - يىل 2 - ، 3 - سان ، 1983 - يىل ئومۇمىي 9 - سان .

ئە . نەۋائى : «مەسنەۋى ۋە رۇبائىلار» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ياسىن ئىمىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 - يىل ئومۇمىي 12 - سان .

«ئەلىشىر نەۋائىنىڭ فەردلىرىدىن» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1983 - يىل 6 - سان .

ئەنۋەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» . ب م ن 1991 - يىل .

ئېلى ئېزىز : «ئابدۇللا روزى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1988 - يىل 5 - سان .

ئى . سەيدۇللايېۋ : «مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەخلاقىي - دىداكتىك مىراسى» . تەييارلىغۇچى : رازىيە ئىمىن . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىل 2 - سان .

ئىبراھىم مەشھۇرى : «دىۋانى مەشھۇرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەتىمىن يۈسۈپ . ق ئۇ ن 1985 - يىل .

«ئىبراھىم نورۇز شېئىرلىرىدىن» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى

1981 ـ يىل 4 ـ سان .
ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى : «شېئىرلار» نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت ئەھەت . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 3 ـ سان .
«ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : گېڭ شىمىن ، تۇرسۇن ئايۇپ . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 2 ـ سان .
ئىسراپىل يۈسۈپ : «پىرتانىراكشت» .« سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ » . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 2 ـ سان .
«ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرى» نەشرگە تەييارلىغۇچى : م . جاۋار . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 ـ يىل ئومۇمىي 19 ـ سان .
«ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مەتقاسىم ئەكرەم ، تۇرسۇننىياز كېرەم . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 3 ـ سان .
ئىسمائىل تۆمۈرى : «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» . «تارىم» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 1 ـ سان .
ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى : «ماقالات» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 ـ يىل ئومۇمىي 12 ـ سان .
ئىمىن سەيپۇللا : «شائىر قىسۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا» . «تۇرپان» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 3 ـ سان .
يى . ئە . بېرتىلىس : «ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ 〈 ھىببەتۇلھەقايىق 〉 داستانى» . تەييارلىغۇچى : ھەبىبۇللا ئېلى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 3 ـ سان .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى . ب م ن 1984 ـ يىل .
لۇتفى : «گۈل ۋە نەۋرۇز» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : رەھمىتۇللا

جارى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 1 ـ سان .
«لۇتفى غەزەللىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئەسقەر ھۇ-سەيىن ، ھاجى ئەھمەد ، ۋاھىتجان غوپۇر . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 ـ يىل 1 ـ سان .
«لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» . جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى تۈزگەن . ش خ ن 1982 ـ يىل .
«لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان شېئىرلىرى» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىل 4 ـ سان .
مەجلىسى : «سەيفۇلمۇلۇك — بەدىئۇلجامال» . نەشرگە تەييارلى-غۇچىلار : جۇنەيد بەكرى ، ئابدۇۋايىت روزى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 ـ يىل ئومۇمىي 15 ـ سان .
مەھزۇن خوتەنى : «دىۋانى مەھزۇن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 1 ـ سان ، 1982 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان .
«مەھزۇن خوتەنى غەزەللىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرەشىت ئىسلامى . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 4 ـ سان .
مەھەممەد چاۋار : «ئىسمائىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 2 ـ سان .
مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن : «رەبغۇزى» ، «لۇتفى» ، «ئاتائى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 6 ـ سان .
مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن : «سەككاكى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 7 ـ سان .
مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت : «شائىر موللا سالىھ توغرىسىدا» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987 ـ يىل ئومۇمىي 21 ـ سان .
مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت : «يېڭى تېپىلغان بۈيۈك مىراس» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 1 ـ سان .
مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان گۇرۇپپا نەشرگە تەييارلىغان . ش خ

ن 1980 ـــ 1984 ـ يىللار .

«مەھمۇد قەشقەرى» (ماقالىلەر توپلىمى) . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر . ق ئۇ ن 1985 ـ يىل .

مەھمۇد زەيىدى : «نەمەت خەلپەت» . «تارىم» ژۇرنىلى 1987 ـ يىل 12 ـ سان .

مىرزامۇھەممەد ھەيدەر : «تارىخى رەشىدى» («ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللار تارىخى». ش خ ن (خەنزۇچە نەشرى) 1983 ـ يىل .

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ : «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك شائىرى گۇمنام» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 ـ يىل ئومۇمىي 18 ـ سان .

مىرئەھمەد سىيىت : «شائىر تەۋپىق» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 3 ـ سان .

مىرئەھمەد سىيىت : «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاتاقلىق تەرغىباتچىسى ـــ ئابدۇراخمان شائىر «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 4 ـ سان .

مەمتىمىن خۇدابەردى : «موللا مۇھەممەد نىيازى» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 ـ يىل 2 ـ سان .

موللابىلال بىننى موللا يۈسۈپ : «غەزەلىيات» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مۇھەممەتخان كامالى ، تۇرسۇن زىرىدىن . ش خ ن 1987 ـ يىل .

موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ : «غەزەلىيات» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1983 ـ يىل ئومۇمىي 9 ـ سان .

موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ : «نۇزۇگۇم» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 1 ـ سان .

موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ : «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئۆمەر ئوسمان . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 2 ـ

سان .
مـوللا پـازىـل : «لەيلى ۋە مەجنۇن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : رە-
جەپ ئىمىن . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىل 1 - ، 2 - سان .
مـوللا تـوخـتـى : «ئەرزىـيـەت» . نـەشرگە تەييارلىغۇچى : نىجات
مۇخلىس . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 - يىل ئومۇمىي 14 - سان .
مـولـلا هـەيـدەر : «مـىـسـكىن شېئىرلىرىدىن» . نەشرگە تەييار-
لىغۇچى : قادىر بۇلاق . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 - يىل 1 - سان .
مـوللا سـالـىھ : «سالىھى شېئىرلىرىدىن» . نەشرگە تەييارلىغۇچى :
قادىر بۇلاق . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987 - يىل ئومۇمىي 21 - سان .
«مـوللا سـەئىـدۇللا شـېئىرلىدىن» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى
1983 - يىل 3 - سان .
مـوللا سىدىق يەركەندى : «نەسرى مىرزامۇھەممەد هۇسەيىن بەگ»
دىـن — «سـەددى ئىـسـكـەنـدەر» . نـەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم
خوجا . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 - يىل ئومۇمىي 12 - سان .
مـوللا سـىدىق ياركەندى : «پەرھاد ۋە شىرىن» . نەشرگە تەييار-
لىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 - يىل 3 - ،
4 - سان ، 1990 - يىل 1 - سان .
مـوللا شـاكـىر : «زەفەرنامە» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 - يىل 2 -
سان .
مـوللا قـۇربـان : «مـەسـنـەۋى ۋە مـۇخـەمـمـەسـلـەر» . نـەشـرگە
تـەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن مىرزىئەخمەت . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 -
يىل 4 - سان .
مـوللا ئىـسـمـەتـۇللا مـوللا نـىـمـە تـۇللا مـۆجـىـزى : «تـەۋارىـخى
مـۇسـىقىيۇن» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئەنۋەر بايتۇر ، خەمىت تۆمۈر .
ب م ن 1982 - يىل .
مـوللا مـىرسـالـىـھ كـاشـغـەرىـي : «چـىـڭـگـىـزنامە» . نەشرگە
تەييارلىغۇچى: هاجى نۇرهاجى . ق ئۇ ن 1985 - يىل .
مـولـلا مـۇسـا سـايـرامـى : «تارىخى ھەمىدى» . نەشرگە تەييار-

لىغۇچى : ئەنۋەر بايتۇر . ب م ن 1989 ـ يىل .
مـولـلا مـۇسـا سـايـرامـى : «تـارىـخـى ئەمـىـنـىـيـە» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت زۇنۇن . ش خ ن 1989 ـ يىل .
«مـوللا مۇسـا سـايـرامى شېئىرلىدىن تاللانما» . نەشرگە تەييارلىغۇچـى : ئەنـۋەر بـايـتـۇر . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 ـ يىل ئومۇمىي 15 ـ سان .
موللا مۇھەممەد نىيازى : « داستانى مەنسۇر» . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 ـ يىل 2 ـ سان .
مـوللا نـىياز : «دىۋانى نىيازى» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ۋاھىتجـان غـوپـۇر ، ئەسـقـەر ھۇسـەيىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1983 ـ يىل 10 ـ سان .
مـوللا نـىياز : «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : مـەمـتـىـمىن خۇدا بەردى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 ـ يىل ئومۇمىي 11 ـ سان .
موللا نىياز : «ئەرزنامە» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سان .
مـوللا نـىياز : «شېئىرلار» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : قادىر بۇلاق . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 4 ـ سان .
مـۇھەممەد روزى ئاخۇنۇم : «شەھىدى شېئىرلىرى» . نەشرگە تەييـارلـىغۇچى : ئەرشىدىن راشىدىن ، مەھەممەتتوختى ئابدۇۋاقى . «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىل 1 ـ سان .
مـۇھەمـمـەت رەسۇل شەۋقى : «دىۋانى شەۋقى » . نەشرگە تەييارلـىغـۇچـىلار » نـىـمـەتـۇللا ئەبـەيـدۇللا ، ھەبـىـبۇللا مۇھىدىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987 ـ يىل ئومۇمىي 20 ـ سان .
مـۇھەمـمـەت زۇنـۇن سـىـدىق ، ئابدۇقادىر بۇلاق : «ئۇيغۇر ئالىمى مـۇھەمـمـەد سـىـدىـق بـەرشـىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى — 〈 سىدىقنامە 〉 توغرىسىدا . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سان .
مـۇھەمـمـەد بـىننى ئابدۇللا خاراباتى : «مەسنەۋى خاراباتى » . نە-

شرگە تەييارلىغۇچى : ئىزىز ساۋۇت . ق ئۇ ن 1985 ـ يىل .
مۇھەممەدسادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان». نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: نىجات مۇخلىس، شەمشىدىن ئەمەت. ق ئۇ ن 1988ـ يىل .
م . س . قەشقەرى : «غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئا . مۇھەممەتئىمىن . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1984 ـ يىل ئومۇمىي 14 ـ سان .
م . س . قەشقەرى : «غەزەللەر» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئا . سابىت . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1986 ـ يىل ئومۇمىي 19 ـ سان .
«مۇھەممەد سىدىق زەلىلى» . «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 11 ـ سان .
مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى ھىرقەتى : «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكامە» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : رەھمىتۇللا جارى . ش خ ن 1982 ـ يىل .
نەسرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رەبغۇزى : «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» . ق ئۇ ن 1982 ـ يىل .
نەسرىددىن رەبغۇزى : «قىسسەسۇل ئەنبىيا» . ق ئۇ ن 1988 ـ يىل .
نەۋبەتىي : «دىۋانى نەۋبەتى» . نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، قۇربان بارات. «بۇلاق»مەجمۇئەسى 1982ـ يىل 3ـ سان.
نىزامىددىن ھۇسەيىن : « ‹زەپەرنامە › داستانى توغرىسىدا» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 1 ـ سان .
نورۇز ئاخۇن زىيائى : «مەسئۇد ـ دىلئارا» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : رەھمىتۇللا جارى . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 ـ يىل 2 ـ سان .
ن . زىيائى : «ۋامۇق ـ ئۇزرا» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسرائىل يۇسۇپ . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1982 ـ يىل 3 ـ سان .
ن . زىيائى : «بەھرام ـ دىلئارام» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابـ

دۇقەيیۇم خوجا . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1983 - يىل ئومۇمي 10 - سان .
«نۇر بوساقۇپ شېئىرلىرىدىن» . «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1980 - يىل 3 - سان .
نۇر مۇھەممەت زامان : «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لىكسىيىلەر» . شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسى باستۇرغان . 1983 - يىل .
ن . زامان : «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) . ش م ن 1988 - يىل .
ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۆسىين : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ب م ن 1987 - يىل .
ۋ . غوپۇر : «نەۋائى ۋە ئۇنىڭ 〈 مەھبۇبۇلقۇلۇب 〉 ناملىق ئەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» . «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 3 - ، 4 - سان .
ۋ . غوپۇر : «سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېگىسارى (ناقىس) ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا» . «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمي ژۇرنىلى» 1984 - يىل 4 - سان .
«ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (1 - ، 2 - ۋە 3 - توملار) . ئۆزبېكىستان «فەن» نەشرىياتى 1977 - يىل .
ئۆمەر باقى ياركەندى : «پەرھاد - شىرىن» . «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - ۋە 5 - سانلار .
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر». ش خ ن 1980- يىل.
«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2 - توم) . ش م ن 1993 - يىل .
«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» . قازاقىستان «نائۇكا» نەشرىياتى 1983 - يىل .
«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» (ماقالىلەر توپلىمى) . ب م ن 1982 - يىل .
«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» . ش خ ن 1989 - يىل .
«ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرى» . نەشرگە تەييارلىغۇچى : قاھار بارات . «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1983 - يىل ئومۇمي 10 - سان .

责任编辑:阿布都肉苏里·吾买尔
编辑:阿布都秀库尔图尔地
封面设计:刘培琴
责任校对:帕丽丹·艾莉

维吾尔文学史上的代表人物(维吾尔文)
伊明江·艾合麦提 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路庐 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行 新疆人民出版社微机室排版
新疆乌苏县印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.75 印张 2 插页
1996 年 4 月第 1 版 1996 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN7—228—03889—4/I·1438 定价:12.50 元